4 ـ پەسىل

## ئۆزبېك ۋە قازاق ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھازىر ئۆزبېك (ئۆزبەك) ۋە قازاق دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان تۈرك قوۋملىرى،گەرچە بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئاھالىدىن بولماي غەربىي تۈركىستان ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى بىزنىڭ مۇزاكىرە ۋە بايانلىرىمىزدا ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربى ۋە شىمالىدىكى قوشنىلىرىمىز ۋە تۇغقانلىرىمىز بولغانلىقلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخىمىز ئورتاق دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇكىتابىمىزدىمۇ بولار ھەققىدەكۆپ بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھىم بىر تارىخىي ھەقىقەت مۆھتەرەم كىتابخانلارنىڭ مەلۇماتى ئىچىدا قالمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن، بۇ ئىككى نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بۇ ئىسىم بىلەن تونىلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ تارىخچىسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم.

### ئۆزبېك

بەزى ياۋروپالىق يازغۇچىلار ۋە ئۆزبەكلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە سۆز ئاچقان بىرقىسىم شەرق تارىخچىلىرى «ئۆزبېك» سۆزىنى ئىتنوگرافىك بىرسۆز دەپ گۇمان قىلىپ، غەربىي تۈركىستان تۈركلىرىنى قەدىمدىن تارتىپ، ئۆزبېك دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن قەبىلە دەپ كۆرسىتىدۇ[84]. شۇنىڭدەك يېقىنقى زامانغىچە پەرغانە، بۇخارا ۋە خىۋە قاتارلىق ئۆلكىلەردە ھۆكۈمرانلىق سۈرگەن ئۆزبېك خاندانىنى بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئەسلى ئاھالىسىدىن دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇيۇرتنىڭ ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ بۇ ئىسىم تۇغرىسىدا ھەرخىل ئاساسسىز تەھلىللەر مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تەخمىن ۋەگۇمانلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۆزبېك دېگەن سۆز ئېتنوگرافىك بىركەلىمە ئەمەس، يەنى، بىرتۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى ئەمەس. شۇنداقلا غەربىي تۈركستان ئاھالىسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى ياكى لەقىمىمۇ ئەمەس. چۈنكى ، تارىخ دەۋرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلىرىدىن تارتىپ موغۇل ئىستىلاسىغىچە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركستان خەلقى پەقەت «تۈرك» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلۇپ كەلگەنلىكى، «ئۆزبېك» ياكى«قازاق» دېگەن قەبىلە ياكى بىر قوۋم ئىسمىنىڭ يوقلىقى قەدىمكى تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن شۈبھىسىز سۈرەتتە مەلۇم بولماقتا. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئاھالىسى بولغان تۈركلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە سوغداق ياكى سوغوت (ئەرەبلەر صغد دەپ ئالىدۇ) دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر

[84] ئېتنو گرافىيە ـ نەسەپ شۇناسلىق ئىلمى. ئېتنوگرافىك ـ نەسەبكە ئائىت (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

ئىدى. بۇ ئىسىممۇ بىرەر قەبىلىنىڭ ئىسمى بولماستىن، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى سۇغۇرىدىغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى سوغوت (سوغد) بولغانلىقىدىن، بۇ ئۆلكىلەرمۇ شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى زامانلاردا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جاينىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى بىزگە ئايان ۋە ھازىرمۇ شۇنداق.

ئۆزبېك ئىسمى يېقىنقى تارىختا ۋاقىتلىق بىر ۋاستە بىلەن غەربىي تۈركىستان ئاھالىسىغا ئۆزلىشىپ قالغان بىر لەقەمدىن ئىبارەت. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەۋەسىدىكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقلىرى «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغىنىدەك، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىپچاق دەشتى ۋە روس يۇرتلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ھەرخىل تۈرك قوۋملىرى بىردەك «جۇجى ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە جۇجى خاندانىغا مەنسۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا مۇھىم ئورۇنغا چىققان خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. مەسىلەن، باتۇخان زامانىدا (مىلادى 1224 ـ 1255) ئۇلار«باتۇ ئۇلۇسى»، بەرىكەخان زامانىدا(مىلادى 1255 ـ 1266) «بەرىكە ئۇلۇسى» ۋە ئۆزبېك خان دەۋرىدە(مىلادى 1312 ـ 1340) «ئۆزبېك ئۇلۇسى» دەپ شۆھرەت تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لەقەم ئۆزگەرمىدى ۋە بۇ تۈركلەرنى ئۆزبېك ئۇلۇسى دەپ ئاتاش داۋام قىلىپ كەلدى. تۆمۈربەگ دەۋرىدىن تارتىپ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەتلىرى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سىياسى ۋە ھەربىي توقۇنۇشلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. ئاخىرى روس دۆلىتى كۈچلىنىپ، ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ جايلاردىن چېكىنىپ چىققان ئالتۇن ئوردا مەنسۇپلىرى تۈركىستانغا يېقىن ئۆلكىلەرگە كېلىپ يەرلىشىپ دۆلەت قۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە سۈلھى تېخىمۇ كۆپ بولدى. «ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش باشلاندى»، «ئۆزبېك ئەلچىسى كەلدى» ۋە «ئۆزبېكلەرگە ئەلچى كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تولا سۆزلىنىدىغان بولدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرى 906 (مىلادى 1500) ـ يىلى مۇھەممەدشىبانى خان غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا باشلاپ، ئاخىرى بۇ جايلارنى پۈتۈنلەي ئىگەللەپ، مەشھۇر ئۆزبېك دۆلىتىنى قۇردى. كېيىنچە، بۇ دۆلەت پارچىلىنىپ كەتتى. بۇخارا، خىۋە ۋە پەرغانەدىكى قالدۇقلىرى زامانىمىزدىكى روس ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى. قىسقىسى، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ لەقىمى بولغان «ئۆزبېك» كەلىمىسى، موغۇل ئەنئەنىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستان خەلقىگە نام بولۇپ، ئۇلار شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرى ۋە موغۇل ھاكىمىيىتىدىن، كورگان خاندانى يىقىلغۇچە داۋام قىلغان، «چاغاتاي» تۈركلىرى دېگەن ناملىرى ئۇنتۇلۇپ، تاشقىرىدىن كەلگەن ئۆزبېك لەقىمى بىلەن زامانىمىزغىچە كەلدى.

## قازاق

بۇمۇ ئېتنوگىرافىك بىر كەلىمە ئەمەس. ھازىر«قازاق» دەپ ئاتالغان كۆچمەن مۇسۇلمان تۈركلەرمۇ ئەسلىدە بۇ نام بىلەن ئاتالغان بىرقەبىلە ئەمەس. بۇ ئاتالغۇ ھازىر قازاق دەپ ئاتىلىۋاتقان كۆچمەن تۈرك قەبىلىگە يەنى، قەدىمكى زاماندىن ئېتىبارەن قىپچاق دەشتى (دەشتى قىپچاق) دەپ ئاتالغان شەرقىي ياۋروپادا، سىبىرىيىدە، خەزەر(ھازەر) ۋە ئارال دېڭىزلىرى بويلىرىدا، توبۇل ۋە ئېرتىش دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى يايلاقلاردا ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان يۈزلەرچە تۈرك بوي(قەبىلە) لىرىغا، بۇ لاردىن بولمىغان ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن يېقىنقى زامانلاردا تېڭىلغان بىرلەقەمدىن ئىبارەت. دېمەككى، بۇ قەبىلىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇلغان، «قازاق» ئىسمى غەربىي تۈركىستان خەلقىگە قوللانغان، ئۆزبېك ئىسمىدەك تېڭىلغان بىرلەقەمدىن ئىبارەت.

ئاسىم نەجىب ئەفەندىنىڭ «تۈرك تارىخى»، ھاجى ئابدۇلغاپپار قىرىملىقنىڭ «عمدة التواريخ» ، شاھابىددىن مەرجانىنىڭ «مستفاد الاخبار » ۋە مۇراد رەمزى ئەفەندىنىڭ «تلفيق الاخبار » قاتارلىق تاتار-تۈرك تارىخ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىردەك بايان قىلىنغان قىممەتلىك مەلۇماتلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، يۇقىرىدىكى يۇرتلاردا ئولتۇرۇشلۇق نايمان، گىرايىت، قوڭغىرات ، ئۈيرات، پېچېنىك (پەچەنەك)، ئالاچ (ئالان)، ئارغۇن، چاپا، قاپا، باشقىر(باشقىرت) چۇۋاش، چىگىل، چىرىش، باسمىل، قارلۇق ۋە بۇلاردىن باشقا يۈزلەرچە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ «قازاق» لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

ئالتۇن ئوردا دۆلىتى ئاجىزلىشىپ، جۇجى خاندانى ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا بولغان چاغلاردا نۇرغۇن شاھزادىلارخاندىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتكەن ۋە مەركەزدىن ئۇزاق بولغان دەشتى قىپچاق ۋە سىبىرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىۋېلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغىلى باشلىغان. بۇئىسيانچىلارنى دۆلەت مەركىزىدىكىلەر«قازاق» دەپ ئاتايتتى. مۇراد رەمزى ئەفەندى، «تلفيق الاخبار » دېگەن ئەسىرىدە، «قازاق» دېگەن سۆز «قاچاق، قاچقان» سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ، دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسيانچىلار بارغانسېرى كۆپەيگەن ۋە «قازاق» دەپ ئاتىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ كەتكەن.كېيىنچە، بۇئىسيانچى شاھزادىلار قۇرۇپ چىققان ھۆكۈمەتكە تەۋە خەلقلەرنىمۇ، قازاق، دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالدى. بۇ ئادەت داۋام قىلىپ، ئىسيانچى شاھزادىلارغا تەۋە بولسۇن - بولمىسۇن شەرقىي ياۋروپادىن ياما(يەنسەي) دەرياسىغىچە سوزۇلغان يايلاقلاردا ياشايدىغان پۈتۈن كۆچمەن مۇسۇلمان تۈرك قەبىلىلىرىنى «قازاق» دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالدى. ھىجرى 900-(مىلادى 1504-) يىلى ئەتراپىدا، جۇجىخاننىڭ ئوغلى توقاي تۆمۈرنىڭ ئەۋلادىدىن ئەھمەد كىدايخان، بارۇندۇقخان ۋە قاسىم خان دېگەن شاھزادىلار دەشتى قىپچاق ۋە سىبىرىيىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنى

بىرلەشتۈرۈپ، بىر كۆچمەن دۆلىتى قۇرۇپ چىققان. بۇخانىدانىنىڭ دۆلىتى ھىجرى 1142- (مىلادى 1729-) يىلى رۇس ئىشغالى نەتىجىسىدە يىقىلدى. بۇدۆلەت تۈركىستان تارىخىدا «قازاق دۆلىتى»، ياۋروپا تارىخلىرىدا «تىيۇمىن چارلىقى» ئىسمى بىلەن مەشھۇردۇر.

## شەرقىي تۈركىستاندا سەئىدىيە دۆلىتى

سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانىدانىدىن شەرقىي تۈركىستاندا ئالىي ھۆكۈمدار سۈپىتى بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان كىشى قالمىدى. ئالتى شەھەرنىڭ غەرب ۋە جەنۇب قىسىملىرىغا سۇلتان ئابابەكرى دوغلات ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كۇچا، قۇمۇل، بەشبالىق، يۇقىرىقى ئىلى (ھازىرقى غولجا) شەھەرلىرىدا ئالاچەخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئومۇمىي ۋالىي سۈپىتى بىلەن مۇستەقىل ھۆكۈمدار ئىدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇدا كۆچمەن قەبىلىلەر ھۆكۈمەتسىز ھالدا باشباشتاق ياشىماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەت سەككىز يىل داۋام قىلدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھىجرى 921 (مىلادى 1515) - يىلى سەئىدخان سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنى قاچۇرۇپ، يەركەننى ئىشغال قىلدى ۋە قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قول ئاستىدىكى بەگلەر، ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەردىن تەركىپ تاپقان بىرسورۇن (قۇرۇلتاي) چاقىردى. قۇرۇلتايدا ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ خانى ئېلان قىلدى. سەئىدخاننىڭ يېڭى قۇرغان بۇ دۆلىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەپتىن ھەقىقىي مەنادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ۋە بىرلىككە كەلگەن دۆلىتى ماھىيىتىدە ئىدى. تارىختا بۇ «چاغاتاي دۆلىتى» ئەمەس بەلكى، «سەئىدىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. سەئىدخان بۇ مۇراسىمدىن كېيىن يەركەننى پايتەخت قىلىپ، تەختكە چىقتى ۋە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەرجىمەھالى

سۇلتان سەئىدخان شەرقىي تۈركىستاندا 170 يىل داۋام قىلغان بىرمىللىي دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ زاتنىڭ تەرجىمەھالى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مۆھتەرەم كىتابخانلارغا مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆردۈم. بۇھەقتە سەئىدخاننىڭ زامانىدىشى ۋە يېقىن ئادىمى بولغان ھەيدەرمىرزا كورگاننىڭ ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» دە يازغان تەپسىلى مەلۇماتىنى قىسقارتىپ تەقدىم قىلىمەن.

سەئىدخان، ئەھمەد ئالاچەخاننىڭ 3 - ئوغلى يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ھىجرى 892- (مىلادى1487-) يىلى تۇغۇلغان. 16 يېشىغىچە دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. ھىجرى 908- (مىلادى

1502) ـ يىلى ئالاچەخان تاشكەنتكە بارغاندا سەئىدخاننى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى. شۇ يىلى شىبانى خان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بابۇرمىرزا بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، ئەخسى ئۇرۇشىغا قاتناشتى، ئۇرۇشتا قاتتىق يارىلىنىپ، ئەھمەد تەنبەلبەگ تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدى ۋە بىر يىل ئەخسى تۈرمىسىدا ئېغىر جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئىككىنچى يىلى فەرغانىغا جانىبەگ خان ئۆزبېك ۋالىي بولۇپ كەلگەندە ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، نەزەربەند قىلىپ ساقلىدى. سەئىدخان بۇ نەزەربەنتلىك كۈنلىرىدە شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، مەخپىي سۈرەتتە 18 قوراللىق ۋە ئاتلىق ئادەم يىغدى ۋە بىر پۇرسەت تېپىپ فەرغانىدىن قېچىپ نارىنغا كەلدى. نارىندىن يولغا چىقىپ ئىسسىقكۆل بويىغا ــ سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ يەردە بىرمەزگىل تۇرۇپ، سۇلتانغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلدى. ئەمما، سۇلتاننىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ۋە يۇرتنىڭ خاراپ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىغا چۈشتى. ئاخىرى، سۇلتان مەھمۇدخاننى تەختتىن يىقىتماي، دۆلەتنى يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئايرىلىپ ئۆزاق بىرجايغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىرتەشكىلات قۇرۇشقا قارار قىلدى. خاندىن يەتتەسۇغا بېرىپ كەلسەم دەپ ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ، خان رۇخسەت قىلمىدى. سەئىدخان مەخپىي ھالدا بىرتەشكىلات قۇرۇپ، 200 دىن كۆپرەك قورallıq ئادەم توپلىدى ۋە بىر پۇرسەت تېپىپ ئادەملىرى بىلەن قاچتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەسكەر يوللىدى. سەئىدخان بۇئىسكەرلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش جەريانىدا يارىلىنىپ، ئەسىر ئېلىنىدى ۋە خان ئۇنى نەزەربەند قىلىپ قويىدى. ئىككى يىللىق نەزەربەندلىك مەزگىلىدە سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ غاپىل ۋە بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىپ، مەخپىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئەتراپىغا خېلى كۈچلۈك تەرەپتارلار توپلىدى. ھىجرى 913ـ (مىلادى 1507ـ) يىلى تەرەپتارلىرى بىلەن قېچىپ، يەتتەسۇدىكى ئىنىسى (يەتتەسۇنىڭ ۋالىيسى) خەلىل سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. شۇ يىلى سەئىدخان ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننى يىقىتىش ئۈچۈن ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلتان مەھمۇدخان مەغلۇپ بولدى ۋە فەرغانىغا بېرىشىدا ھىجرى 914 ـ (مىلادى 1508ـ) يىلى شېھىد بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى سەئىدخاننىڭ خانلىقىغا تەۋە بولدى. لېكىن، بۇ ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، يەتتەسۇ، ئالمائاتا ئۇرۇشلىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئادەملىرىدىنمۇ ئايرىلدى ۋە نارىننىڭ جاڭگاللىرىغا يوشۇرنۇۋالدى. ئۇيەردىمۇ تۇرالماي ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن ئالتەشەھەر تەرىپىگە ئۆتۈپ، تارىم دەرياسى بويىدىكى دولان (سېرىق ئۇيغۇر) لارنىڭ ئارىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ يەردىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئېلىپ

ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى. ئەمما، دولانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ئادەملىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. سەئىدخان يالغۇز بىر ئات ـ قامچا قېچىپ، جېنىنى قۇتقۇزۇپ، يەنە نارىنغا كەلدى. نارىندا ئاۋارە هالدا قېچىپ يۈرگەن 40 ـ 50 ئادەمى ۋە ئايالى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر يايلاقتا يەرلەشتى. بۇ يەردە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇرۇشۇپ، ئاران قۇتۇلدى. يېنىدا 5 ـ 6 دىن ئۇشۇق ئادىمى قالمىدى. شەرقتىن مەنسۇرخان، جەنۇبىدىن سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ۋە غەربىدىن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ئاقىۋىتى قورقۇنچىسى ئىچىدە، بۇ كەكرى دۇنيا تارلىق قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى مەخپىي هالدا فەرغانىدىن ئۆتۈپ، ئافغانىستانغا بېرىۋېلىپ بابۇرشاهدىن باشپاناهلىق تىلەش قارارىغا كەلدى ۋە فەرغانىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئەنجانغا كەلگەندە تۇنۇلۇپ قېلىپ، هەمرالىرى بىلەن قامالدى. ئۆزبېكلەرتەرىپىدىن ئەنجانغا تەيىنلەنگەن هاكىم ئەسلىدە سەئىدخاننى ياخشى كۆرىدىغان بىركىشى ئىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىرهىيلە ئىشلىتىپ، سەئىدخاننى ۋە هەمرالىرىنى تۈرمىدىن قاچۇرۇۋەتتى. سەئىدخان شۇ قاچقانچە هېچ يەردە توختىماي بەدەخشانغا كېلىپ، بەدەخشان هۆكۈمدارى مىرزاخاننىڭ پاناهىغا سىغىندى. بەدەخشاندا بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن مىرزاخاندىن ئىجازەت ئېلىپ، هىجرى 915 ـ (مىلادى 1509ـ) يىلى شابان ئېيىدا كابۇلغا بابۇرشاهنىڭ قېشىغا كەتتى. بابۇرشاه ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ياخشى مېهمان قىلدى.

سەئىدخان كابۇلدائىككى يىل تۇردى. بۇ مەزگىل ئىچىدە فەرغانىدىكى يېقىن تۇنۇش ـ بىلىشلىرىدىن بولغان چاغاتاي ۋە كورگان خاندانىغا مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن داۋاملىق خەت ئالاقىلىشىپ ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ پۇرسەت كۈتتى. هىجرى 916 ـ (مىلادى 1510ـ) يىلى شىبانى خان مەرۋە شەهرىدىكى ئۇرۇشتا ئىران شاهى ئىسمائىل سەفەۋى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزبېكلەر ئىچىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. بابۇرشاه بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. سەئىدخان بابۇرشاه بىلەن قۇندۇز شەهرىگە كەلگەندە فەرغانىدىكى سەئىدخان تەرەپتارلىرىنىڭ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلغان خەۋىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بابۇر شاهدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئەۋەتكەن ئەلچىسىمۇ كەلدى. بۇ ۋەزىيەتتە بابۇرشاه بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن سەئىدخاننى فەرغانىغا يوللىدى. سەئىدخان مەشهۇر«تۇتلۇك» ئۇرۇشىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، فەرغانىنى ئالدى. ئۇندىن كېيىن، سەئىدخان فەرغانىدىن بابۇرشاه سەمەرقەنتتىن ئىلگىرىلەپ، غەربىي تۈركىستاندىن ئۆزبېكلەرنى هەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزبېكلەرگە هۇجۇم باشلىدى. هىجرى 918 ـ (مىلادى 1512ـ) يىلىغىچە داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارخېلى زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈركىستاندىن چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. سەئىدخان تاشكەنتتىكى ئۇرۇشتا ئۆزبېك سۈيۈنچ خاندىن ئېغىر زەربە يەپ، فەرغانىغا

يېنىپ كەلدى. بۇ ئارىدا بابۇرشاھمۇ ئۆزبېك خانى ئەبەيدخاندىن مەغلۇپ بولۇپ، غەربىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ، ئافغانىستانغا قايتتى. نەتىجىدە، ئۆزبېكلەرگە قارشى سەئىدخان يالغۇز قالدى. بۇۋەزىيەت ئاستىدا سۈيۈنچ خان فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا قارشى جىددى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىپ، سۈيۈنچ خاننىڭ ئارقا چېكىنىش يوللىرىنى كىسىپ تاشلاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ قاچۇردى. ئۇندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى تاشلاپ، ئەبەيدخاننىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىشىپ كۈچلەندى ۋە ھەر قانداق دۈشمەنگە تاقابىل تورالىغۇدەك ھالغا كەلدى.

سەئىدخاننىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلارنىڭ شىمالدىكى دۈشمىنى قازاق خانى قاسىمخان بىلەن بىرلىشىپ ئۆزبېكلەرگە قارشى ھەربىي كېلىشىم تۈزۈشنى قارار قىلدى. سەئىدخان ھىجرى 919 ـ (مىلادى 1513ـ) يىلى كۈزدە دەشتى قىپچاققا بېرىپ، قاسىمخان بىلەن كۆرۈشۈپ بىرئىتتىپاق كېلىشىمى ئىمزالىدى ۋە ئەتىيازدا ئىككى تەرەپ بىردىن ئۆزبېكلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشىپ، سەئىدخان قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئەتىيازدا دەشتى قىپچاقنىڭ غەربىدە ئىسيان چىقىپ قاسىمخان ئۇتەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، غەربىي تۈركىستانغا كېلەلمىدى.سۈيۈنچ خان بۇنى ئاڭلاپ، ھىجرى 920ـ (مىلادى 1514 ـ) يىلى كۈچلۈك بىر ئەسكىرى قۇۋۋەت بىلەن فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخان ۋە بەگلىرى سۈيۈنچ خان بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قالىدىغانلىقلىرىنى ۋە پۈتۈن ھەربىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى سېزىپ قالدى ۋە فەرغانىنى بوشىتىپ ، ئۆزكەنت يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ مېڭىپ، فەرغانىدىكى چاغاتاي ۋە كورگان جەمەتىگە مەنسۇپ پۈتۈن كىشىلەر(تەخمىنەن 10000كىشى) نى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ، ھىجرى 920ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئاي(مىلادى 1514ـ يىلى 4ـ ئاي) دا نارىنغا كەلدى. يۇقىرىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك جامادىئەلئەۋۋەل (7ـ ئاي) دا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئالدى بىلەن يېڭىسار بىلەن قەشقەرنى كېيىنچە يەركەننى ئىشغال قىلدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سەئىدخاننىڭ ھىجرى 908 ۋە 920 ـ (مىلادى 1502 ۋە 1514) يىللىرى ئارىسىدا بېشىغا كەلگەن بۇ ھادىسىلەر ھەر زامان بۈيۈك بىرئىنقىلاپچى ياكى بىر دۆلەت قۇرغۇچىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەينىسىدۇر. شۇنداقلا بۇ ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇشتا ھارماي ـ تالماي كۆرسەتكەن سەۋىرچانلىقى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسى، جەڭگىۋار روھى، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر قەھرىمانلار ۋە داھىلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋىرچانلىق ۋە جەڭگىۋار روھىدۇر. سەئىدخان يەركەننى ئىشغال قىلىپ، 7ـ كۈنى، يەنى، ھىجرى 920 ـ يىلى رەجەپنىڭ 30 ـ كۈنى (مىلادى 1514ـ يىلى 8ـ ئاي) دا ئېچىلغان چوڭ قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان خانى دەپ جاكالاندى. يەركەننى پايتەخت قىلدى ۋە ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى سىيد مۇھەممەد مىرزا دوغلاتنى «ئەمىركەبىر» ئۇنۋانى بىلەن ۋەزىر ۋە قەشقەر ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن،

قەشقەر، خوتەن، ئۇچ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى رەسمىي سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ۋالىي، ھەربىي قوماندان ۋە باشقا مەنسەپدارلار تەيىنلەندى. كۇچادىن قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىغىچە بولغان جايلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ قولىدا ئىدى. مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلماي قارشى چىقتى. ئەمما، سولتان سەئىدخان مەنسۇرخاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلەتمەي سىياسىي ۋە سۈلھى - تىنچلىق بىلەن قوشۇۋېلىش يولىنى تاللىدى. سۇلتان سەئىدخان يۇرتنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ تونۇپ، سىياسەتلىرىنىمۇ بۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىگەن. سۈلھى ۋە تىنچلىقنى ئۇرۇشتىن ئەلا كۆرگەن. دۆلەت قۇرۇشتا ھەسەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلماي، ئەسىرلەردىن بېرى راھەت كۆرمىگەن خەلقنى ئامان ۋە پاراۋان ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى نىشان قىلغان. سەئىدخاننىڭ بۇ مەقسەت ۋە سىياسەتلىرىنى دائىم خەلققە بىلدۈرۈپ خەۋەردار قىلىپ تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

## مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان سەئىدخانغا بويسۇنغانلىقى

سۇلتان سەئىدخان سۇلتانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، مەنسۇرخان ئىنىسى ئىمىن غوجا سۇلتاننى كۆپرەك ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچادا قويۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تەرۇشقا بۇيرۇدى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 921- (مىلادى 1515-) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەنسۇرخان ۋە ئىمىن غوجا سەئىدخانغا ئەمدى قارشىلاشمىدى ۋە سۈلھىمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئىنىسى ئىمىن غوجا سۇلتاننى مەخپىي سۈرەتتە تورىگە ئارتىشقا تىرىشتى. ئىمىن غوجا سۇلتان ھەرئىككىلا ئاكىسىغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بىر ئارا بىرقانچە بەگلىرى بىلەن يەركەنگە سۇلتان سەئىدخاننى زىيارەت قىلىشقا كەلدى. ئۇنى ئالىي ھۆكۈمداردەپ تونۇپ، رەسمىي بويسۇندى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئۇچ ۋەكوچاغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، نۇرغۇن ئىنئام ۋە سوغاتلار بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بەگلەرگە يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئىنئاملار بېرىپ، ئۇلارنىمۇ تامامەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخاننىڭ مۇھىم كۈچى سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى سۈلھى تۈزۈش ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا دەۋەت قىلدى. ئوتتۇرىدا بىرقانچە قېتىم ئەلچىلەر بېرىپ كېلىشكەندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئۆزلىرى بىرىەرگەكېلىپ، كۆرۈشۈشنى قارارقىلىشتى ۋە ئۇچ بىلەن باي ئارىسىدا بىر يەردە ئۇچرىشىشقا پۈتۈشتى. بۇ قارارغا ئاساسەن سۇلتان سەئىدخان دۆلەت كاتتىلىرى ۋە

نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈرۈپ، ھىجرى 922 ـ (مىلادى 1516) ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ئۈچقا كەلدى. لېكىن، مەنسۇرخان ئاكىسىنى يەتتەسۇ ۋە ئالمائاتا ئۇرۇشلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالارمىكىن دەپ تازا ئىشەنچ قىلالماي ئالدى بىلەن ھەرئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرلىرىگە بىرقىسىم كىشىلەرنى گۆرۈ سۈپىتىدە يوللاشنى شەرت قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان سەئىدخان بۇشەرتنى قوبۇل قىلىپ، كۆيئوغلى ھەيدەرمىرزا كورگان باشلىق سۇلتان جەمەتىدىن بولغان بىر قانچە ئەر ۋە خاتۇن[85] كىشىلەرنى مەنسۇرخانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. مەنسۇرخانمۇ ۋەزىرى جاپپار بەگ باشلىق ئۆزخاندانىغا مەنسۇپ بىرقانچە ئەر ۋە خاتۇن كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ھەيئەتنى سەئىدخانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار جام ۋە ئاۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايدا چېدىر تىكىپ، بۇ چېدىردىن تەڭ ئارىلىقلاردىكى كۆزگە كۆرۈنگىدەك يەردە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ، ھەرئېھتىمالغا قارشى ھازىر تۇرۇش، ھەرئىككى خان ئۆز ئادەملىرىدىن 30 كىشى بىلەن مۇزاكىرە يېرىگە كېلىشنى قارارقىلىشتى. سۇلتان سەئىدخان مۇزاكىرە يېرىگە ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىرچېدىر تىكلەپ ئىككى تەختنى جابدۇپ تەييارلىغانىدى. بەلگىلەنگەن كۈنى مەنسۇرخان بايدىن مېڭىپ قارا باغ يولى بىلەن ئاۋاتقا ۋە ئۇيەردىن چېدىرغا كەلدى. بىر سائەتتىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان كەلدى. شۇچاغنىڭ ئادىتى بويىچە تازىم مۇراسىمى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلار كۆرۈشتى ۋە تەختلىرىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. سۇلتان سەئىدخان سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئىسيانلار ۋە ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن تارتقان ئاچچىق دەرت ـ ئەلەملىرىمىزنى بۇ ئىتتىپاق ۋە مۇھەببىتىمىز يوقىتىدۇ» مەنسۇرخان بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، «گەرچە، ياشتا مەن سىزدىن چوڭ بولساممۇ. مەرتىۋىدە سىز مېنىڭ ئاتامنىڭ ئورنىدا» دېدى. مانا بۇ قىسقا، ئامما مەنىسى چوڭقۇر ئىككى جۈملە سۆز بىلەن باشلانغان مەجلىستە ناھايىتى سەمىمىي ۋە بىر ـ بىرلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە. مـــەنسۇرخان، سۇلتان سەئىدخاننى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈيۈك ـ خانىنى دەپ تونۇدى. سىياسەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەت مەركىزىگە بويسۇنۇپ دائىم ۋاپادار بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. سۇلتان سەئىدخان مەنسورخاننى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق بىرئومۇمىي ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن كۇچا، قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىدىن ئىبارەت شەرق ـ ئۆلكىلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقلا، بۇ ھۆكۈمدارلىق مەنسۇرخانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكى، بۇلارنى ئەزلى قىلىش ياكى تەيىن قىلىش ئىشلىرىغا سۇلتان سەئىدخان ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ قەتئىي ئارىلاشمايدىغانلىقى، ئۆلكىلەرنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي، مالىي ۋە ئىدارىي ئىشلىرىدا مەنسۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تولۇق مۇستەقىل بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش شەرتلەرنى سۇلتان سەئىدخان قوبۇل قىلىپ كېلىشىم ئىمزالىدى. كەچتە ھەر ئىككى تەرەپ خوشلىشىپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا ياندى، ئەرتىسى

[85]خاتۇن ـ سارايدا ئۇنۋانى بار، ئېسىلزادە خانىملارنى كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ. ).

سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا مەنسۇرخان تۇرپانغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخان ھەقىقەتتە مۇستەقىل ئەمما، سۆزدە سۇلتان سەئىدخانغا تەۋە سۈپىتى بىلەن غەربدە پامىر، پەرغانە چېگراسى، ۋە چۇ دەرياسى، شىمالدا كۆكچە دېڭىزى (بالقاش كۆلى) ۋە تاردۇتاي تاغلىرى شەرقتە موغۇلىستان ۋە چىن چېگرىسى ئارىسىدىكى ئۆلكىلەر سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيتى ئاستىدىكى بىرمەملىكەت ھالىغا كەلدى. (18 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

## ھىجرى 923 ـ يىلىدىن 926 ـ يىلغىچە(1517 ـ1520) بولغان ۋەقەلەر

ھىجرىنىڭ 923 ـ يىلى ئەتىيازدا سۇلتان سەئىدخان تەڭرىتاغلىرىنى ئېشىپ ئىسسىقكۆل بويىدا يازلىدى. ئەگەر، ئۆزبېكلەرنىڭ كۈچى ئاجىز بولسا پەرغانىغا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن شىمالغا كەلدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ئوۋ ئوۋلاپ ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، پەرغانە چېگرىسىگە باردى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى پەرغانىدا كۆپ مىقداردا ئەسكەر توپلىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرغانىغا ھۇجۇم قىلمىدى، بەزى ئىسلاھات خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۈزدە يەركەنگە قايتتى.

ھىجرى 924 ـ (مىلادى 1518ـ) يىلى ئەتىيازدا سۇلتان سەئىدخان خوتەنگەكەلدى. ئۇچاغدا چەرچەن، چارقىلىق ۋە تېرىم (تارىم) ئاھالىسى بولغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش، يېرىم كۆچمەن ۋە مالدار بىرخەلق بولۇپ، تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇلارخانلىق مەكىزىگىمۇ بوسۇنمىدى. سۇلتان سەئىدخان خوتەنگە كېلىپ، بىرقىسىم ئەسكەر لىرىنى، بۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، غازات قىلىشقا چەرچەنگە يوللىدى. بۇئەسكەرلەر يېتىپ بارغىچە سېرىق ئۇيغۇرلار ماللىرىنى ئېلىپ، ئۇزاق تاغ ـ جاڭگاللارغا قېچىپ كەتتى، ئەسكەرلەر سېرىق ئۇيغۇرلارنى تاپالماي بىرئاز ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى نارىن ۋە بارسغان (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى قاراقول) يايلاقلىرىغا يەرلەشكەن قىرغىزلارغا، ئۇلارنىڭ قەبىلە بېگى بولغان مۇھەممەدقىرغىزنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندى. سۇلتان سەئىدخان خوتەنگە كەلگەن كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئۆزبېكلەر بىلەن دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا جىددى ئەھمىيەت بېرىپ، كۈز پەسلى بولۇشىغا قارىماي ئۈچقا كەلدى ۋە ئۇ يەردىن بىدەل ـ ئارت يولى بىلەن تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بارسغانغا كەلدى. مۇھەممەدقىرغىزنى ۋە بىرقانچە باشلىقلىرىنى تۇتتى، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىتائەتسىزلىك قىلالمىغىدەك دەرىجىدە قىرغىزلارنى ئەدەپلەپ، مۇھەممەدقىرغىزنى ئەسىر

سۈرىتىدە بىرگە ئېلىپ، يەركەنگە يېنىپ كەلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا زامانىسىدا پامىر، سېرىق چوپان (ۋاخان) ۋە شىغنان ئۆلكىلىرى شەرقىي ـ تۈركىستانغا قارايتتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ دۆلىتى يىقىلغاندا، بەدەخشان ھۆكۈمدارى مىرزاخان بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. كېيىنچە سۇلتان سەئىدخان، بۇجايلارنى شەرقىي ـ تۈركىستانغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ مىرزاخان رەد قىلغان. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 925 ـ (مىلادى 1519ـ) يىلى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى، سېرىق چوپانغا يېقىنلاشقاندا مىرزاخان ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئۆلكىلەرنى سۇلتان سەئىدخانغا تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخان بۇ جايلارغا ئۆز ئادەملىرىدىن ئەمەلدارلار تەيىنلەپ قايتىپ كەلدى. ھىجرى 926 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ئۈچ (ئاقسۇ) غا كېلىپ، مەنسۇرخاننى كۆرۈشۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەنسۇرخان ئۈچقا كېلىپ كۆرۈشۈپ، ئەتراپلىق مۇزاكىرلىشىپ يەنە تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. سولتان سەئىدخان ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاندىن قايتتى.

## ھىجرىنىڭ 927ـ يىلىدىن 931 ـ يىلغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

سولتان سەئىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، يەتتەسۇ ۋە ئىلى ئۆلكىلىرىدە كۆچمەن قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم جايلارغا مەركەزدىن ھاكىم تەيىن قىلغان بولسىمۇ كۆپرەك جايلارغا ئۆزبېكلەردىن ھاكىم تەيىن قىلغانىدى. كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ بەگلىرى تولا باشباشتاق بولۇۋېلىپ، بەزىدە ئۆزبېك ۋە قازاق بەگلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشلىرىغا ۋاستە بولغان، دۆلەتكە زىيانكەشلىك قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەگلەرنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇلارنى تولۇق ئىتائەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، يېتەرلىك ساندا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىر ئومۇمىي ۋالىي تەيىن قىلىش لازىم ئىدى. سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت سۇلتاننى ئۇمۇمىي ۋالىي، ئەمىرئەلى تاغايىنى «ئۇلۇس بېگى» يەنى، خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى قىلىپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يوللىدى. مۇھەممەدقىرغىزنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇنى قىرغىزلارغا 2 ـ بەگ تەيىن قىلىپ ئەۋەتتى. سۇلتان ئابدىرېشىت خان ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى قوچقار بېشى دېگەن كەنتنى مەركەز قىلىپ يەرلەشتى.

سۇلتان مەھمۇدخان دەۋرىدە، ئىمىل ۋە ئالتايدىكى قالماقلار چاغاتاي دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ باج تۆلەپ تۇرغان. سۇلتان مەھمۇدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولىۋالدى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 929ـ (مىلادى 1523ـ) يىلى ئابدۇرېشىت سۇلتاننى قالماقلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ «غازات» قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئابدۇرېشىت سۇلتان قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دەۋلەتكە باج تۆلەپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان ھەريىلى دېگۈدەك يازدا تورغاتقا بېرىپ، چادىركۆل بويىدا دەم ئالاتتى. بۇئادىتى بويىچە ھىجرى 931 ـ (مىلادى 1524) ـ يىلى تورغاتقا كېلىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ئىسسىقكۆل بويىغا كەلگەندە ئىمىلدىكى قالماقلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم باشلىغان خەۋىرى كەلدى. سۇلتان ئۆزى باش بولۇپ ئەسكەرلىرى بىلەن يەتتەسۇغا يۈرۈش قىلدى. يەتتە سۇنىڭ شىمالىدىكى قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئېرتىش دەريا بويىغىچە باردى. بۇ ۋاقىتتا سۈيۈنچ خان ئۆزبېكنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىنى تالىشىپ، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش باشلانغان خەۋىرى كەلدى. سۇلتان دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، قارا قولغا كەلدى ۋە يەركەندىكى ئۇرۇنباسارى ئەمىر كەبىر سىيد مۇھەممەد مىرزاغا پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ، ئوشقا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى قوچقار بېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەر لىرىنى توپلاپ ئۆزكەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلىپ، ئوشقا كەلدى ۋە سىيد مۇھەممەد مىرزا بىلەن بىرلەشتى. ئوش ۋە ئەنجان ئوتتۇرىسىدىكى مادۇ قەلئەسىگىچە ئىلگىرىلەپ باردى ۋە قەلئەنى ئالدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇئىلگىرلىشى، ئۆزبېكلەر ئۈچۈن ئورتاق بىرخەۋپ ئىدى. بۇنى سەزگەن ئۆزبېكلەر دەرھال ئىچكىي ئىختىلاپلىرىنى تاشلاپ، ھەممىسى سۇلتان سەئىدخاندىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىرلەشتى ۋە 100000 كىشىلىك قۇۋۋەت بىلەن ئەنجانغا يىغىلىپ، سولتانغا قارشى سەپ تارتتى. بۇھەيۋەتلىك كۈچقا قارشى سۇلتان سەئىدخان 25000 ئەسكىرى بىلەن تاقابىل تۇرالماسلىقىنى چاغلاپ، ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى تاشلاپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يېنىپ كەلدى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىنىڭ قولدىن كېتىشى

قازاق خانى تاھىرخان ئۆز قارمىغىدىكى مەنغىت[86] قەبىلىسىنىڭ ئىسيانى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولۇپ، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك قازاقلار بىلەن قېچىپ، قىشتا قوچقار بېشىغا كەلدى ۋە سۇلتاندىن باشپاناھلىق تىلەپ مەنغىتلەرگە قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . سۇلتان ئابدۇرىشت ئۇلارنى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىپ يەر ۋە يايلاق بەردى، ئامما ، ئەسكىرىي ياردەم تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. بۇچاغدا تاھىرخان، دۆلەتتىن بىرقانچە قېتىم ئەدىپىنى يىگەن قىرغىزلار بىلەن مەخپىي دوستلۇق ئورنىتىپ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. سۇلتان ئابدۇرىشت بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ھىجرى 933 ـ (مىلادى 1526ـ) يىلى تاھىرخان ۋە قىرغىزلار بىرلىشىپ قوچقار بېشىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئابدۇرىشت سۇلتاننى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان ئابدۇرىشت جىنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ ئارتبېشىغا قېچىپ كېلىۋالدى. بۇنى ئاڭلاپ، سۇلتان سەئىدخان دەرھال يەركەندىن يۈرۈش

[86] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە تاھىرخان، تائىرخان دەپ ۋە مەنغىت، مانغىت دەپ يېزىلىدۇ. ئە. بايتۇر. بەت1117ـ(ن. ش. ھ.)

قىلىپ ئارتىېشىغا كەلدى. سۇلتانىنىڭ بۇھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان تاھىرخان ۋە قىرغىزلار بىرلىكتە قوچقار بېشىنى تاشلاپ قېچىپ، ئىلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۈنگەس يايلاقلىرىغا كەلدى. سۇلتان بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۈنگەسكە ئەسكەر يوللاپ، تاھىرخاننى ۋە قىرغىزلارنى ئېغىر هالدا مەغلۇپ قىلىپ قوغلىدى. 100000 دىن ئۇشۇقراق چارۋا مالنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. كېيىنچە سۇلتان سەئىدخان ئىلى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى پۈتۈن قىرغىزلارنى ئارتىېشىدا بىرىيەرگە يىغىپ يەرلەشتۈردى. سەئىدخان دۆلەت قۇرغاندىن تارتىپ شىمالدىكى بۇ ئۆلكىلەردە خېلى كۆپ مىقداردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، بۇجايلاردىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك بىرئەسكىرىي كۈچ بولمىسا باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەر، شىمالدا قازاق ۋە غەربدە ئۆزبېك خانلىقلىرىدىن ئىبارەت رەقىبلىرى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئەسكىرىي قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ مۇهىم قىسمىنى بۇجايلاردا تۇرغۇزۇش لازىم ئىدى. بۇجايلارنىڭ كۆپ قىسمىدا قەدىمكى شەھەرلەر، ئاۋات يېزا - كەنتلەر، تېرىلغۇ ئېتىزلىرى پۈتۈنلەي خاراپ، بولۇپ نۇرغۇن يەرلىرى قۇملۇق چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. قالغان بىرقىسىم جايلار، كۆچمەن ۋە ئۇرۇشقاق قەبىلىلەرنىڭ يايلاقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇجايلاردىن دۆلەت خەزىنىسىگە ھېچقانداق كىرىم ياكى باشقا پايدا كىرمەيتتى. بۇجايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ئالتە شەھەردىن كەلتۈرۈلەتتى. مانا، ئەمدى بۇ يەرلەر دىكى خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان قازاق ۋە قىرغىزلار بىرلىشىپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنلىرى بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان 11 يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، دۆلەتكە پايدىسى يوق، بەلكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيىنى كۆپ بولغان بۇجايلارنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدى ۋە پۈتۈن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئادەملىرىنى ئېلىپ، يەركەنگە يېنىپ كەلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم بىرپارچىسى بولغان ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ رايونى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىدىن ئاجراپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن، تاھىرخان ئارتىېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردە قالغان قىرغىزلارنى باشلاپ،كۈنگەسكە كەتتى. مانا بۇ، شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ كېتىش ۋەقەسىدۇر. شۇنداقلا، بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، قازاق ۋە قىرغىزلەر مۇقىم ھالدا شىمالغا يەرلەشتى. قىرغىزلار نىڭ تۈركىستان يايلاقلىرىغا ئاستا - ئاستا يېيىلىپ پامىر ۋە سىرىق قولغىچە كېلىشلىرى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشلانغان.

## بىللۇرىستان ۋە بەدەخشانغا يۈرۈش

ھازىرقى كانجۇت،گىلگىت ۋە چەترال دالاسى ئۇچاغدا بىللۇرىستان دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەست ئىدى. سۇلتان سەئىدخان بىللۇرىستانغا ھىجرى 934 -

(مىلادى 1527) يىلى ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتان ۋە كۆيئوغولى ھەيدەرمىرزا كورگان باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ «غازات» يۈرۈشى باشلىدى. بۇلار 5 ـ 6 ئاي بىللۇرىستان دالالىرىدا غازات ئېلىپ باردى ۋە 50000كىشىنى ئەسىر ئېلىپ، سېرىق چۇپان (ۋاخان) يولى بىلەن يەركەنگە قايتتى. بۇ ئەسىرلەر نىڭ ھەممىسى قۇل قىلىنىپ خەلققە سېتىلدى. بەدەخشان ھۆكۈمدارى ئۆزۈنىدىن بېرى ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بابۇرشاھنىڭ ھامىيلىقىدا ياشىماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇرشاھ بەدەخشاندا، ئىنىسى ناسىر مىرزىنىڭ قوماندانلىقىدا،كېيىنچە ،كورگان خانىدانىدىن بىرسىنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى. ھىجرى 934 ـ يىلى بابۇرشاھ بۇ ئەسكەرلىرىنى ھىندىستانغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، بەدەخشاندا ھېچقانداق ئەسكىرىي كۈچ قالمىدى. بابۇرشاھنىڭ ھىمايىسىدىن قۇرۇق قالغان مىرزاخان، سۇلتان سەئىدخاندىن ھامىي بولۇشنى تىلىدى. بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان سۇلتان سەئىدخان، يەركەندە ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتانىنى ئۇرنىدا قويۇپ ئۆزى كۆچلۈك بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەت بىلەن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان سەئىدخانىنىڭ سېرىق چوپانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بابۇرشاھ ئۇغلى ھىندال مىرزانى بەدەخشانىنى قوغداشقا ئەۋەتتى. بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ سۇلتان سەئىدخان كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. لېكىن، قىش كىرىپ قالغانلىقتىن ئارقىسىغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سېرىق چوپان ناھايىتى قۇرۇق ۋە كىچىك بىر يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيەردە قىشلاپ قېلىشمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخان، قىشنى بەدەخشاندا چىقىرىپ ئەتىياز بولۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھىندال مىرزىغا ئەلچى ئەۋەتتى. لېكىن، ھىندال مىرزا بۇتەلەپنى بىرھىيلە دەپ گۇمان قىلىپ قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭغا قارىماي سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا باردى. ھىندال مىرزا قەلئەزەپەر(بۆگۈنكى رەستاق) دە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ تۇرغانلىقتىن سۇلتان سەئىدخان قەلئەنىڭ تېشىغا كېلىپ يەرلەشتى، قىش چىققۇچە سۇلتان سەئىدخان قەلئەنىڭ تېشىدا، ھىندال مىرزا قەلئەنىڭ ئىچىدە تۇردى.

ئەرتىيازدا، سۇلتان سەئىدخان بابۇرشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بىرئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ھەرىكىتىنىڭ بىردۈشمەنلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆزرە بايان قىلدى ۋە ئۆزى يەركەنگە قايتتى. بابۇرشاھ ئوغلىنى بەدەخشاندىن چاقىرتىپ ئورنىغا چاغاتاي خانىدانىدىن سۇلەيمانشاھ مىرزىنى تەيىن قىلدى. ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ قىلىنغان بۇ مۇئامىلىلەر نەتىجىسىدە بەدەخشان ئۇرتاق ھامىيلىق ئاستىدىكى بىر رايون بولۇپ قالدى.

## ئابدۇرىشىت سۇلتانىنىڭ ۋەلىئەھد بولغانلىقى ۋە كەشمىرنىڭ پەتھى

ھىجرى 936 ـ ( مىلادى 1529ـ) يىلى سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتانىنى ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھدى (تەخت ۋارىسى) قىلدى ۋە شۇيىلى ئىنىسى ئىمىن غوجاسۇلتانىنى ئۈچ ۋالىيلىقىدىن

ئېلىپ، ئورنىغا ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ۋالىي تەيىن قىلىپ ئەۋەتتى.

غەربىي تىبەت (ھازىرقى لاداخ ۋە بالتىستان) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا زامانىسىدا شەرقىي - تۈركىستانغا تەۋە ئىدى. ئابابەكرى مىرزىدىن كېيىن، بەگلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىۋالغانىدى. كەشمىردە نامى بار، ئۆزى يوق بىر پادىشالىق بارئىدى. «ۋەچەك» دېگەن خانىدانغا مەنسۇپ بەگلەر ھەر يەردە ئۈز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ھۆكۈمدار بولىۋالغانىدى. ھەتتا، سىرىنەگەر شەھىرىدە بىرقانچە ھۆكۈمدار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئەمىرى كەبىر سىيد مۇھەممەدمىرزا ۋە ھەيدەر مىرزا - كورگانلار سۇلتانغا غەربىي تىبەت ۋە كەشمىرنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما، ئابدۇرىشىت سۇلتان ۋە ئەمىر تاغاي، يول خەتەرلىك ۋە بۇجايلاردىن بىزگە تېگىدىغان پايدا بەك ئاز دەپ قارشى چىقىپ، سۇلتاننى بۇ يۈرۈشتىن قاتتىق توسماقتا ئىدى. لېكىن، داۋاملىق سۇلتان بىلەن بىرگە تۇرىدىغان سىيد مۇھەممەدمىرزا ۋە ھەيدەرمىرزا لار ئاخىرى سۇلتاننى ئۆز پىكىرلىرىگە كۆندۈردى. ھىجرى 938 - (مىلادى 1532-) يىلى زۇلھەججى ئېيىدا ھەيدەرمىرزا ۋە سۇلتاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتان 2000 كىشىلىك بىر قوۋۋەت بىلەن سانجۇ يولى ئارقىلىق نوبرا ۋە ماريول (ھازىرقى لاداخ) غا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان ئۆزى 3000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن خوتەنگە كېلىپ، ئۇ يەردىن پولۇ تېغىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى پولۇ يولى بىلەن دۇلبە(ھازىر شىمالىي تىبەتنىڭ چاڭتاڭ دېگەن شەھىرى) گە يۈرۈش قىلىش ئىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا لار توغرا نوبرا جىلغىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى، ماريۇل خەلقى ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. ئۇ تەرەپتىن سۇلتان سەئىدخان پولۇنىڭ خەتەرلىك يوللىرى بىلەن چاڭتاڭغا ئەسكەر ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ خوتەنگە يېنىپ سانجۇ يولى بىلەن ئالدىدا يۈرۈپ كەتكەن ئەسكەرلىرىگە يېتىشۋېلىشنى كۆزلەپ ماڭدى. يولدا ئىسلاپ (تۇتەكتە[87]) قىلىپ سالامەتلىكى قاتتىق بۇزۇلدى. نۇبراغا بارغاندا خېلى ياخشىلىنىپ قالدى ۋە ماريولدىكى ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا باشلىق بەگلىرىنى چاقىرتىپ مەجلىس ئاچتى. مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە، بىرقىسىم ئەسكەرلەرنى ئىس ۋە ئېگىز داۋانلىرى بولمىغان نوبرا يولى بىلەن بالتىستانغا يوللاپ بۇ يەرلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن،كەشمىرگە يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا لار ھازىرقى مەشھۇر لاداخ - كەشمىر يولى بىلەن يۈرۈپ توپتوغرا كەشمىرگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا نى 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەشمىرگە يوللاپ سۇلتان سەئىدخان ئۆزى بالتىستانغا يۈردى، كۆز مەۋسىمدە بالتىستانغا يېتىپ بېرىپ ئىككى ئاي ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكىنى ئىشغال قىلدى.

ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزالار يول ئۈستىدىكى تىبەت ۋە بالتى(بالتۇ) شەھەرلىرىنى پەتھى

[87] بۇ ئىس ئادەتتىكى تۇمان ئەمەس، ئېگىزلىكتىكى ئوكسىگېن ئاز، شالاڭ ھاۋا بوشلىقىدىن ئىبارەت ( ن. ش. ھ.)

قىلىپ، ھېچبىرتوسالغۇسىز كەشمىرداۋانىدىن ئاشتى. كەشمىرھۆكۈمدارلىرى ئاتلىق بوغاز دېگەن جايدا ئەسكەر توپلاپ مۇداپىئەگە ھازىرلانغان ئىدى. تۈرك ئەسكەرلىرى بۇيەر دە تۆختىدى ۋە بىر كىچىسى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ «تۈمەن باھادۇر» دېگەن كەشمىرلىك قوماندان باشچىلىقىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈستىگە تۇيۇقسىزھۇجۇم بىلەن ئېغىرھالدا مەغلۇپ قىلدى ۋە بوغاز دىن چېكىندۈردى. يەنە بىرتەرەپتىن ھەيدەرمىرزا بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ قېچىش يوللىرىنى كەستى. قاچقان كەشمىرئەسكەرلىرى بۇ ئىككى قۇۋەت ئوتتۇرىسىدا قېلىپ
پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى. تۈرك ئەسكەرلىرى تېزلىك بىلەن يۈرۈپ بىر كۈن ئىچىدىلا كەشمىرنىڭ مەركىزى بولغان سىرىنەگەر شەھرىگە يېتىپ كەلدى. كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرقىسىم خەلق قېچىپ تاغ - جاڭگاللارغا، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئاراللاغا بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەرسۇلتان ئەسكەرلىرى بىلەن ھىجرى 939 - يىلى جامادىئىل ئاخىردا(مىلادى 1532- يىلى 12 - ئايدا) كەشمىر شەھرىگە ئۇرۇشماستىن كىردى ۋە راجادان (راجا ئوردىسى) غا چۈشتى.

كەشمىرنىڭ پايتەختى پەتھى قىلىنغان بولسىمۇ، ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرقىسىم خەلق بويسۇنماي تاغلاردا مۇستەھكەم يەرلەرنى ئىگىلەپ قارشىلىق كۆرسەتمەكتەئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەتھى تولۇق پەتھى دەپ ھېسابلانمايتتى. كەشمىرلىكلەرنى مۇستەھكەم يەرلىرىدىن مەيدانغا چىقىرىپ ئۇرۇشماق ئۈچۈن بىرھىيلە ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسكەندەر سۇلتان، ئەسكەرلىرى بىلەن كەشمىردىن چىقىپ كامراج دېگەن جايدا تۇردى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئاز- ئازدىن بۆلەپ كەشمىرلىكلەرگە ئۆيەردىن - بۇيەردىن تىگىپ قويۇپ، قارشىلىق كۆرسە چېكىنىپ يەنە ئۆزجايلىرغا قايتىپ كېلىپ تۇردى. بۇ ۋەزىيەت بىرئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، كەشمىرلىكلەر «تۈركلەر بىزدىن قورقىدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدى ۋە يەرلىرىدىن چىقىپ تۈرك ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. تۈركلەر بۇھۇجۇملارغا قارشى زەئىپلىك كۆرسىتىپ تۇردى. بۇنىڭغا ئالدانغان كەشمىرلىكلەر يۈرەكلىنىپ ھەممىسى مۇستەھكەم يەرلىرىدىن تاشقىرىغا چىقىپ باغى بون دېگەن جايدا توپلاندى ۋە تۈركلەرنىڭ ئۈستىگە باسقۇن قىلىش پىلانلىرىنى تۈزگىلى باشلىدى. بۇچاغدا، تۈركلەر تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ كەشمىرلىكلەرنى 4 ئەتراپتىن قورشاپ ئۆلتۈرگىلى باشلىدى. كەشمىرلىكلەرنىڭ مەلىك ئەلى باشلىق ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرى ئۆلتۈرۈلدى. «تاۋارىخى كەشمىر» دېگەن ئەسەردە، بۇئۇرۇشتا مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئولتۈرۈلگەنلىكىنى يازغان. كەشمىرلىكلەر ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، تۈركلەر كۆزلىگەن مەقسەدگە يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان كەشمىرلىكلەر قېچىپ يەنە ئىستىھكاملىرىغا كىرىۋالدى.

بۇ ۋەزىيەتتە ئەرتىيازغىچە، شەھەر - كەنتلەر تۈركلەرنىڭ قولىدا، تاغ ۋەجاڭگاللىق

كەشمىرلىكلەرنىڭ قولىدا تۇردى. ئەتىياز بولۇشى بىلەن ئۇرۇش يەنە باشلاندى. ھەرقېتىمقى ئۇرۇشتا كەشمىرلىكلەر مەغلۇپ بولسىمۇ، مەۋقەلىرى مۇستەھكەم بولغانلىقىدىن پاراكەندە بولۇپ كەتمىدى. ئاخىرى، تۈركلەر كەشمىرلىكلەرنىڭ ئىستىھكام مەۋقەلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇنىڭدا تۈركلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، قوماندانلار ئىچىدە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى سۈلھى يوللىرىنى ئىزدەش دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. كۆپچىلىك سۈلھى قىلىش تەرەپتارى ئىدى. شۇنداق بىرپەيتتە، كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى ۋە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى:

1 ـ كەشمىرنىڭ ھۆكمرانلىقى بۇرۇنقىدەك كەشمىرلىكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. 2 ـ خۇتبىدا سۇلتاننىڭ ئىسمى ئوقۇلىدۇ ۋە پۇل سۇلتاننىڭ ئىسمىدا چىقىرىلىدۇ. 3 ـ كەشمىرنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ يېرىمى ھەريىلى يەركەن خەزىنىسىگە يوللاپ بېرىلىدۇ. 4 ـ كەشمىر پادىشاھى مۇھەممەدشاھ قىزىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەدشاھ باشلىق كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى كېلىپ ئىسكەندەر سۇلتاننى زىيارەت قىلدى، ئىسكەندەر سۇلتانمۇ بەگلىرى بىلەن مۇھەممەدشاھنى زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا ھۆكۈمدارلار بىر ـ بىرلىرىگە شاھانە ھەدىيەلەر تەقدىم قىلىشتى. سۇلتان سەئىدخان بالتىستاننى پەتھى قىلىپ بولغىچە، قاتتىق قار يېغىپ بالتىستان بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈشى قىيىنلاشقانلىقتىن سۇلتان بالتىستاندا قىشلاپ قالدى. ئەرتىيازدا، يۇقىرىدىكى كەشمىر تىنچلىق كېلىشىمنى تەستىقلىدى ۋە ئىسكەندەر سۇلتاننى پۈتۈن ئەسكەر ۋە بەگلىرىنى ئېلىپ تىبەتكە قايتىشنى ئەمر قىلىپ، ئۆزىمۇ كەشمىرگە بارماستىن لاداخقا قايتتى. ئىسكەندەر سۇلتان ئەسكەرلىرى بىلەن كەشمىردىن قايتتى. ئۆتتۇرىدا تېخى پەتھى قىلىنماي قالغان جايلارنى پەتھى قىلغاچ شۇچاغلاردا لاداخنىڭ مەركىزى بولغان باشكا(بازگۇ) قەلئەسىدە سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى

سۇلتان سەئىدخان، تىبەت ۋە بالتىستاننىڭ پۈتۈن يەرلىرىگە ھاكىملارنى تەيىن قىلدى ۋە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزدى. پۈتۈن بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ قىبلىگاھى بولغان ئۈرسەڭ (ھازىرقى لاسا)، دۇلبە(چاڭتاڭ) ۋە كۆكنۇر(ھازىرقى چىڭخەي)، ئۆلكىلىرىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزىنى 2000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شەرقىي تىبەتكە يوللىدى. ئۆزى باسكا قەلئەسىدىن مېڭىپ نۇبرانىڭ مەركىزى بولغان ھۇندراس قەلئەسىدە قۇربان ھېيت نامازىنى ئوقۇپ يەركەنگە قاراپ

ماڭدى. قاراقورام داۋانىنىڭ دەپسەك چوقىسىغا كەلگەندە قاتتىق ئىسلاپ كەتتى[88] ۋە ساقىيالماي ھىجرى 939 ـ (مىلادى1532ـ) يىلى زۇلھەججىنىڭ 16ـ كۈنى يولدا، ۋاپات بولدى. جەسىدىنى بەگلىرى يەركەنگە ئېلىپ كېلىپ ئەرك (خانلىق ئوردا) بېغىدا يەرلىككە قويىدى. ھازىرقى ئالتۇن مازار، سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مازىرى. شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن تارتىپ پادىشالارنىڭ مازىرىدۇر «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتىلىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» دە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۈپىتى ۋە تەرىپى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. قىسقىسى، سۇلتان سەئىدخان، رەھىمدىل، داھى، سىياسەتچى، دىندار، ئالىملارنى دوست تۇتىدىغان، ئادىل بىر زات ئىدى. راھەتپەرەستلىك ۋە ئەيشى ـ ئەشرەتنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئوۋ ئوۋلاشنى، ساياھەت قىلىشنى ۋە غازات يۈرۈشلىرىگە قاتنىششنى ياخشى كۆرەتتى. چېقىمچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيتتى، قان تۆكۈشتىن نەپرەتلىنەتتى .

ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزاسۇلتاننى باسكادىن ئۈزۈتۈپ قويۇپ ئىككى قولغا ئايرىلىپ، لاساغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئالدىغا ئۇچرىغان تىبەتلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئىلگىرلىدى. ھىندىستاندىن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھىنى مۇداپىئە قىلىشقا كەلگەن بىرقانچە مىڭ ھىندۇ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. سەتلەج دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىسكەندەر سۇلتان ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ، ھەيدەر مىرزا 900 ئەسكىرى بىلەن لاساغا يۈردى. لېكىن، يولدا ئاتلار ۋە ئەسكەرلەر ئىسلاپ، ماڭالماي قالدى. لاساغا سەككىز كۈنلۈك يول قالغاندا ئاتلارنىڭ يېرىمى ئۆلدى، ئەسكەرلەر پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لاسادا دۈشمەننىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسكىرى بارلىقى مەلۇم بولدى. ھەيدەر مىرزا بۇنى ئاڭلاپ، لاسا غا بارماي، ئەتراپتىكى تىبەت كەنتلىرىگە باسقۇن قىلىپ، 100000 تۇياق قوي، 20000 قوتاز، بىرقانچە يۈز توتى(تىبەتنىڭ داڭلىق كىچىك ئاتلىرى) ۋە يۈزلەرچە خەلقنى ئەسىر ئېلىپ، ھىجرى 940 ـ (مىلادى 1533ـ) يىلى يازدا، لاداختا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## ئابدۇرىشت خاننىڭ سۇلتان بولغانلىقى

سۇلتان سەئىدخان دەپنى قىلىنغان كۈنلەردە، ۋەلىئەھدى ئابدۇرىشىت سۇلتان ئۈچ (ئاقسۇ) دا ئىدى. سۇلتان دەپنى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمرى كەبىر سىيد مۇھەممەدمىرزا، قەشقەردىن كېلىپ تەزىيەت مۇراسىمنى بەجا كەلتۈردى ۋە پۈتۈن خان جەمەتى ۋە بەگلەرنى يىغىپ، ئۆزىنى «ئەڭ ئالىي ئەمىر» دەپ تەستىقلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرىشت سۇلتاننى قورچاق سۇلتان قىلىپ، پۈتۈن ھەربىي

[88] ئىسلاپ كېتىش ـ ئېگىزلىكتىكى شالاڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېسىلى ( ن . ش. ھ. ).

ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئۆزى ئىگىلەشنىڭ كويىغا چۈشتى. سىيد مۇھەممەدمىرزىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بەزى بەگلەر ۋە خان جەمەتىدىكىلەرمەخپى سۈرەتتە ئابدۇرىشىت سۇلتانغا مەلۇم قىلدى. بۇئارىدا ئابدۇرىشت سۇلتان يەركەنگە كەلدى، سىيد مۇھەممەدمىرزا باشلىق شەھەرخەلقى چوڭ ـ كىچىك ھەممەكىشى ئۇنى قارشى ئېلىشقا شەھەر سىرتىغا چىقتى. ئابدۇرىشت سۇلتان، سىيد مۇھەممەدمىرزانى قارشى ئېلىشقا چىققان يەردە بىر پۇرسەت تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئادەم تەيىنلىگەنىدى. سىيد مۇھەممەدمىرزا ئابدۇرىشت سۇلتاننى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە تازىم قىلىپ سالام بەرگەن پەيتتە، ئابدۇرىشت سۇلتاننىڭ ئادەملىرى ئۇنى ۋە ياردەمچىسى سىيد ئەلىنى قىلىچ بىلەن قيما ـ چيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇرىشت سولتان ئۇ يەردىن ئۇدۇل سۇلتان سەئىدخاننىڭ مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە قايتىپ ئوردىغا كەلدى. تەزىيە ۋە ماتەم مۇراسىملىرىنى ئادا قىلدى. ھىجرى 940- يىلى مۇھەررەم ئاينىڭ 1- كۈنى (مىلادى 1533- يىلى 7- ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) ئەنئەنىۋىي مۇراسىم بىلەن ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن بەگ ۋە خەلقلەرنىڭ بەيئىتىنى ئېلىپ ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ بۈيۈك خانى ئېلان قىلدى.

سىيد مۇھەممەدمىرزىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئوغۇللىرى تۈرمىگە ئېلىندى. ئەمىرئەلى تاغايغا ئەمىركەبىر ئۇنۋانى بېرىلدى ۋە قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. مەنسۇرخان بۇرۇنقىدەك، خانغا تەۋە بولۇپ تۇرپاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيلىقىدا تۇردى. تىبەتكە، ئىسكەندەر سۇلتان ۋالىي بولدى، ئۇيەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. تىبەتلىكلەر، بۇرۇنقى ئەسكەرلەرنىڭ قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممە يەردە ئىسيان باشلاتتى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ بۇ ئىسيانلارغا كۈچى يەتمەي تىبەتتىن چېكىنىشكە مەجبۇربولدى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەركەنگە قايتىپ كەلدى. ھەيدەر مىرزا، سۇلتان ئابدۇرىشتتىن قورقۇپ يەركەنگە كەلمىدى، راسكام تاغ ئېغىزى ئارقىلىق بەدەخشانغا ئۆتتى. بەدەخشاندىن بابۇرشاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇننىڭ يېنىغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ بېشىنى يىگەن تىبەت ۋە كەشمىر ھاكىمىيىتى بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلالمىدى.

**مۆھتەرەم كىتابخانلارغا ئۆزرىمىز:**

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم پارچىسى بولغان سەئىدىيە دۆلىتىگە مۆناسىۋەتلىك مەلۇماتىمىزنىڭ يىگانە مەنبەسى «تارىخى رەشىدى» دىن ئىبارەتتۇر. سۇلتان ئابدۇرىشت خاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىدىن تارتىپ، تاكى چىن ئىستىلاسىغىچە ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا، «تارىخى رەشىدىنىڭ» ئاپىغىدا بىرقانچە جايدا قوشۇمچە قىلىنغان «زەيلى» لىرىدىن باشقا مەنبە تېپىلمىدى. بۇسەۋەپتىن، سۇلتان ئابدۇرىشت خاندىن ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ناھايىتى قىسقا سۆزلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئىنشائاللاھ، ئىشەنچلىك

مەنبەلەر تېپىلىپ، بۇ بوشلۇق تولۇقلانغۇسىدۇر.

ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىدىن باشلاپ، ھازىرغىچە يەنى، ھىجرى 1048- 1359- (مىلادى 1638 دىن 1940-) يىللىرىغا قەدەر يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كۆكلۈمدىكىدەك تەپسىلى يېزىشىم ئۈچۈن قولۇمدىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەقەلەردىن، توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىنغانلىرىمنى بەزىدە تەپسىلى ۋە بەزىدە قىسقا ھالدا بايان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ چارىسىز يېتەرسىزلىكلىرىم ئۈچۈن مۆھتەرەم كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

## ھىجرى 940 ـــ 1048 ـ (مىلادى 1533 ـــ 1638-) يىللىرى ئارىسىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر

سۇلتان ئابدۇرىشىت خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالتاي ۋە ئىمىلدىن باشقا ھازىرقى شەرقىي ـ تۈركىستان ئۆلكىلىرى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە يۇرتلار بولۇپ، خەلق ناھايىتى تىنچ ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

ھىجرى 950 ـ (مىلادى 1543-) يىلى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى مەنسۇرخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى شاھخان ئومۇمىي ۋالىي بولدى.

ھىجرى 978 ـ مىلادى (1570 ـ) يىلى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى شوجائىددىن ـ ئەھمەدخان تەختكە چىقتى. شۇيىلى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى شاھخان ۋاپات بولدى

شۇجائىددىن ئەھمەدخاندىن كېيىن، ئابدۇلكېرىمخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، مەھەممەدخان ۋە ئابدۇللىتىپ خانلارخانلىق تەختىگە چىقتى. بۇ تۆت كىشىنىڭ 59 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. بۇلارنىڭ تەختكە چىقىش ۋە ۋاپات بولۇش يىللىرىمۇ ئېنىق ئەمەس. سۇلتان ئابدۇللىتىپ خان ھىجرى 1037- مىلادى (1627-) يىلى ۋاپات بولدى. بۇئارىدا، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەۋلادىدىن ئابدېرىھىم خان تۇرپاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى ئىدى، ئۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ سەئىدىيە دۆلىتىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى.

سۇلتان ئابدۇللىتىپ خان ئۆلگەندىن كېيىن، شاھزادىلار ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ قانلىق ئۇرۇشلارئون يىل داۋام قىلىپ ئاخىرى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى ئابدېرىھىم خاننىڭ ئوغلى ئابدوللاخان، ھەممىگە غالىپ كېلىپ جېدەلنى بېسىقتۇردى ۋە يەركەن تەختىنى ئىگەللىدى.

## ئابدۇللاخاننىڭ خانلىق دەۋرى

ئابدۇللاخان ھىجرى 1048ـ (مىلادى 1638ـ) يىلى يەركەن تەختىگە چىقىپ، ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى. شۇچاغدىكى سەئىدىيە دۆلىتىگە قاراشلىق ئۆلكىلەردىن ئالتى شەھەر، تۇرپان، بەشبالىق ۋە غولجىنى ئابدۇللاخان بىۋاستە ئۆز ئىدارىسىگە ئالدى. نەتىجىدە، بۇ يەرلەردە ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئىگە ھېچبىر ھۆكۈمەت قالمىدى. بۇ سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ھەربىي، مەمۇرىي ۋە مالىيە ئىشلىرى بىر يەرگە باغلانغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت كۈچلەندى، يۇرتنىڭ تىنچلىقى ساقلاندى، ئەسكىرىي كۈچ كۆپ تەرەققى قىلدى. غەربدىكى كىچىك خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىگە ئەسكەر يىغىپ، پەرغانىغا ئەسكەر يوللاش تەييارلىقىنى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان تاشكەنت ۋە قوقەنت خانلىرى ئابدۇللاخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇللاخان بۇلارنى، ھەريىلى كىرىمنىڭ بەلگىلەنگەن بىرمىقدارىنى يەركەن خەزىنىسىگە يوللاش ۋە خۇتبىنى ئابدۇللاخاننىڭ نامىدا ئوقۇش شەرتلىرى بىلەن ئۆز ھامىيلىقىغا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ بۈيۈك بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە تەۋە بولدى. ئابدۇللاخان. ئۇرۇشلاردا ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى، جامە ـ مەدرىسەلەرنى، كارۋان يوللىرىنى، يول ئۈستىدىكى لەڭگەر(دەڭ) لەرنى ۋە قۇدۇقلارنى يېڭىدىن ياساپ چىقتى. قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەندە بىردىن بۈيۈك مەدرىسە سالدى. بۇ مەدرىسلەرگە نۇرغۇن يەرلەرنى ھەتتا كەنتلەرنى ۋەخپى قىلدى. «خانلىق مەدرىسە» دەپ ئاتالغان بۇمەشھۇر مەدرىسلەر ۋە ۋەخپىلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئابدۇللاخان، يۇرتنى ئاۋات قىلىش ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. نۇرغۇن ئېرىق ـ ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، توغان ياساپ سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، خوتەن ۋە كېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى چىرىيە شەھرىنىڭ تۆت چوڭ ئۆستىڭى ۋە «تورما» (ئېتىزلارغا نۆۋەت بىلەن سۇ ئېلىش تۈزۈمى) ئابدۇللاخاننىڭ تارىخى تۆھپىلىرىدىن بىرىدۇر.

ھىجرى 1075ـ (مىلادى 1664ـ) يىللىرى ئەتراپىدا كېرىيە ۋە چەرچەننىڭ تاغلىق قىسىملىرىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇسۇلمان بولمىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسيان چىقاردى ۋە كېرىيە شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ خەلقنى قەتلىئام قىلدى. ئابدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ، يەركەندىن كېرىيىگە يۈرۈش قىلىپ سېرىق ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلدى. سېرىق ئۇيغۇرلارتاغلارغا قاچتى. ئابدۇللاخان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەر يوللاپ، قوغلاپ يەتكەن يەردە ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى تامامەن يوقىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە،كېرىيە ۋە چەرچەن تاغلىرىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بىرسىنىمۇ ساق قويماي يوق قىلدى.

ئابدۇللاخاننىڭ زامانىسىدا قالماقلار ناھايىتى كۈچلىنىپ، قازاقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ھىجرى 1070ـ(مىلادى 1659 ـ) يىلى ئەتراپىدا غولجا ۋە بەشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ

ئەسكەرلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولدى، قۇمۇل ۋە شەھەرلىرىمۇ قالماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. (بۇ ئۇرۇشلار ھەققىدە باشقا تەپسىلى مەلۇماتىمىز يوق) نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىسمى سەئىدىيە دۆلىتىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، يالغۇز ئالتە شەھەر قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي كۈچى بەك ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئابدۇللاخان دەۋرىدە، غەربىي تۈركىستاندىكى پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ئۆزبېك خانلىرى دائىم بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يۇرتنى ۋەيران قىلماقتا ئىدى. بۇ ئەنسىز ۋەزىيەتتىن قاچقان خەلق شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىن ئېتىپ كۆچۈپ كەلگىلى باشلىدى. ئابدۇللاخان بۇ كۆچمەنلەرگە كۆپ رەھىم - شەپقەت قىلىپ ياخشى كۈتۈۋالدى، يەر كۆرسىتىپ بەردى، تۇرمۇشىنىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كۆچمەنلەر ئارىسىدا «سەيىد» لىق داۋاسى قىلىدىغان بەزى «خوجا» لار بارئىدى. ئۇ زامانلاردا، «مەن تەرىقەت مۇرشىدى» ياكى «مەن سەيىد» دېگەن كىشىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى تارىخ ئوقۇغان ھەممە كىشىگە ئايان.

ئابدۇللاخان بۇ خوجىلارغا ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلىپ، ھەر ئىشنى ئۇلارنىڭ ئىستىخارىلىرى ۋە مەسلىھەتلىرى بويىچە قىلىدىغان، ھەر نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىغا پىدا قىلىدىغان بولدى. ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، پۈتۈن خانلىق خانىدانىدىكى كىشىلەرنى ۋە دۆلەت كاتتىلىرىنى بۇ خوجىلارغا مۇرىت قىلدى. بارا - بارا خەلق ئاممىسى، بۇ خوجىلارنى تەسەۋۋۇرنىڭ ئۈستىدە يۈكسەك بىر مەرتىۋىگە ئىگە كىشىلەر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خوجىلارنىڭ نوپۇزى، باشقا ھەرقانداق بىر نوپۇزلۇق كىشىدىن ئۈستۈن ھالغا كەلدى [89].

ئابدۇللاخاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىختا كۆرۈلمىگەن پالاكەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىغا مانا، بۇ خوجىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە تۈزكورلۇقى سەۋەپ بولدى. بۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## ئابدۇللاخاننىڭ خانلىقتىن يىقىلىشى

ئابدۇللاخان، ئوغۇللىرىدىن يولبارسخاننى قەشقەرگە ۋالىي قىلغانىدى. يولبارسخان بەك زالىم ۋە مۇستەبىت بىر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاخان ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ھەتتا يوقىتىشقا قارار قىلدى. يولبارسخان دادىسىنىڭ بۇ نىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ، دەرھال ئىسيان كۆتۈردى. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر يوللىدى، بۇ ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولدى.

89 نوپۇز - يۈز ئابرۇي، ھوقۇق ۋە ياكى تەسىر دائىرىسى دېگەن مەنىدە(ن. ش. ھ.).

ئىككىنچى قېتىم دادا - بالا ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولدى ۋە ھىجرى 1078 - (مىلادى1667-) يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى.

ئابدۇللاخان، ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن كۆرگەن بۇ يامانلىققا چىدىيالماي، تەختنى تاشلاپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە قارار قىلدى. ئورنىغا كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىن خاننى تەختكە چىقىرىپ، ئۆزى بىرقىسىم يېقىن ئادەملىرىنى، ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر(ھىندىستان پادىشاھى) بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ كەشمىر ۋالىيسى مۇبارىزخانغا، ئابدۇللاخاننى پادىشاھقا لايىق ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، دېھلىگە يولغا سېلىشنى بۇيرۇدى. مۇبارىزخان، ئابدۇللاخاننى زور ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە بىرقانچە كۈن دەم ئالدۇرۇپ دېھلىگە يولغا سالدى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر ئابدۇللاخاننى ھەشەمەتلىك مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىپ ناھايىتى ھۆرمەت قىلدى. ئابدۇللاخان دېھلىدىن مەككىگە بېرىپ، ھەج قىلىپ يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر ئابدۇللاخانغا، «ئوغوللىرىنىڭ سىلىگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن قاتتىق بىئارام بولدۇم، ئەمدى ۋەتەنلىرىگە قايتمىسۇنلار. مىنى ئۆز ئوغوللىرى ئورنىدا كۆرۈپ ھىندىستاندا تۇرۇپ قالسۇنلار. ۋاپادار بىر ئوغۇللىرىدەك خىزمەتلىرىنى قىلىمەن» دېگەن. ئابدۇللاخان بۇ ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھىندىستاندا قالدى. يازنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھىجرى 1080-(مىلادى 1669-) يىلى كەشمىرگە كەلگەندە شۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئابدۇللاخان يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يولبارسخان ئابدۇلمۆمىن خاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزى خان بولدى. ئىككى يىل ناھايىتى زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ ھىجرى 1081 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى. «تارىخى رەشىدى» دە يولبارسخاننىڭ زالىملىقىنى تەسۋىرلەپ، « شۇنداق بىر زالىم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھۇججاج زالىم خىجىل بولاتتى، زۇھاك ماران يامانلاپ كېتەتتى» دەپ يېزىلغان.

## ئىسمائىل خاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تۈزكورلۇقى

يولبارسخاننىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالمىغان خەلق ئۇنىڭغا قارشى بىرئومۇمىي ئىنقىلاب قوزغىدى، يولبارسخان ئۆلتۈرۈلدى. خانلىق تەختىگە ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان چىقىپ، يۇرتنى تىنچىتتى. ئىسمائىل خاننىڭ زامانىسىدا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن كۆچمەن «خوجا» لاردىن ھىدايىتۇللا خوجا دېگەن بىرسى، بەك نۇپۇز تېپىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ نۇپۇزىغا قانائەت قىلماي، خانلىق تەختىگە كۆز تىكىشكە باشلىدى. ھىجرى1087 -(مىلاى 1676-) يىلى جاھىل مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشكارا ئاسىلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاش - نان بەرگەن، ئىززەت ئابروي بەرگەن دۆلەتنىڭ خانى ئىسمائىل

خانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. يەركەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەر ئىچىدىكى مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەرنى قولغا چۈشۈردى. ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ ئېلان قىلدى.

ھىدايىتۇللاخوجىنىڭ بۇ ئىستىلاسى ئۇزۇنغا بارمىدى. 3 ـ 4 ئاي ئۆتمەي خانلىق جەمەتىدىن مۇھەممەدئىمىن خان نۇرغۇن قۇۋۋەت توپلاپ، ھىدايىتۇللا خوجىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ھىدايىتۇللاخوجا ئەسىر ئالغان ئىسمائىل خان ۋە بالاچاقىلىرىنى بىرگە ئېلىپ، ئىلىغا قېچىپ بېرىپ قالماق خانى «گالدان قونتاجى» دىن باشپاناھلىق ۋە مۇھەممەدئىمىن خانغا قارشى ياردەم تىلىدى[90].

## سەئىدىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

ھىدايىتوللا غۇجىنىڭ ياردەم تىلەپ كېلىشى گالدان (غالدان) نىڭ ئارزۇسىغا تازا ئۇيغۇن كەلدى. چۈنكى، غالداننىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇسى ئالتە شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئەمما، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەسى، ۋە ئەگەر ئىشغال قىلغاندىمۇ ئۇيەردە پۇت ـ تىرەپ تۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ھىدايىتۇللاخوجا بولسا ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پىرى ۋە پېشۋاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولاراقى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئىتائەت قىلىشى چوقۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غالدان ھىدايىتۇللاخوجىنى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا قالماقلارنىڭ شەرەپ ئۇنۋانى «ئاباق» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. كېيىنچە، بۇنى مۇرىتلىرى ئۆزىچە بۇزۇپ «ئاپاق»، «ئاپئاق» ۋە يا «ئاپپاق» دەپ ئاتىۋالغان.

ھىجرى 1090ـ (مىلادى 1679ـ) يىلى غالدان، ھىدايىتۇللاغوجىنى ئالدىغا سېلىپ، 60000 ئەسكىرى بىلەن ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەدئىمىن خان قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇداپىئە قىلىپ، غالداننى ئاقسۇدىن ئۆتكۈزمەي تۇستى. لېكىن، ئاپاق (ئاباق) غوجىنىڭ تەشۋىقى بىلەن ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى مۆرىتلىرى توپىلاڭ چىقارغانلىقتىن، مۇھەممەد ئىمىن خان يەركەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.غالدان قەشقەر ۋە ئاقسۇنى توسالغۇسىز ئىشغال قىلدى. بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت تەرەپتارلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇندىن كېيىن، يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن خان شەھەرگە كىرىۋېلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. غالدان يەركەندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىرپەيتتە، ئاپاق خوجىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى مۇرىتلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە بۇخائىن مۇرىتلەر «غوجامغا دەرۋازىنى ئاچتۇق» دەپ قالماقلارغا سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرگەن قالماق ئەسكەرلىرى، ئىنتايىن دەھشەتلىك قەتلىئام ۋە بولاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزدى. مۇھەممەد ئىمىن خان. ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. نەتىجىدە 170 يىللىق بىر مىللىي ۋە ئىسلام دۆلىتى يىقىلدى.

90 گالدان قونتاجىنى ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «غالدان قۇنتەيجى» دەپ ئالماقتا ئە. بايتۇر 1214ـ بەت (ن. ش. ھ.).

## سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى ۋە ئەسكىرىي ئىشلىرى

سەئىدىيە دۆلىتى، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېساپلىناتتى. چۈنكى، بۇ دەۋردە، غەربىي تۈركىستان ۋە شىمالىي ئۆلكىلەر پارچىلىنىپ، كىچىك - كىچىك خانلىقلارغا يەنى، ئۆزبېك خانلىقى، قازاق خانلىقى ۋە قالماق خانلىقى دېگەندەك خانلىق ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئالتاي ۋە ئىمىل ئۆلكىلىرىدىن باشقا پۈتۈن قىسمى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىدى.

سەئىدىيە دۆلىتى چوڭ بىرخانلىق دۆلىتى بولۇپ، رەسمىي پايتەختى يەركەن ئىدى. لېكىن، ئىچكىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش ئىككى مۇستەقىل ئىدارىي تەشكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئىدارىي تەشكىللەرنىڭ، بىرسى يەركەندىكى خانلىق ئوردىسىدا بولۇپ، كۇچادىن باشقا پۈتۈن ئالتى شەھەر ۋىلايەتلىرى بىۋاستە بۇ ئورۇنغا قاراشلىق ئىدى. بۇ ئۆلكىلەرگە ۋالىي، ھاكىم تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش بۇمەركەز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. پۈتۈن مالىي كىرىم خانىنىڭ خەزىنىسىگە كىرەتتى. يەنە بىر ئىدارە تۇرپان ئومۇمىي ۋالىي ئىدارىسى بولۇپ، كۇچا دىن تارتىپ قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىغىچە سوزۇلغان ئۆلكىلەرنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئىشلىرى ۋە مالىيەسى بۇ ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇ ھەر ئىككى ئىدارىي تۈزۈمدە ئوخشاش بىرخىل قانۇن يۈرگۈزۈلەتتى. ئەدلىيە ۋە جازا ئىشلىرى شەرىئەت قازىسىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ. ھەر بىرشەھەر ۋە كەنتتە مۇنتىزىم مەھكىمە شەرئى ۋە تۈرمە بار ئىدى. ساقچىلىق ۋەزىپىسى ئۈچۈن ئايرىم ئىدارە تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بولارغا غەربىي تۈركىستاندىكىگە ئوخشاش«كوتۋال» ياكى «شەھنەلىك» دەپ نام بېرىلگەنىدى. ساقچى ئىدارىسى ئەڭ ئىنتىزاملىق ئورۇن بولۇپ ساقچى باشلىقىنى «مىرشەب» دەپ ئاتايتتى[91].

مالىيەكىرىم جەھەتتە، ھەربىر تاناپ تېرىلغۇ زىمىن ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئالۋاڭ، چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت ئۇچى ئېلىناتتى. تىجارەتچىلەرماللىرىدىن زاكات، دېھقانلار يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتقا ئۆشرە تۆلەيتتى. بۇلارنى خەلقتىن يىغىۋېلىش ۋە خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا ھاكىملار مەسئۇل ئىدى. چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكى خەلقنى سىنىپلارغا ئايرىپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى سەئىدىيە دۆلىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى.

دۆلەت بېشىدىكى خانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ھەر يىلى يۇرتنىڭ بىرقىسمىغا ساياھەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى، خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن

91 كۆتوال - پارسچىدە، ساقچى ئىدارىسى، مىرشەپ - كۆزەتچى (ساقچى) باشلىقى دېگەنلىكتۇر (ن. ش. ھ).

كېرەكلىك خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىگىشلىك ئورۇنلارغا بۇيرۇق بېرىشنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارايتتى.

سەئىدىيە دۆلىتى ئەسكىرىي ئىشلارغا، بۇرۇنقى تۈرك دۆلەتلىرىدەك كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن. چۈنكى، بۇدۆلەتنىڭ سىياسىتى كېڭەيمىچىلىك قىلىش بولماي، بەلكى، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە تىنچلىقنى ئاساس قىلىش ئىدى. خوشنا دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلالىغۇدەك كۈچلۈك دۆلەتلەر ئەمەستى، ھەممىسى بۆلۈنگەن ئۇششاق بەگلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى.

شەرقتە، ئۇچاغدىكى چىندە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان مىڭ ئىمپېراتورلۇقى ئاجىز بىر ۋەزىيەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىمالى يوقتى. مانا بۇ سەۋەپتىن سەئىدىيە دۆلىتى ئىچكى جەھەتتىكى تىنچلىقنى قوغداشقا يەتكۇدەكلا ئەسكىرى كۈچ ساقلىغان. بۇ ئەسكەرلەرمۇ ئىككى ئىدارى مەركەزگە تارقىتىلغانىدى. يەركەندە خاننىڭ باشچىلىقىدا بىر قانچە مىڭ ئەسكەر تۇراتتى. ۋالىيلىق مەركەزلىرىدىمۇ ۋالىي باشچىلىقىدا بىرمىقدار ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانىدى. توپۇلاڭ چىقىپ قالغاندا، ئۇ يەرلەرگە يەركەندىن ئەسكەر يوللاپ بېسىقتۇرۇلغان. تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيلىقىنىڭ قول ئاستىدا بىر قانچە ئەسكەر بولۇپ، شىمالدىن قالماقلارنىڭ، جەنۇبدىن كۇكۇ ئۆلكىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ۋەزىپىسى بۇلارغا بېرىلگەن. پەقەت ئابدۇللاخان زامانىسىدا قالماقلار بەك كۈچلىنىپ كېتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا خەۋپ سالغىلى باشلىغاندىلا، ئەسكىرىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىلىپ خېلى كۆپ، ۋە كۈچلۈك بىرقوشۇن تەييارلانغان ۋە بۇنىڭغا تايىنىپ، تاشكەنت ۋە قوقەنتلەرنى ھامىيلىقىغا ئالغان. كېيىنچە، قالماقلار زەربىسى بىلەن بۇ قوشۇن ئاجىزلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئابدۇللاخان ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنداقلا بۇ دۆلەتنىڭ يىقىلىشىغا ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەپ بولدى.

## ئىقتىسادىي ئەھۋالى

قاراخانلار دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا، سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە يۇرتنىڭ ئومۇمىي تىنچلىق ۋەزىيىتى سايىسىدا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى زوردەرىجىدە ئاشقان. ئىچ تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشى تېز ۋە نەتىجىلىك بولۇشى بىلەن شەھەرلەر ۋە بازارلار روناق تېپىپ، ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. تاشقى سودا ـ سېتىق ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا، ئەڭ مۇھىم تىجارەت شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇ دەۋردە سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادا ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەدە تۇرىۋاتقان چىن ۋە ھىندىستانغا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىجارەت كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي بېرىپ ـ كېلىپ تۇراتتى. شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر چىنگە ئالتۇن، قاشتېشى، جاۋاھىرات، خام (ماتا)، چەكمەن، يۇڭ، تېرە ۋە

زىلچە(گىلەم) قاتارلىق ماللارنى ئاپىرىپ سېتىپ، چىندىن فار ـ فۇر بۇيۇملىرى، يىپەك رەخ ۋە چىنە-قاچا ئېلىپ كېلەتتى. ھىندىستانغا كىگىز، خام، چەكمەن، ئالتۇن ۋە چىن ماللىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ ئۇ يەردىن دورا، ئەتىر، قارامۇچ، دارچىن قاتارلىق دورا- دەرمەكلەر ۋەكەشمىر شالى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. غەربىي تۈركىستان ۋە ئافغانىستانغا بولسا خام، چەكمەن، گىلەم، تۆمۈر، باقىر(مىس ) ئات ۋە چىن ماللىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇيەردىن بۇ تەرەپكە توغرا كېلىدىغان ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى.

تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ كۆپ تەرەققى قىلغانلىقىنى، بۇدەۋردە يېڭىدىن ئاۋاتلاشقان يۇرتلارنىڭ كۆپلىكى ۋە يېڭىدىن ياسالغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كارىزلارنىڭ كۆپلىكى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالتى شەھەردە، قۇملۇق چۆللەرگە ئېقىپ سىڭىپ كېتىدىغان كەلكۈن سۈيىنى، قوللۇنۇشقا ئەپسىز دەريا ۋە جىلغا سۇلىرىنى پۇتۇنلەي تىزگىنلەپ، ئۆستەڭ چېپىپ، سۇنى ئېتىزغا باشلاپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سوغۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىنغان. مەسىلەن: خوتەن بىلەن كىرىيە ئوتتۇرىسىدا، ھاڭگى، چىرا،گۇلاخما، قاراقىر ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يۈز لەرچەكەنتلەر؛ گوما ۋە قارغىلىق ئوتتۇرىسدىكى قۇملوق چۆل بولىرىدىكى يېزا ـ كەنتلەر؛ مەكىت، مارالبېشى، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇدىكى باي، كۇچادىكى يېڭىسار، شايار، قەشقەردىكى پەيزىئاۋات قاتارلىقلار ۋە ئۆندىن باشقا چەكسىز تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ياكى بۇرۇن خاراپ بولغانلىرى بۇ دۆلەتنىڭ يوقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە يېڭىدىن ئاۋات قىلىنغان .

شەرقىي تۈركىستان خەلقى قەدىمدىن تارتىپ سانائەت (قول سانائەت) ساھەسىدە تەرەققى قىلغان خەلق بولغانلىقىدىن، سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدىكى تىنچ ۋەزىيەتتە بۇ سانائەت تەرەققىياتى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ئۇ دەۋرنىڭ مىمارلىق ئەسەرلىرىدىن قالماقلار، خوجالار، كانجۇتلار ۋە چىنلىقلارنىڭ بوزۇپ ـ چېقىشلىرىدىن ساق قېلىپ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى بەك ئاز. بۇ ئەسەرلەرگەكۆز ئاتقىنىمىزدا ئۇنىڭدىكى بىناكارلىق سەنئىتى، نەققاشلىق،گېئومېترىك ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يۈكسەك ماھارەتنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى باشقا ھەر قانداق بىناكارلىق سەنئىتىدىن كېيىن قالمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەقەت، بىر كەمچىلىكى، بۇ ئىمارەتلەردە تاش ئىشلەتمەي پىششىق كېسەك قوللىنىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاجاۋۇزچىلار ئۇ دەۋردىكى ئىمارەتلەرنى ئوڭايلا ۋەيران قىلىۋېتەلىگەن. بۇلاردىن زامانىمىزغىچە، بىر قانچە مەسجىد، جامە ۋە مازارگۇمبەزلىرى ساق قالغان.

سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە تۆمۈر، مىس ۋە كۆمۈشتىن ياسالغان ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە باشقا سەنئەت ئەسەرلىرىدىن، بۈگۈنمۇ خەلقىمىزنىڭ قولىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ياسىلىشىدىكى گۈزەل سەنئەت ھۈنىرى ۋە ئۇستىلىقى، ھازىرقىسىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ.

ھۆكۈمەت، كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، دۆلەت نازارىتى ئاستىدا

ناھايىتى تەرەققىي قىلدۇرغان. يېڭىساردىكى تۆمۈركاندىن، كوچا ئەتراپىدىكى مىس كانىدىن، ۋە خوتەن، كىرىيە ۋە چەرچەن كانلىرىدىن چىقىرىلغان تۆمۈر ۋە ئالتۇن، يۇرتنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، تاشقى دۆلەتلەرگىمۇ خېلى زور مىقداردا سېتىلغان.

بۇلاردىن باشقا قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك، توقۇمىچىلىق، خالۋاپلىق(گىلەم توقۇش)، يىپەكچىلىك ۋەكىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ناھايىتى تەرەققى قىلغانىدى. بۇلار ئىچكى بازار ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، تاشقىرىغىمۇ چىقىرىلاتتى. چەتتىن بولۇپمۇ كەشمىر ۋە ھىندىستاندىن نۇرغۇن ئۇستىلار كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ قول سانائىتىنى يايغان ۋە راۋاجلاندۇرغانىدى.

## مائارىپ ۋە ئەدەبىيات

مائارىپ ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ شۇ زامانىنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن ھالدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى مەلۇم. مەكتەپلەردە تۈركچە، دىنىي ۋە ئەدەبىي كىتابلار ۋە بىر ئاز پارسچە كىتابلار ئوقۇتۇلاتتى. مەدرىسلەردە، ئەرەبچىگە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، پەقەت سەرف ۋە نەھۋى، فىقھە ۋە ئۇسۇلى فىقھە، ئىلمى كالام ، ھەدىس، تەفسىر ۋە پەلسەپە بىلىملىرىدە تامامەن ئەرەبچە كىتابلاردىن دەرس بېرىلەتتى[92]. ئەخلاق ۋە ئەدەبىياتتا بولسا پارسچە كىتابلاردىن دەرس بېرىلەتتى. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركچىنى ئىلىم ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇش، سەئىدىيە دۆلىتى ئۆتكۈزگەن چوڭ بىرخاتالىق ئىدى.

خانلار، بەگلەر ۋە يۇرت كاتتىلىرى شەھەرلەردە، ناھىيىلەردە، يېزا - كەنتلەردە ھەتتا مەھەللىلەردە، سالدۇرغان مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر، ھەيران قالغىدەك كۆپ ئىدى. مانا، بۇلار شۇ زاماندىكى مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستان مەدرىسلىرىدە نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى. بۇلار«تارىخى رەشىدى» نىڭ زەيلىدە تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

ئەدەبىياتقا كەلسەك، گەرچە، مەدرىسلەردە ئەرەبچە ۋە پارسچە تىللىرىغا باشقىچە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بۇتىللاردا شېئىر يازىدىغان شائىرلارخېلى كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ تۈركچە ئەدەبىياتنىڭمۇ راۋاجلىنىشىنىڭ قوغداپ قېلىنلغانلىقى مەلۇم. شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بولغان خوتەنلىك «نوبىتى» نىڭ دىۋانىنىڭ قوليازمىسى ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. «تارىخى رەشىدى» يەنە نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. ئەپسۇسكى، ماڭا نوبىتىدىن باشقا

[92] **سەرف** - سىنتاكسىس. **نەھۋى** - مورفولوگىيە. **فىقھى** - ئىسلام ھوقۇقى. **ئۇسۇلى فىقھى** - ھوقوق مېتودولوگىيىسى **ئىلمى كالام** - ئىسلام ئەقىدىسىنى تەتقىق قىلىش ئىلمى(ن. ش. ھ.).

شائىرلىرىمىزنىڭ دىۋانلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇبىتنىڭ دىۋانىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ فۇزۇلى ۋە ناۋايى دەك ئۇچۇق پىكىرلىك ۋە ھەقىقىي بىر مۇتەسەۋۋۇف ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قولىيازما كىتابلار بەك تولا. قۇرئان، ھەدىس كىتابلىرى، كالام ئىلمى، ئەرەبچە ۋە پارسچە دىۋانلار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان كاتىپلىرىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغانلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇئەسەرلەرنىڭ ھۆسنى - كىتابىتى(چىرايلىق يېزىلىشى) ۋە باش سەھىپىلىرىنىڭ كىمىس (ئالتۇن ھەل) ۋە رەڭگا - رەڭ نەقىشلىرىدىكى ئۇستىلىق، شۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كاتىپلىق سەنئىتىدە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ھېچ ئارقىدا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتى

ئوتتۇرا ئەسىردە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا، تەسەۋۋۇپچىلىك (ئىشانلىق - سوپىلىق) كەسپىنىڭ راۋاج تاپقانلىقى ۋە تەسەۋۋۇپ شەيخلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئۈستىدىكى تەسىرى، تارىختىن خەۋىرى بار ھەرقانداق كىشىگە مەلۇم بولغان بىرمەسىلىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندا، بۇ تەسىر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، ھۆكۈمدار خانلار باشلىق پۈتۈن دۆلەت كاتتىلىرى ۋە خەلق بۇ تەسەۋۋۇپ مۇرشىد(شەيخ) لىرىغا مۇرىت ئىدى. بۇ مۇرشىد لارنىڭ، خالىس ۋە خەلقىقە ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى پرىنسىپىنى ئۆگىتىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى. بۇلارنىڭ تولىسى، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، دىنسىزلىك، مەسلەكسىزلىك، يالغان كارامەتچىلىك ۋە خانقا ساختىپەزلىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان دەججاللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يول بىلەن خەلقنى ئەۋھام پەرەستلىككە مۇپتىلا قىلىپ، ئۆز غەرەز لىرىگە ۋە دىنى مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن دەستەك قىلىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ساۋاتسىز ۋە جاھىل كىشىلەر، بىرتەرەپتىن ئىسلام يولىنى ئۇنۇتۇپ ئىلھاد دىنسىزلىك يولىغا چۈشتى[93]. يەنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى، بۇشەيخلەرنىڭ ئىختىيارىدا دەپ ئېتىقاد قىلىپ، خۇدا ۋە رەسۇلۇللاھنى ئۇنۇتۇپ، خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، شەيخلىرىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن ھەرنەرسىنى پىدا قىلىشتەك دەرىجىدە ئېزىپ كەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن، تۈركلىك خاسىيەتلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي پىداكارلىق روھىنى يوقىتىپ، روھسىز - ئۆلۈك ئىنسانلار قاتارىغا كىرىپ قالدى. بۇ دەججال مۇرشىد( شەيخ) لەر بىر- بىرلىرى بىلەن مەنپەئەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، ۋە

[93] رام قىلىش - ئۆزىگە باغلاش. **ئەۋھام** - ئەندىشە، قورقۇ. **الحاد**- دىن يولىدىن ئېزىقتۇرۇش(ن. ش. ھ.)

ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت يامان ئىللەتلىرىنى، مۇرتلىرى بولغان نادان خەلققە يۇقتۇرۇپ، مىللىي ۋە دىنىي بىرلىكنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئاداۋەت كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئۆزۈن مۇددەت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىشتەك پاجىئەنى ھازىرلىماقتا ئىدى !

## شەرقىي تۈركىستانغا قالماق تاجاۋۇزى

مۇھەممەدئىمىن خان شېھىت بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان قالماقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. غالدان قۇنتەيجى، پۈتۈن خەلقى مۇسۇلمان بولغان ئالتى شەھەرنى، قالماق ھاكىملىرى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ، ئاپاق (ئاباق) خوجىنى ئالتى شەھەرگە ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، قەشقەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باشقا شەھەر لەرگىمۇ ئاپاق خوجىنىڭ تۇغقانلىرىنى ھاكىم قىلدى. ئاپاق خوجىنىڭ قېشىدا بىرقانچە قالماق مەنسەپدارلىرى ۋە مىڭدەك قالماق ئەسكىرى تۇراتتى. باشقا ھاكىملار يېنىدىمۇ بىرقانچە قالماق ئەمەلدارلار ۋە بىر ئاز ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. غالدان بۇ ئىشلىرىنى پۇتتۇرۇپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى. مانا، بۇ شارائىتتا ئالتى شەھەر خەلقى قالماقلار ۋە خوجىلارنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدا، تارىختا كۆرۈلمىگەن بىر زۇلۇم ۋە ئىستىبدات ئاستىدا ئېزىلىپ، پالاكەتلىك بىرتەقدىرگە گىرىپتاربولدى.

ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلار، نامدا ۋالىي ۋە ھاكىملار بولۇپ، ھوقۇق قالماقلارنىڭ قولىدا ئىدى. پۈتۈن ئىشلار قالماقلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى. بۇ قارا يۈز خوجىلارنىڭ سەئىدىيە دۆلىتى زامانىسىدىكى ئىززەت - ئابرويى ۋە نوپۇزى قالمىدى. ئۇلار قالماقلار قولىدىكى بىرئىستىلا ۋاستىسى ئويۇنچاق بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قالماقلارغا كۈچۈكلىنىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيتتى. بۇ ۋەزىيەت، ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىگىچە يەنى، ھىجرى 1102 - يىلىغىچە داۋام قىلدى.

## قالماقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

شەرقىي تۈركىستاندا «قالماق» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرك قەبىلىسى[94]، ئالتاي تاغلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق «ئويىرات» دېگەن چوڭ بىر قەبىلىگە مەنسۇپ. بۇلارنى چىن مەنبەلىرىدە «ئەيلۇت» دەپ يازىدۇ. ياۋروپا تارىخچىلىرى بولسا «قالمۇق» دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بۇلارنىڭ «قالماق» دەپ

94 بەزى مەنبەلەردە قالماقلارنى «جوڭغار» دېگەن نام بىلەن، غەيرى تۈرك دەپ، كۆرسىتىدۇ. ئە. بايتۇر، 1198- بەت (ن.ش.ھ.).

ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مەلۇم ئەمەس. مانا مۇشۇنداق تۆت خىل ئىسمى بولغان بۇ قەبىلىنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. پەقەت، چىڭگىزخاننىڭ زامانىسىدىن باشلاپ، تارىخ سەھنىسىدە بۇلارنىڭ ئىسمى كۆرۈنۈشكە باشلىغان. دەسلەپتە، بۇلارچىڭگىزخانغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۆكتاي خاندانىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇبىلاي خانغا ۋە ئاخىردا چىندىن ھەيدىلىپ چىقىپ، موغۇلىستاندا بىرقاغانلىق (خاقانلىق) بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان خاقانلىققا تەۋە بولدى. تەخمىنەن ھىجرى 860 ـ (مىلادى 1397ـ) يىلى قالماقلار موغۇل خاقانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەتراپىدىكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۇگۈنكى «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. كېيىنچە، شەرقىي تۈركىستان چېگرالىرىغا، بەزىدە چىن چېگرالىرىغىمۇ تاجاۋۇز قىلغىلى باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى ئوگۇز(ھازىرقى ئالتاي) ۋە ئىمىل ( ھازىرقى چۆچەك) قاتارلىق جايلىرىنى ئىشغال قىلدى.

ھىجرى 854ـ (مىلادى 1450 ـ) يىلى قالماقلار، چىن ئىمپېراتورى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى ئەسىر ئالدى ۋە بېيجىڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىن، كۆپ باج تۆلەش شەرتى بىلەن ئىمپېراتورنى قويۇپ بېرىپ چىندىن قايتىپ چىقىپ كەتتى.

ھىجرى 860 ـ (مىلادى1455 ـ) يىلى قالماق خانى ئېسەن خان، موغۇلىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ ئۆزىنى «خاقان» ئېلان قىلدى. لېكىن، بىرىيلدىن كېيىن، موغۇللار ئۇنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قالماقلارنىڭ قۇۋۋىتى قالمىدى، ئىشغال قىلغان پۈتۈن جايلىرى قولدىن كەتتى. پەقەت، ئۆز يەرلىرىلا قولىدا قالدى.

ھىجرى 885 ـ (مىلادى 1480 ـ) يىلىغا كەلگەندە، تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى، كېپەك سۇلتان قالماقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە ئىككى ئوگۇز ۋە ئىمىلدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

ھىجرى 888 ـ (مىلادى 1483ـ) يىلى قالماقلار مۇستەقىللىقىنى تاشلاپ، موغۇلىستان خاقانى دايانخانغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك قالماقلار، شەرقىي تۈركىستان چېگرالىرىغا پات ـ پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. ھىجرى 900ـ (مىلادى 1494 ـ) يىللىرى، ئەھمەد ئالاچەخان قالماقلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا خىراج بېرىپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلغان. موغۇلىستان خاقانلىقى مۇنقەرىز بولۇپ، بۆلۈنمە خانلىقلار شەكلىدىكى ھۆكۈمرانلىققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قالماقلارمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىرخانلىق قۇرۇۋالدى. ھىجرى 1000ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىنتايىن كۈچلىنىپ كەتتى.

ھىجرى 1069ـ (مىلادى 1658 ـ) يىلى غەربكە ئىلگىرىلەپ كەلگەن قازاقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ،

ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئېرتىش بىلەن تۇبۇل دەريالىرى ئارىسىدىكى قازاق يۇرتلىرىنى تارتىۋالدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلار ئىلگىرىلەپ كېلىپ، قالماقلارنى بۇجايلاردىن ھەيدەپ چىقاردى.

ھىجرى 1070- (مىلادى 1659-) يىلىغا كەلگەندە، قالماقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇللا خاننى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ، ئىلى، بەشبالىق ۋە تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. بۇچاغدا تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ تەبلىغچىلىرى (دىننى تەشۋىق قىلىپ تارقاتقۇچىلار) قالماق ۋە موغۇللارنىڭ يۇرتلىرىغا كېلىپ، كەڭ كۆلەمدە دىنىي تەشۋىقلىرىنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، قالماقلار كونا دىنى بولغان شامان دىنىنى تاشلاپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندى. قالماق خانلىق جەمەتىدىن «غالدان» ئىسىملىك ئۆسمۈر ياشتىكى بىرسى، لاساغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر - بىرلىرى بىلەن تىركىشىۋاتقان، «قىزىل كۆلاھلىق» ۋە «سېرىق كۆلاھلىق» دېگەن ئىككى تەرەپ لامالاردىن، سېرىق كۆلاھلىقلارنىڭ قېشىدا تەربىيە ئالدى. ئاخىرى سېرىق كۆلاھلىق لاما لارنىڭ مەزھىپىگە كىردى.

غالدان، لاسادىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ يۇرتىغا كېلىپ، پۈتۈن قالماقلارنى «سېرىق كۆلاھلىق لاما» لار مەزھىپىگە كىرگۈزگەن. دېمەك، غالدان ئەسلىدە قالماق خاندانىغا مەنسۇپ بىرشاھزادە بولۇش بىلەن بىللە، قالماقلارنىڭ دىنىي ۋە مەزھەبىي پېشۋاسىمۇ بولغاندى.

غالدان ھىجرى 1087- (مىلادى 1675 -) يىلى خان بولدى ۋە ئۆزىگە قۇنتاجى (قۇنتەيجى) دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. دۆلىتىنى كۈچلەندۈردى ۋە تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتىپ، ئىككى ئۆگوز، ئىمىل، ئىلى ۋە ئالتايغىچە بولغان پۈتۈن جايلارنى ئىشغال قىلدى. غولجىدا ئالمالىققا يېقىن جايدا بىر شەھەر ياساپ ئۇنىڭغا «كۈرە» يەنى، ئىبادەتخانە دەپ، نام بېرىپ، پايتەخت قىلدى. ئۇندىن كېيىن، غالدان، تىبەتنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى ۋە سېرىق كۆلاھلىق لامالارنىڭ باشلىقىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا « دالاي لاما» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. ھازىرغىچە تىبەت دالاي لامانىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرماقتا.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، غالدان قۇنتەيجى ھىجرى 1090- (مىلادى 1679 -) يىلى ئالتى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتى شەھەرنى ئىشغال قىلغان ۋە ئاپاق خوجىنى ئالتى شەھەرگە ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندى. غالدان ھىجرى 1100 - (مىلادى 1688-) يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن موغۇلىستاننى بېسىۋالدى.( 19 - خەرىتىگە قاراڭ) ئۇندىن كېيىن، غالدان چىن ئىمپېراتورى كاڭشى بىلەن ئۇرۇشتى، نەتىجىدە، غالدان ئېغىرھالدا مەغلۇپ بولۇپ ھىجرى 1109 - (مىلادى 1687-) يىلى پۈتۈن موغۇلىستان، قۇمۇل ۋە بارىكۆلگىچە بولغان جايلارنى چىنلىقلار بېسىۋالدى . شۇيىلى غالدان ئۆلدى ۋە ئورنىغا نەۋرىسى «رابدان» خان بولدى[95]. رابدان خان

[95] بەزى مەنبەلەردە «رابدان» نى «ئاراپتان» دەپ ئالىدۇ. ئە. بايتۇر، 1228- بەت ( ن. ش. ھ ).

چىن ئىمپېراتورلۇقىغا سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن تەۋە بولۇپ، تۇرپان، ئىلى، ئىمىل ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالدى. ئالتى شەھەرمۇ قالماقلارنىڭ قول ئاستىدىن چىقىپ، كانجۇتلارنىڭ ھامىيلىقىغا كىرىۋالغان «قاراتاغلىق » خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. بۇلارنى تۆۋەندىكى بۆلۈملەردە تەپسىلى بايان قىلىمىز. ھىجرى 1120ـ (مىلادى 1708 ـ) يىلى رابدان قۇنتەيجى، قۇدرەت تېپىپ چىنگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن تارتىۋالغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇندىن كېيىن، ھىجرى 1130ـ (مىلادى 1718ـ) يىلى تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇيەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تىبەتنى قولىغا ئالدى. چىنلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن تىبەت ئىبادەتخانىسىنىڭ لامالىق ئورنىنى قولىغا ئېلىۋالغان، قىزىل كۇلاھلىق لاما (تاشى لاما) نى ئەسىرگە ئېلىپ، دالاي لامانى ئىككىنچى قېتىم تىبەت ئىبادەتخانىسىغا لاما قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. لېكىن، چىندىن زۇر بىرئەسكىري قوشۇن كېلىپ رابداننى مەغلۇپ قىلىپ، تىبەتنى تارتىۋالدى. رابدان دۆلىتىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى چىنلىقلاردىن قوغداش ئۈچۈن، ئۇرۇشۇپ ئۆلدى. رابداندىن كېيىن، ئوغلى تەختكە چىقتى. ئۇ چىنغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىمپېراتور يوڭچېڭنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

رابداننىڭ ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق جەمەتى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدەللىرى باشلاندى. شاھزادىلاردىن داۋانسى بەگ بىلەن ئامۇرسانا بەگلەر بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى داۋانسى بەگ غالىپ كېلىپ، تەختكە چىقتى. ئامۇرسانا قېچىپ چىن ئىمپېراتورى چيەنلۇڭدىن ياردەم تىلىدى. چيەنلۇڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرىي ياردىمى بىلەن ئامۇرسانا داۋانسىنى يوقىتىپ، ئۆزى خانلىق تەختىگە چىقتى.

چىنىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرى ياردەم ئىشى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەتمەستىن يۇرتنى بېسىۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامۇرسانا بەگ چىن ئەسكەرلىرىنى مەملىكىتىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ھىجرى 1171ـ ( مىلادى 1757) ـ يىلى چىنگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. چىنلىقلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى، پۈتۈن چىن ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى. يالغۇزجاۋخۇ(جاۋخۇي) ئىسىملىك قوماندانى قېچىپ قۇتۇلدى ۋە ئىمپېراتورغا بولغان ۋەقەنى ئاڭلاتتى. ئىمپېراتۇر، جاۋخۇينى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن يەنە ئىلىغا يوللىدى ۋە ئۇنىڭغا، قالماق يۇرتى(ئىلى، ئىمىل ئالتاي ۋە غەربىي موغۇلىستان) دىكى پۈتۈن خەلقنى يوق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئامۇر سانابەگ مەغلۇپ بولۇپ، سىبىرىيەگە قاچتى.

جاۋخۇي بۇيەرلەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، بىگۇناخەلقنى ئۆلتۈردى، ساق قالغانلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلدى. پۈتۈن شەھەر لەرنى ۋەيران قىلدى. نەتىجىدە، بۇجايلار تامامەن ئىنسانسىز بىرچۆل ھالىغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1758ـ) يىلى قالماق

دۆلىتى يىقىلدى. شۇ تارىختىن تارتىپ قالماقلارچىن ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىماقتا. غالدان قۇنتەيجىنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ، قالماقلار شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ئىچقىن ھالداكۆچۈپ كېلىشكە باشلىغانىدى. بۇلار ئەتراپىقا يېيىلىپ قارا شەھەر، بەشبالىق، تۇرپان، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئىلى تاغلىرىدىكى خەلقنىڭ يايلاقلىرىنى تارتىۋېلىپ يەرلەشتى. ھازىرمۇ بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى قالماقلاردىن ئىبارەت.

## ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر

ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، غالدان قۇنتەيجى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ئومۇمىي ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. قالماقلارنىڭ باشقۇرۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشاش داۋام قىلدى. يەنى، خوجىلار ئۆز كەسپلىرى بولغان دۇئاگۇيلۇق ۋە يالغان كارامەت سېتىش بىلەن خەلقنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا باشلىماقتا ئىدى. يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشى تامامەن مەدەنىيەتسىز قالماق ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكىرىي ئىدارىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئالتە شەھەرخەلقى ئېغىر زىيانكەشلىك ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلدى. بۇ چىدىغۇسىز زۇلۇملارغا قارشى خەلق پات - پات ئىسيان چىقىرىپ تۇرسىمۇ خوجىلارنىڭ خائىنلىقى ۋە قالماقلارنىڭ مۇستەبىت كۈچى ئالدىدا بۇ ئىسيانلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان. نەتىجىدە، بۇ ئىسيانلارنىڭ يولباشچىلىرى بولغان ئۆلىمالار ۋە يۇرت چوڭلىرى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇئوتتۇرىدا ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى ئارسلانخان ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ ھىندىستان پادىشاھى ئەۋرەڭزىپ، ئالەمگىردىن خوجىلارغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئەۋرەڭزىپ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى.

غالدانىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، قالماق دۆلىتى ئاجىزلاشتى. بۇنى كۆرگەن خوجىلاردىن بەزىلىرى قالماقلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزلىرىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى، يەنە بەزىلىرى قالماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ «خان» نى ئۆرۈشكە تىرىشتى. مۇشۇنداق خوجىلاردىن بىرسى قېچىپ، پامىرتاغلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەسلى تىبەتلىك بولغان كانجۇت قەبىلىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن كانجۇتتىن ياردەم ئالغان خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپتارلىرى قارا تاغلىقلار بىلەن ئۇلارغا قارشى، قالماقلار تەرىپىدە قالغان خوجىلار ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى ئاق تاغلىقلار دېگەن ئىككى گۇرۇھ خوجىلار مەيدانىغا كەلدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ خوجىلارنىڭ بىر- بىرلىرگە قارشى ئېلىپ بارىدىغان تەشۋىقاتلىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، بۇلارنىڭ جاھىل مۇرىتلىرى ئۇچۇن ئەڭ ساۋاپلىق ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە، قارشى تەرەپتىكى خوجىنىڭ بىرمۇرىتىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. قارا تاغلىق بىر مۇرىت ئۇزىنىڭ توغقىنى بولغان بىرئاق تاغلىقنى ئاللاھ ئۇچۇن جىھاد قىلدىم دەپ،

ئۆلتۈرۈۋېتىشتە قىلچىمۇ ئىككىلەنمەيتتى. ئاق تاغلىقلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتى شەھەردە ئاق تاغلىقلار غالىپ كەلسە، خەلق قالماقلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا دۇچار بولاتتى. قاراتاغلىقلار غالىپ كەلسە، ئۇچاغدا خەلق كانجۇتلارنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىغا قېلىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايتتى. بەزى مۇستەقىل خوجىلارمۇ ئاق ياكى قارا تاغلىقلارنىڭ بىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالاتتى. بۇلار يەنە ئۆز ئارىسىدىمۇ داۋاملىق ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈپ تۇراتتى. ھەتتا، خوتەندە، ياقۇپ خان دېگەن قاراتاغلىق خوجا بىلەن يۇنۇس خوجا دېگەن ئاق تاغلىق خوجا بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈمدارلىق قىلغانىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا خوتەن خەلقىنىڭ بىرقانچە قېتىم قىرغىن قىلىنغانلىقى مەشھۇر دۇر.

ھىجرى 1114 ـ (مىلادى 1702 ـ) يىللىرىدىن باشلاپ، قارا تاغلىقلار كۈچلىنىپ، ئالتى شەھەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى. قىلىچتىن ئېشىپ قالغان ئاق تاغلىقلار دانىيال خوجىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىغا قېچىپ بېرىپ رابدان قۇنتەيجىنىڭ قېشىدا پاناھ تاپتى. قاراتاغلىقلار كانجۇتلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھۆكۈمرانلىقلىرىنى داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا، كانجۇتلار سېرىق قول ۋە راكسات تاغ ئېغىزلىرىدىن ھەدەپ يەركەن ۋە قاغىلىق ۋە ھەتتا سانجۇغىچە بولغان تاغ ـ يايلاقلارنى خەلقتىن تارتىۋېلىپ يەرلەشكىلى باشلىدى. بۇ يەرلەردە كانجۇتلارنىڭ شۇچاغلاردا ياسىغان قەلئەلىرىنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. كانجۇتلار بۇ قەلئەلەرنى بازا قىلىپ، پات ـ پات يەركەن، قاغىلىق،گۇما ۋە خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، خەلقنى بولاپ ـ تالاپ چىقىپ كېتەتتى.

رابدان قۇنتەيچى كۈچلىنىپ، دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى بۇرھان خوجىنى نۇرغۇن قالماق ئەسكەرلىرى بىلەن يوللاپ، كۇچانى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەخمىنەن ھىجرى 1135ـ (مىلادى 1722ـ) يىلى بىرئاق تاغلىقلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاراتاغلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئاخىرى، ھىجرى 1164 ـ (مىلادى 1750 ـ) يىلىغا كەلگەندە ئاق تاغلىقلار غالىپ بولۇپ، قاراتاغلىقلارنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئالتى شەھەرنى ئىگەللىدى. لېكىن، رابداننىڭ ئوغلى كېلىپ،كوچانى قالماقلارغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان كوچالىق خوجىسى بەگكە بېرىپ، بۇرھان خوجىنى خوتەنگە ۋە ئىنىسىنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويدى. بۇرھان خوجا ھېچ ئىسلام تەربىيىسى كۆرمىگەن، پەقەت قالماق تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بىلىمسىز بىر ئادەم ئىدى. چىن ئىمپېراتورىنى دوراپ، خەلقنى ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا زورلىغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا قارشى چىققان خەلق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇرھان خوجىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇيرۇقلىرى بار بولۇپ خوتەن خەلقى بۇرھان خوجىغا «ساراڭ خوجا» دەپ نام بەرگەندى.

## ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرىدە شەرقىي تۈركستان

ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە شەرقىي تۈركستان (ئالتى شەھەر) خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلىك كۈنلەرنىڭ تەپسىلاتىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر كىتاپ يېزىش كېرەك. بۇ قىسقە كىتابىمدا، پەقەت بۇ ۋەقەلىكنىڭ خۇلاسىسىنى يازىمەن.

ئاپاق خوجىنىڭ زامانىسىدا، ئالتى شەھەرنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى تامامەن قالماقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن شەھەرلەرگە تەيىن قىلىنغان ھاكىملارنىڭ ھېچبىر ھوقۇقى يوقتى. قالماقلار، ئۇرۇشقاق ۋە كۆچمەن بىرقوۋم بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى نۆلگە تەڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ زاماننىڭ ئۈستۈن مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان ۋە تىنچ شارائىتقا كۆنۈپ ئۇرۇشقاقلىقنى ئونۇتقان ۋە ئىچكى ئىتتىپاقلىقى بوزۇلغان شەرقىي تۈركستان خەلقىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلار قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېزىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قالماقلار بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇتەئەسسىپ بىرمەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەنلىكى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قالماقلار شەرقىي تۈركستان مۇسۇلمانلىرىغا قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق زۇلۇمنى ئاياپ قويمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلىرىنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش، ئۇلارنىڭ بىر دىنىي ۋەزىپىسى ئىدى. خالىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، خالىغان كىشىنىڭ ئىپپەت ـ نامۇسىغا تاجاۋۇزقىلىش ۋە خالىغان كىشىنىڭ مال مۈلكىنى تارتىۋېلىش قالماقلارنىڭ تەبىئىي ئادەتلىرى ئىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ زۇلۇملار بىلەن ھېچ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قىلىدىغان ئىشى، خەلقنىڭ قالماقلارنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىدىن ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلكىنى يالغان كارامەت ۋە كۆز بوياما تەسەۋۋۇپ ھيلىلىرى بىلەن «دۇئا قىلىپ» ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنە بىرتەرەپتىن، خەلقنى مەنىسىز ـ مەنتىقىسىز قۇرقۇنچ ۋە شۈبھىچىلىك ۋەزلىرى بىلەن ئۆزىگە قەتئىي بويسۇندۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەختى ـ بەختىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قالماقلارغا يالۋۇرۇپ كۈچۈكلىنەتتى. قىسقىسى، بۇ ئادەم، مىليونلارچە مۇسۇلماننىڭ مۇقەددىراتىنى (تەقدىرىنى) ئۆز شەخسى مەنپەئىتىگە قۇربان قىلىدىغان چوڭ بىرخائىن ئىدى. ئاپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان خوجىلارمۇ ئاپاق خوجىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەسلىكىنى داۋام قىلدۇرۇشتىن باشقا، بىر ـ بىرلىرىگە ئەشەددى دۈشمەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىپ، خەلقنى ئۆزمەنپەئەتلىرى يولىدا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەبىقىگە ئايرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي بىرمىللەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇرۇشۇشقا باشلىغان. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر خىيانەت

بولمىساكېرەك.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ ئىككى گۇرۇھ خوجىلىرىغا تاشقىرىدىن ياردەم قىلىدىغان قالماق ۋە كانجۇتلار مەدەنىيەتسىز ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، مېلىنى بۇلاپ - تالاشقا ناھايىتى ھېرىسمەن بىر قوۋم ئىدى. خوجىلار، بۇ ياردەمچىلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرىنى دەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بويىنىغا مىنگۈزدى.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆلىما ۋە مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى دەپ ھېساپلىغان. ئۆزلىرى بىۋاستە ياكى ياردەمچىلىرى قالماق ياكى كانجۇتلار ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى يوقاتقان. چۈنكى، خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرىگى بولغان قالماق ۋە كانجۇت باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلقنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئىسيان چىقىرىش، ساۋاتسىز ۋە نادانلىقتا قالغان خەلققە ھەقىقەتنى ئاڭلىتىش، ياخشى يامانىنى بىلدۈرۈپ خوجىلارنىڭ مىللەتكە خائىن ۋە دەججال ئۇنسۇرلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تېرىشىش ئۆلىما ۋە مۇنەۋۋەر سىنىپنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى، ئۇلار ئىدى. مانا، بۇخوجىلارنىڭ خىيانىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە زۇلمى سەۋەبىدىن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدىكى مىسلىسىز ئاۋاتچىلىق، تىنچ - باياشاتلىق ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت بىلەن مائارىپ، ئوتقا چۈشكەن پاختىدەك يوق بولۇپ كەتتى ! مىللەت ناھايىتى ئېغىر يوقسۇزلوقتا، ۋەتەن دەھشەتلىك پالاكەتكە مۇپتىلا بولدى. جاھالەت ۋە بىلىمسىزلىك شۇدەرىجىگە يەتتىكى، خوجىلار دەۋرىدە، «مۇبەيىيەن » دېگەن كىتاپتىن دەرس بەرگەن كىشى ئەڭ چوڭ ئالىم ھېساپلىناتتى .

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەھشەتلىك 82 يىل، يىقىپ - كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىشتەك زۇلۇم ۋە ئېزىش بىلەن داۋام قىلدى. بۇ دەۋر ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەر، تارىختا باشقا بىرمىسالى بولمىغان بەخسىزلىك ئىدى. بۇ پالاكەتلەرنى يوقىتىپ، مىللەتنى بۇ بالادىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، خەلق خوجىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىغا قارشى ھەرداىم ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقاتتى. لېكىن، خەلق ئىچىدە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان جاھىل مۇرىتلەر، خوجىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە قارشى چىقاتتى. قالماقلار ۋە كانجۇتلارمۇ بۇخىل ھەرىكەتلەرنى دەرھال ۋە ناھايىتى قاتتىق تەدبىر لەر بىلەن ئومۇمىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ بېسىقتۇراتتى. نەتىجىدە، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان.

ئۈچىنچى باب

# چىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا
# تاجاۋۇز قىلىشى
# ۋە مىللىي ئىنقىلاب
# دەۋرى

## بىرىنچى بۆلۈم

## بىرىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى

ھىجرى 134ـ (مىلادى 752ـ) يىلى چىن ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىرمىڭ ئوتتۇز سەككىز يىل چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم ياشىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1758 ـ) يىلىدىن باشلاپ، يەنەچىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغىلى باشلىدى. تۆۋەندە، چىنلىقلارنىڭ قىلغان تاجاۋۇزىنى ۋە 174 يىل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چىن تاجاۋۇزچىلىرىغا  قارشى ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلابىنى بايان قىلىمەن.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، كانجۇت، قالماق ۋە خوجىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللىي قوغدىنىشلىرى ۋە قوزغۇلاڭلىرى نەتىجىسىز قالغان بولۇپ، خەلق بۇ بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. بۇ زۇلۇم ۋە بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باشقا بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىنى ئالماقتىن باشقا چارە يوق دەپ قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستى. بۇرھان خوجىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، قالماقلار ۋە خوجىلار يۇرتنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىغىلى باشلىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ۋاقىتتا چىن ئىمپېراتورى چيەنلۇڭ، قالماقلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقىلى باشلىغانىدى. ھەر يۇرتتىن بىر ئىككى  يۇرت كاتتىلىرى ۋە بايلىرى، بۇرھان خوجىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، چىن چېگرىسىغا قېچىپ  باردى. بۇلاردىن ئونغا يېقىن كىشى بىرلىشىپ، چىننىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرىغا، قالماقلار ۋە خوجىلارغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلىپ، چىنگە بارىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇكىشىلەر، بېيجىڭغا يېتىپ بارغان ۋە ئۇلارنى ئىمپېراتور چيەنلۇڭ قوبۇل قىلغان. ئىمپېراتور، قالماقلار، خوجىلار ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى توغرىسىدا بۇكىشىلەردىن مەلۇمات ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قالماقلار ۋە خوجىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.  ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئىنئاملار بېرىپ مېھمان قىلغان. بۇكىشىلەر 3 ـ 4 يىل بېجىڭدە تۇرۇپ قالغان.

ھىجرى 1171ـ (مىلادى 1757ـ) يىلى ئىمپېراتور چيەنلۇڭ، قالماق خانى ئامۇر سانا بەگكە قارشى قوماندانى جاۋخۇينى  يوللىغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىق ھېلىقى كىشىلەرنىمۇ جاۋخۇيغا قوشۇپ يوللىغان. جاۋخۇي ئىلىنى بېسىۋېلىپ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا، بۇكىشىلەر ئالتە شەھەر ۋە تۇرپانغا مەخپىي ھالدا ئادەم  ئەۋەتىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ «ئادالەتلىك ـ ئىنساپلىق» نى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ «چىن ئەسكەرلىرى  شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خالىسانە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلدى دەپ، تەشۋىق تارقاتتى. بۇ تەشۋىق خەلق ئىچىدە زور تەسىر قوزغىدى. نەتىجىدە، بۇرۇن خوجىلارغا ۋە قالماقلارغا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، كوچانىڭ ھاكىملىقىنى قولىغا كەلتۈرگەن

«خوجىسى بەگ» بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ،كوچادىكى خوجىلارنى ۋە قالماقلارنى تۇتۇپ، جاۋخۇيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، كوچا ۋە تۇرپان خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، چىن ئەسكەرلىرى بۇ جايلارنى ئۇرۇشماستىن قولغا چۈشۈردى.

ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1758) ـ يىلى جاۋخۇي، قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، قەشقەر ۋە يەركەندىكى خوجىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ «ئاق تاغلىق» مۇرىتلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. بۇلارنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئاز بىرقىسىم خوجىلار ۋە ئاق تاغلىقلار پەرغانىغا قاچتى. بۇرھان خوجا باشلىق توققۇز خوجا سېرىق قول يولى بىلەن بەدەخشانغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، جاۋخۇي يەركەن ۋە خوتەننىمۇ ئۇرۇشمايلا ئالدى.

جاۋخۇي، كۇچالىق خوجىسى بەگ ۋە چىنگە بارغان كىشىلەردىن خوتەنلىك خوش كېپەك بەگ باشلىق بىرقانچە يۇرت كاتتىلىرىنى بەدەخشان ھۆكۈمدارىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، قېچىپ بېرىۋالغان خوجىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بەدەخشان چېگرىسىغا (سېرىق قولغا) نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىدى. بۇنى ئاڭلىغان بەدەخشان ھۆكۈمدارى، خوجىلارنى خوجىسى بەگ ۋە خوش كېپەك بەگكە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلارخوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى كېسىپ، جاۋخۇيغا تەقدىم قىلدى. جاۋخۇي بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئىلىغا قايتىپ، ئۇ يەرنى مەركەز قىلدى. ئىمپېراتۇر ئۇنى شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزدا ئىلىنى پايتەخت قىلغان چىنلىقلار ئىلىنى، «ئىلى ۋادىسى» ياكى «ئىلى دەرياسى» دېگەن مەنىدە «ئىلى خو» دەپ ئاتىدى.

1 ـ پەسىل

## چىننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىشىدىن باشلاپ، ھىجرى 1232ـ (مىلادى 1816) ـ يىلىغىچە بولغان دەۋىر ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگەقىلىنغان زۇلۇملار

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ چىن ئاسارىتىگە گىرىپتار بولۇشى خۇددى، « ئۇرغۇچىدىن قېچىپ، ئۆلتۈرگۈچىگە يولۇقۇپتۇ» دېگەن خەلق ماقالىغا ئوخشاش، بالادىن قۇتۇلۇپ، داۋاسىز ئىللەتكە گىرىپتار بولغاندەك بىر ھادىسە بولغانىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمپېراتۇر چيەنلۇڭ، جاۋخۇينى شەرقىي تۈركىستانغا تولۇق ۋە چەكسىز ھوقۇقلۇق ئومۇمىي

ۋالىي قىلىپ، ئۇنىڭغا «جاڭجۇڭ» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى.جاۋخۇي شەرقىي تۈركىستاننى 36 قىسىمغا بۆلۈپ، ھەر بىر قىسىمغا بىر ئامبان[96] (ھاكىم) تەيىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن ئىشلىرى توپ ـ توغرا چىنلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردە يېتەرلىك ساندا چىن ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلدى.جاۋخۇي، بۇرۇن قالماقلار پايتەخت قىلغان كۈرە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جاڭجۇڭلۇق مەركىزى قىلىپ جايلاشتى. بۇ شەھەرنى چىنلىقلارنىڭ نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما، تۈركلەر بۇ شەھەرنى «چىنفىن» دەپ ئاتايتتى. ھازىر، كۆرە ۋە غولجا ئوتتۇرىسىدا بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىرى مەۋجۇد. ئۇچاغدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى ھازىرقىدىن چوڭ بولۇپ، ئىلى رايونى، تا بالقاش كۆلىگىچە، ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىغىچە بولغان يەتتەسۇ رايونىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە ئىدى (20 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

چىنلىقلار، ھۆكۈمەت بىنالىرىنى چىن ئۇسۇلىدا سېلىش، بۇتخانە ۋە باجخانىلارنى سېلىش ئۈچۈن، يۇرتنىڭ تارىخىي بىنالىرىنى، بۇرۇنقى ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرىنى، مازار ۋە گۈمبەزلىرىنى، مەسجىد، مەدرىسە ۋە ھاممام قاتارلىق دىنى ۋە مىللىي ئۇسلۇپدىكى پۈتۈن بىنالارنى چېقىپ، ئۇلارنىڭ ياغاچ ـ تاش ۋە كېسەكلىرىنى ئىشلەتتى. كۆپلىگەن جامە ۋە مەسجىدلەرنى بۇزۇپ، ئورنىغا بۇتخانە سالدى. خەلقنىڭ ئازادە ۋە پۇختا سېلىنغان ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسكەر قارارگاھى قىلدى ۋە چىن كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يۇرتنىڭ باي ۋە نۇپۇزلۇق ئادەملىرىنى ھەرخىل بۆھتان چاپلاپ ئۆلتۈرۈش ۋە مال ـ مۈلكلىرىنى تارتىۋېلىش، جاۋخۇينىڭ داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ قەبىھ زالىملىقلىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن كىشىلەر پەرغانە، بەدەخشان ۋە ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ ـ سېلىق ۋە باج ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئادەم بېشىغا يىلدا بىرقېتىم باج ئېلىناتتى، بۇنىڭغا خەلق «چوقا پۇلى» دەپ ئات قويغان. يەر ئىگىلىرىدىن، يەرلىرىنى تېرىغان ـ تېرىمىغانلىقىغا قارىماستىن بەلگىلەنگەن مىقداردا پۇل، ئاشلىق، سامان ۋە ئوتۇن باج دەپ، ئېلىناتتى. چارۋا ماللار ئۈچۈن، تۇياق بېشىغا يىلدا بىرقېتىم پۇل ئېلىناتتى. يايلاق ئۈچۈن ئايرىم ئالۋاڭ بار ئىدى. ھەرخىل ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ساتقان نەرسىدىن 50% دىن 30%گە قەدەر باج ئېلىناتتى. تىجارەت پۈتۈنلەي چىنلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خەلق تىجارەتتىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. بىر كۈنلۈك بولسىمۇ سەپەرگە چىقىدىغان كىشى، ھۆكۈمەتكە پۇل تۆلەپ «يول خېتى» ئېلىشقا مەجبۇرئىدى. بۇلارمۇستەملىكىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىدىغان زۇلۇمنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. ئىشغال قىلىش تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمپېراتۇر، بۇرۇن چىنگە بارغان ۋە بۇ جەرياندا چىنگە خىزمەت كۆرسەتكەن بىرقانچە كىشىنى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ

96 ئەسلىدە «ئامبان» بولغان بۇ ئاتالغۇ كېيىنچە ئۆزگىرىپ، خەلق ئىچىدە «ئامبال» بولۇپ قالغان(ن. ش. ھ.).

كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە يۇرتتىكى نوپۇزىغا قاراپ، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋان بەردى. مەسىلەن، بىرىنچى مەرتىۋىدىكىگە، « ئەر ۋاڭ »، ئىككىنچى مەرتىۋىدىكىگە، «چىڭ ۋاڭ »، ئۈچىنچى مەرتىۋىدىكىگە، «گوڭ» ئۇنۋانى بىلەن تامغا بەردى. بۇ ئۇنۋانلار، مانچۇخانىدانى دەۋرىدىكى ئەڭ ئۈستۈن شەرەپ ئۇنۋانلىرى بولۇپ، «شاھزادە» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇلار، ياۋروپا دىكى «گراند دۈك» ، «ئارش دۈك» دېگەن ئۇنۋانلارغا تەڭ. بۇخىل شەرەپ ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان (بەگ) لار، بىۋاستە ئىمپېراتورنىڭ قول ئاستىدا ھېساپلىنىپ، بۇلارغا ۋالىي ۋە ھاكىملارنىڭ ھۆكۈمى ئۆتمەيتتى. 2 ـ 3 يىلدا بىرقېتىم ئىمپېراتورنىڭ زىيارىتىغا بېرىپ كېلەتتى. ئۇلارغا ۋە ئائىلە تەۋەلىرىگە داۋاملىق مائاش بېرىلەتتى، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋانلىرى بالىلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۆزلىرىگە ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ۋەلىئەھدىلەر« تەيجى» دەپ ئاتالغاندى. بۇلارنىڭ ھەربىرىگە، بىر يۇرت يا بىركەنت مۈلۈك قىلىپ بېرىلگەندى. بۇ يۇرتنىڭ ۋە كەنتنىڭ خەلقىمۇ، بۇ بەگلەرنىڭ قۇلى ھېساپلىناتتى. بۇخەلق ئىچىدە «جەلدۇلۇق مەنسەپ» يەنى، «ئىمتىيازلىق مەرتىۋە» دەپ ئاتالغان.

ئىمپېراتورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق دەرۋازىسى بولغان ئۇششاق تالغا بىربۇتخانە سېلىنغان ۋە بۇنىڭغا بۇ بەگلەرنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغانىدى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇ بۇتخانىغا كىرىپ، ھەيكەللەر ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇرلانغان. بۇ بەگلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىمتىيازلىرىدىن باشقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققى يوقتى. ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ ئىمتىيازلار، بىرتەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، « ئۇلۇغلار» (ئارىستوكىرات ـ ئاقسۆڭەكلەر) سىنىپى ۋە ئۇششاقلار(تۆۋەن قاتلامدىكىلار) سىنىپى دەپ ئىككىگە ئايرىشتا مۇھىم رول ئوينىغان، بۇنىڭ بىلەن چىن ئىشغالىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان. چىنلىقلاربۇ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇۋەپپەق بولغان.

بېيجىڭدىن يۇقىرىقىدەك مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلىرىنى ئېلىپ قايتقان بۇ بەگلەرنى كۆرگەن بىر قىسىم ۋىژدانسىز كىشىلەر، چىنلىقلارغا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا قاراپ چىن ھۆكۈمىتى ئۇلارغىمۇ بىرقىسىم ئىمتىياز ۋە مەنسەپ بېرىپ، پۈتۈن بىر كەنتنى بىر بەگكە دېھقانلىرى بىلەن قوشۇپ بەرگىلى باشلىدى. بۇ سۈرەتتە، جەلدۇلۇق مەنسىپىدىكىلەر بارغانسېرى كۆپەيىپ كەتتى. پۈتۈن تېرىلغۇ يەرلەر، چارۋامالىلارنىڭ تولىسى چىنگە سادىق بەگلەرنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ، دېھقان ۋە چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، بۇ بەگلەرگە تەۋە بولمىغانلار نىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرى قاتمۇ ـ قات ئېشىپ كېتىپ، مەھسۇلات ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنى تۆلەشكە يەتمىدى. چىن زۇلمى ۋە ئاچارچىلىققا دۇچار بولغان ئاۋام خەلق، يەرلىرىنى، چارۋماللىرىنى ۋە ئۆي ـ ۋاقلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە ياكى ھەممە نەرسىسىنى بەگلەرگە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈن

تېرىلغۇ يەر، يايلاق ۋە چارۋا ماللارنىڭ ھەممىسى، چىنگە خىزمەت قىلىپ، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى. دېھقان چارۋىچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، «جەلدۇلۇق» مەرتىۋە، يەنى، ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى «ئۇششاق» لاردەپ نام بېرىلگەن خەلقلەردىن ئىبارەت ئىككى سىنىپقا بۆلۈندى. ئۇششاقلارسىنىپى ھەرقانداق ھەقتىن مەھرۇم ئىدى. جەلدۇلۇق مەرتىۋىدىكىلەردۆلەتكە ھېچقانداق ئالۋاڭ سېلىق تاپشۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە دۆلەتتىن داۋاملىق مائاش ئالاتتى. يەنە بىرقىسىملىرى، جەلدۇلۇق مەرتىۋىسى يوق، ئامما، يۇرتنىڭ پۈتۈن باج ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىقنى دۆلەتتىن كۆتۈرە ئېلىپ، ئۆزى خالىغىنىچە ئۇششاقلار سىنىپىدىكى خەلقلەردىن يىغىپ، دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلار، ئۆزتەۋەسىدىكى خەلقنى ئۆزى خالىغىنىچە ئىشلىتىپ، يەر، يايلاق ۋە چارۋا ماللىرىنى خالىغانچە سېتىپ، ئۇ يەرنىڭ دېھقان ۋە چارۋىچىلىرىنىمۇ بىرگە قوشۇپ ساتاتتى. ئۇلار، چىن باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن بۇخىل ئىمتىياز ۋە ئالاھىدە ھوقۇقنى بىر ئىلتىپات دەپ تونۇپ، چىنلىقلارغا ناھايىتى ئىخلاس ۋە ۋاپادارلىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇششاقلار ئۇلارنىڭ قۇلى بولسا، ھەقىقەتتە بەگلەر، چىنلىقلارنىڭ قۇلى ئىدى. بۇ سۇرەت بىلەن، چىنلىقلار، مىللەتنى قاتمۇ ـ قات قۇللۇق زەنجىرىگە باغلىدى.

چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشى، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن كۆچۈرۈپ، يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ، ھىجرى 126، 225 ـ (مىلادى 744 ـ 839ـ) يىللىرى موغۇلىستاندا قۇرغان دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى، شىمالىي گەنسۇدا سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جايلارغا كېلىپ يەرلەشكەنىدى. بۇلار زامان ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تۈركلىكىنى يوقىتىپ، چىنلىشىپ كەتكەن. چىن مەنبەلىرىدە بۇلارنى، « ۋەھشى ئۆيغۇرلار[97]» دەپ يازغان. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇلارنى «چىنفىن» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم . چىن ھوكۇمتى بۇلاردىن يۈزمىڭ ئۆيلۈك كىشىنى كۆچۈرۈپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بولۇپمۇ، ئىلى ۋە يەتتەسۇنىڭ ئاھالىدىن بوشاپ، نوپۇسى ئاز قالغان جايلىرىغا يەرلەشتۈردى. چىن ھۆكۈمتى بۇلارغا ناھايىتى كەڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بېرىپ، ھەرجەھەتتىن كۆپ ياردەم قىلاتتى. مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھەرقانداق يولسىزلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۇلارنى جازاغا تارتمايتتى. چىننىڭ ئەڭ قۇرغاق جايلىرىدا، ئاچلىق ۋە ئېغىر يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن چىنفىنلەر، شەرقىي تۈركىستاندىكى باي ـ باياشات ۋە راھەت تۇرمۇشنى ئاڭلاپ، ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئېقىن ئاققاندەك شەرقىي

97 بەزى مەنبەلەردە «چۆل تۈركلىرى»، «چۇمۇللەر» ياكى«چىي ـ فىي» دەپ ئالغان، ت . ئالماس، ئە. بايتۇر 286ـ بەت (ن. ش. ھ. )

تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگىلى باشلىدى. بۇنى كۆرگەن چىنلىقلارمۇ ھەدەپ كۆچۈپ كەلگىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن، چىندىن شەرقىي تۈركىستانغا ناھايىتى زور بىرئاققۇنلار تولپى سەلدەك ئېقىپ كەلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچمۇ زورايدى.

ئىلى، يەتتەسۇ ۋە بەشبالىق ئۆلكىلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر يېتىشمەي، جاۋخۇي جاڭجۇڭ، ئالتى شەھەر ۋە تۇرپاندىن يۈزمىڭ ئۆيلۈك كىشىنى كۆچۈرۈپ، ئىلى ۋە يەتتە سۇغا يەرلەشتۈردى. بۇلارنى يۈز ئۆيلۈكتىن - يۈز ئۆيلۈكتىن قىلىپ ئايرىپ، ھەر يۈز ئۆيلۈك گۇرۇپپىنى ئايرىم بىر رايون شەكلىدە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى كۆپەيتتى. بۇ مۆھاجىرلار تارانچىلار دەپ ئاتىلاتتى. «دىۋانىي لۇغات تتۈركتە»، تارانچى قەدىمكى تۈرك شىۋىسىدە، «دېھقان» دېگەن مەنىدە دەپ، كۆرسىتىلگەن. تۈركشۇناس رادلوف، تارانچىلارنى ئايرىم بىرتۈرك قەبىلىسى دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بەلكى، بۇ كۆز قاراش روسلارنىڭ، تۈرك مىللىتىنى پارچىلاش سىياسىتىدىن تۇغۇلغان ئويدۇرما نەزەرىيە بولسا كېرەك. ھازىرمۇ غۇلجىدا، تارانچىلار يەرلەشكەن جايلار ئۆز ناملىرى بىلەن ئاتالماقتا. مەسىلەن: تۇرپان يۈزى، جىلىل يۈزى، كېپەك يۈزى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىرئىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلەشتۈرۈشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن، بۇئىشتا مۇۋەپپەق بولالمىدى. چىن ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن، ۋاڭ ۋە گۇڭ بەگلەر باشلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەرتىۋىدىكىلەرنى چىنچە كىيىنىپ، ئۇزۇن چاچ قويۇپ، چىن قىياپىتىگە كىرىشكە زورلىدى. بەگلەر، ئىمتىياز مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ چىنچە كىيىنىپ، ئۇزۇن چاچ قويدى ۋە داۋاملىق بۇ قىياپەتتە يۈردى. ئۇندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى بۇ بەگلەرنى ھېيت نامىزى، جۈمە نامىزى ۋە بەش ۋاقت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى ۋە ئىسلامنىڭ باشقا ئىبادەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى مەنئى قىلدى [98]. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە دىنى ئىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇتقا سەجدە قىلىشقا زورلىدى. بالىلىرىنى چىنچە مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋە چىنچە تەربىيىلەشكە مەجبۇر قىلىپ، ھاراق - شاراپ ئىچىشكە، ئەپيۇن چېكىشكە ۋە توڭغۇز گۆشى يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، مەيلى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئىمتىيازلىق سىنىپ مەنسۇپلىرى بولسۇن، مەيلى تۆۋەن قاتلامدىكى ئۇششاقلار بولسۇن ھەر قانداق زۇلۇم ۋە ئېزىشكە چىداپ، بۇ تەشەببۇسلارغا قارشى چىقتى، تۈركلۈك ۋە مۇسۇلمانلىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى زورلۇق بىلەن چىنلاشتۇرۇش تەشەببۇسلىرى ۋە مىللەتنىڭ بۇنىڭغا قارشى كۈرەشلىرى، خەلقنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ھەرقايسى يەرلەردە ئومۇميۈزلۈك

[98] بۇ بۆلۈمدە سۆزلىنىۋاتقان چىن ھۆكۈمىتى مانجۇلار قۇرغان «چىڭ» خاندانىنى كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ.).

قوزغىلىشى نەتىجىسىدە، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بېشى ھېچ ساقايمىدى. بۇ تاكى ئىمپىراتورچىيەنلۇڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە قەدەر داۋام قىلدى. چىيەنلۇڭنىڭ 60 يىل داۋام قىلغان ئىمپېراتورلۇق دەۋرى، چىننىڭ كۈچلەنگەن دەۋرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئوبدان يىلتىز تارتۋالدى.

ھىجرى 1212ـ (مىلادى 1797ـ) يىلى ئىمپېراتۇرچىيەنلۇڭ تەختىنى ئوغلى جىياچىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلدى. بۇجەرياندا چىننىڭ چىلى ۋىلايىتىدە مانجۇ خاندانىغا قارشى «تەيپىڭ» قوزغىلىڭى پارتلىدى ۋە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇ قوزغىلاڭ، شەندۇڭ، خۇنەن ۋە جىياڭسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە يېيىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرى ئازالدى. شۇنداقلا، يۇقىرىقىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى تامامەن توختاپ قالدى. لېكىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇخىل ئاجىز ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنالمىدى. چۈنكى، يۇرتنىڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرى قاتلامدىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەر، چىنگە بولغان سادىقلىقىدىن، خەلقنىڭ ھەر قانداق ئىنقىلابىنى توساشقا تەييار تۇراتتى.

ئىمپېراتۇر جىياچىڭ، چىندىكى ئىنقىلابنى بىر ئاز بولسىمۇ بېسىقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئەمما، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خەزىنىسى بوشاپ قېلىپ، ئىقتىسادىي بۆھران يۈز بەردى. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىمپېراتۇر ھۆكۈمەتكە تەۋە پۈتۈن مۈلۈكلەرنى، يەر ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سېتىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ بۇيرۇققا بىنائەن، شەرقىي تۈركىستاندا، چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان، مەسجىد، مەدرىسىلەر ۋە ھاممام قاتارلىق ۋەخپىلەرنى ساتماقچى بولدى. بۇلاردىن بىر قىسمىنى بەزى يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر سېتىۋېلىپ، ئەسلىدىكى مەسجىد، مەدرىسە ۋە ھاممام ھالىغا كەلتۈردى ۋە بۇلارنىڭ ۋەخپىلىرىگىمۇ ئۆز ناملىرىدا تۆلىسى (يەرخېتى) ئالدى. يەنە بىرقىسمىنى چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر سېتىۋالدى. قەدىمكى مىللىي دۆلەتلىرىمىز زامانىسىدىن قالغان، جامە، مەدرىسە، مەسجىد قاتارلىق باشقا خەير ئىشلار مۇئەسسەسەلىرىنىڭ، ھازىرمۇ شۇ دەۋردىكى يۇرتنىڭ بەزى ئىمتىيازلىق كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ نامىدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مانا شۇ ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چىن ئىمپېراتۇرى، چىندىكى ئىسيانىنىڭ تامامەن بېسىقۇرۇلمىغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن قاتتىق يوشۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خەلق، چىندىكى ۋەزىيەتنى سېزىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، ئۇششاقلار يەنى، تۆۋەن قاتلام خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاتلىققا چىقىرىش ئۈمىدلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئارتماقتا ۋە تەبىئىي ھالدا بىرئومۇمىي ئىنقىلاب شارائىتى ھازىرلانماقتا ئىدى.

2 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا چىنگە قارشى تۈنجى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1230- (مىلادى 1815-) يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرتەرىپىدە چىنگە قارشى ئىنقىلاب قوزغالدى. قوزغالغان «ئۇششاق» لار ئۆز يۇرتلىرىدىكى چىنلىقلارنى، چىنفىنلەرنى ۋە بەزى جايلاردا چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن، «ئۇلۇغ» لارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزئالدىلىرىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. ئەپسۇسكى، بۇئىنقىلابچىلار، تەشكىلات ئاستىدا بىرلىشەلمىدى. قالايمىقانچىلىق چىقىپ، بەزىلىرى ھەتتا ئۆز ئىچىدە بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن، پەرغانە خانى ئۆمەرخان پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسمىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ھىجرى 1232- (مىلادى 1816-) يىلى ئۆمەرخان، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادىدىن فەرغانىدا ياشاۋاتقان جاھانگىرخوجىنى بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. جاھانگىرخوجا قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ۋە يەركەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كۈچىنى ئاشۇردى. كېيىن، ئاستا - ئاستا ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى پادىشا ئېلان قىلدى. ھىجرى 1233 - يىلى ئاقسۇنى ئالدى. قالغان جايلار بولسا شۇجاينىڭ خەلقلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. پەقەت، ئىلى ۋە بەشبالىقتا چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر كۆپ ساندا بولغانلىقتىن ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. قارا شەھەردە قالماقلار كۆپ بولۇپ، چىن تەرەپتارى ئىدى. مانا بۇ سەۋەپتىن، بۇجايلاردىكى ئىنقىلابنى چىنلىقلار ئوڭايلا بېسىقتۇرۇپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلىدى.

ھىجرى 1236- (مىلادى 1820-) يىلى ئىمپىراتور جىياچىڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى داۋگۇاڭ چىقتى. ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى ۋە كۈچاغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. جاھانگىر خوجا بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشتى. ئاخىرى، ھىجرى 1240- (مىلادى 1824 -) يىلى چىن ئەسكەرلىرى جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ، بېجىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. بىر يىلدىن كېيىن، جاھانگىرخوجا چىنلىقلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. جاھانگىرخوجىنىڭ ئورنىغا ئوغلى پادىشا بولدى. بۇ قېتىم چىن ئەسكەرلىرى ئىلگىرلىيەلمىدى. چۈنكى، خەلق قەتئىي قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى.

ئىمپىراتۇر، چىندىكى توپىلاڭنى بېسىقتۇرالمىغانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇكۆپ ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتەلمىدى. قەشقەر، يەركەن ۋە ئاقسۇ جاھانگىرخوجىنىڭ ئوغلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. خوتەننى ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىر زات ئىدارە قىلاتتى. چىندىكى

تۇپلاڭلار داۋام قىلىۋاتقان بىرچاغدا، ھىجرى 1255- (مىلادى 1839-) يىلى ئەنگلىيە ۋە چىن ئۈتتۈرىسىدا« ئەپيۇن ئۇرۇشى» پارتلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرى تېخىمۇ ئاز قالدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت دەپ بىلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى يۇرت - يۇرتتا قوزغىلىپ چىقىپ، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىن باشقا پۈتۈن جايلارنى چىن ئىشغالىدىن تازىلىدى. ئەپسۇسكى، شەرقىي تۈركىستان يەنە پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتەلمىدى.

چىندە ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، ئەنگلىيە ۋە چىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھىجرى 1264- (مىلادى 1846-) يىلى چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستانغا يەنە يۇزمىڭغا يېقىن ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان زور قوشۇن يوللىدى. بۇلار تۇرپان ۋە قارا شەھەرنى ئېلىپ، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىكى چىنفىنلەرنى ۋە قاراشەھەر تاغلىرىدىكى قالماقلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئالتى شەھەرگە يۈرۈش قىلدى.

3 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستانغا ئىككىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى

قەشقەر ھۆكۈمدارى بولغان خوجا، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاقسۇغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىركېچىدە پۈتۈن خەزىنە ۋە ياراقلىرىنى ئېلىپ، بىرقانچە مىڭ ئادىمى بىلەن پەرغانىغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە پاتپاراقچىلىق پەيدا بولۇپ، قېچىشقاكۆچى يەتكەن كىشلەرنىڭ ھەممىسى پەرغانە، ھىندىستان ياكى ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە، قەشقەر، يەركەن ۋە ئاقسۇدا چىن ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرالىغۇدەك ھېچ قانداق كۈچ قالمىدى. چىن ئەسكەرلىرى بۇجايلارنى ئۇرۇشماستىنلا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرى خوتەنگە قاراپ ماڭدى. خوتەن خەلقى ئابدراھمان پاشا رەھبەرلىكىدە قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئابدراھمان پاشا ئۇرۇشتا شېھىت بولدى ۋە خوتەننى چىنلىقلار ئىشغال قىلدى. دېمەك، ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنى 36 يىلدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى.

چىنلىقلار، ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇز ھەرىكىتىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقى سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ۋاڭ ۋە گوڭلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جەلدۇلۇق مەنسەپ ( ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەرتىۋە) لىرىنى بەردى. شۇنداقلا، بۇقېتىمقى ئىستىلا جەريانىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باشقا كىشلەرگىمۇ مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىلدى. خەلق ئىچىدە، يەنە بۇرۇنقىدەك ئىككى سىنىپ شەكىللەندۈرۈش ئىشى باشلاندى. لېكىن، بۇ قېتىم چىن ئىستىلاچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دىنگە تاجاۋۇز قىلمىدى، «چوقا

پۇلى» ئېلىنمىدى ۋە 5 ـ 6 شەھەرگە بىردىن خان ئامبان، يەنى، ۋالىي تەيىن قىلىپ، بۇلارغا قاراشلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە يۇقىرى قاتلامدىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دوست ۋە تۇغقانلىرىدىن ھاكىم تەيىن قىلدى. يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر ئىچىدىن قازى ۋە مۇپتى بەلگىلەپ، ئەدلىيە ساھەسىدىكى بىرقىسىم ھوقۇقنى ئۇلارغا بەردى. ئاما، چىن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا زور بىر ئەسكىرىي قوشۇن تۇرغۇزدى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يەرلىك مەنسەپدارلار، چىنلىقلاردىن كۆپ خۇرسەن ئىدى ۋە چىنلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ چىنلىقلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا مارالغچىلىق قىلاتتى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا قالماقلار چىنلىقلارغا ئەسكىرىي جەھەتتە ياردەم قىلغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپېراتور، قالماقلارنىڭ ھەربىر قەبىلە باشلىقىغا «ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋان بەردى. بۇلارنىڭ سانى شەرقىي تۈركىستان بويىچە 20 گە يېقىن ئىدى.

ھىجرى 1268ـ (مىلادى 1851ـ) يىلى ئىمپېراتور داۋگۇاڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى يىچۇ(شىگفۇڭ) تەختكە چىقتى. ھىجرى 1269ـ (مىلادى 1852ـ) يىلى چىننىڭ خۇنەن ۋە ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدە مەشھۇر تەيپىڭ ئىنقىلابى قوزغالدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكىرىي كۈچى يەنە ئاجىزلاشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، پۈتۈن يۇرتتا چىنغا قارشى قوزغالدى. بۇ قېتىمقى چىن ھۆكۈمرانلىقى، ئاران ئالتە يىل داۋام قىلالىدى.

4 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1270ـ (مىلادى 1853ـ) يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئىنقىلاب قوزغالدى. تۆت يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى غەلىبە قىلىپ، خوتەندىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى چىنلىقلاردىن تازىلىدى. ئەمما، بۇ قېتىممۇ ئىنقىلابچىلار بىرتەشكىلات ئاستىدا بىرلىشەلمىدى. بۇچاغدا پەرغانە خانى شىرئەلى خان بۇ ئىنقىلابتىن پايدىلىنىش نىيىتىدە، ئالدى بىلەن جاھانگىرخوجا ئەۋلادىدىن ۋەلىخان تۆرىنى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللاپ، ئارقىسىدىن ئۆزى 6000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى. بۇچاغدا چىنلىقلار تېخى قەشقەر يېڭى شەھەر سېپىلىدە مۇھاسىرە ئىچىدە ئىدى. شىرئەلى خان ئىنقىلابچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، «چىنلىقلارغا ياردەم قىلدىڭ» دەپ بۆھتان چاپلاپ، قەشقەرنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئىنقىلابچىلار قولىدىكى ئولجىلارنى تارتىۋېلىشقا

باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرخەلقىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ، ئالتە ئايدىن كېيىن فەرغانىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە قالدى ۋە ئۆزىنى «پادىشا» دەپ ئېلان قىلدى. يېڭى شەھەردىكى مۇھاسىرىدە قالغان چىنلىقلار، جانلىرى ساق قېلىش شەرتى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولدى. لېكىن، ۋەلىخان تۆرە سۆزىدە تۇرماي، تەسلىم بولغان چىنلىقلارنى بالا - چاقلىرىنى قوشۇپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابمۇ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىق بولمىغان، تەشكىلاتسىز ۋە تېخىمۇ ئىنتىزامسىز بىرئىنقىلاب بولدى. دۈشمەن تەھدىدى ئۈزۈل - كېسىل بىرتەرەپ قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن بەش يىلغا قالمايلا يەنە ھۇجۇم قىلدى.

ھىجرى 1275- ( مىلادى 1858-) يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى، شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا ۋەلى خان تۆرە، خەلقتىن يېغىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ، ئادەملىرى بىلەن پەرغانىغا قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كىرىپ، ئىككى كۈن قەتلىئام يۈرگۈزدى ۋە بىر قانچە مىڭ ئەر- ئاياللىنى ئەسىرگە ئېلىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلدى. ئۇندىن كېيىن، يەركەننىمۇ ئىشغال قىلدى.

خوتەننى ئالغان چىن ئەسكەرلىرى، خوتەن خەلقى چىنلىقلارنى ۋە چىن تەرەپتارى بولغان مەنسەپتارلارنى ئۆلتۈرمەي ياخشى مۇئامىلىدە بولدى دەپ، بۇ قېتىم خەلقنى قىرغىن ۋە بولاڭ - تالاڭ قىلمىدى. چىنلىقلار بۇقېتىممۇ دىنگە تاجاۋۇز قىلمىدى، ئالۋاڭ - سېلىقنى بىرئاز ئازايتتى. خىزمەت قىلغان بەگلەرنى يەنە ھاكىملىققا تەيىن قىلدى.

قەشقەر خەلقىدىن بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك مۇسۇلمان چىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ چىنلىقلارغا قۇل بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىلىپ كەتكەنلىكىگە، پەرغانە خانى شىرئەلىخان ۋە ۋەلىخان تۆرىلەرنىڭ ئۇرۇنسىز قان تۆكۈپ، تەسلىم بولغان چىنلىقلارنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىرئەلىخان ۋىژدان ئازابى چېكىپ، ھىجرى 1278- (مىلادى 1861-) يىلى مانجۇ ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوغا - سالاملار بىلەن بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، بۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئىمپېراتۇر شىڭفۇڭ بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئەسىرلەرنى قەشقەرگە قايتۇرۇۋەتكەن.

ھىجرى 1277- (مىلادى 1860-) يىلى چىن، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق «ئەپيۇن ئۇرۇشى» پارتلىدى. بۇنىڭ تەسىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇ كۈچىگىمۇ تەسىرقىلىپ، ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتى. ئەپيۇن ئۇرۇشى توختىشى بىلەنلا، تەيپىڭ ئىنقىلابى يەنە باشلىنىپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يېقىنىدىكى تيەنجىن شەھىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەنە بىرتەرەپتىن،

يۇنىەن ئۆلكىسىدە تاۋۇنسۇ ئىسىملىك بىر تۇڭگان چوڭ بىرقوزغىلاڭ قوزغاپ مەزكۇر ئۆلكىنى قولىغا ئالدى. تاۋۇنسۇ ئۆزىنى «سۇلتان سۇلەيمان» دەپ ئاتاپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

بۇ قوزغىلاڭلارنى پەيلىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكىرىي كۈچى، يوق دېگۈدەك ھېساپتا ئاز قالدى. يۇرتنى چىقىنلەر، چىن كۆچمەنلىرى ۋە چىنگە سادىق ئەمەلدارلار، ئۆز كۈچلىرىگە تايىنىپ باشقۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا چىندىن ئەسكىرىي ياردەمنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئايان ئىدى. مانا، بۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئومۇمىي ئىنقىلابنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى.

5 - پەسىل

## مىلادى نىڭ 1815 - 1863 - يىللىرى ئارىسىداشەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

گەرچە، ئەللىك يىلغا يېقىن بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن يۇقىرىدىكى ئىنقىلابلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىن ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردەك، ئەركىنلىك ئىچىدە، غۇرۇربىلەن ياشاشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئىنقىلابچىلاردا توغرا بىرتەشكىلات ۋە كۈچلۈك ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقتىن مەقسەدلىرىگە يېتەلمەي ئەسىرلىك پالاكەتكە دۇچار بولدى. شۇنداقتىمۇ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابلارنى تامامەن پايدىسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە خېلى كۆپ پايدىسى بولدى.

ماددىي جەھەتتىن: چىن ھۆكۈمرانلىرى، خەلقنى ئىككى سىنىپقا بۆلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇششاقلار، دەپ ئاتالغان يوقسۇل خەلق، دەھشەتلىك ئېزىلىش ۋە قۇل قىلىنىش نەتىجىسىدە، دايىم باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكلىرىدىن يۇرتنىڭ ئاۋات يەرلىرىنىڭ تولىسى ۋەيران بولۇپ كەتكەندى. سودا - تىجارەتنىڭ ھەممىسى دېگىدەك چىنلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، چىننىڭ يىپەك ماللىرى، فار- فۇر ۋە چاي قاتارلىق تاۋارلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق تاشلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكتىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، خەلق ناھايىتى نامراتلىشىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىنلىق كۆچمەنلەر پۈتۈن شەھەرلەردە، ھەتتا، كىچىك كەنتلەر دىمۇ جازانەخورلۇق دۇكان ئېچىپ، جازانىگە(ئۆسۈمگە) قەرز پۇل تارقاتتى. چىن ھۆكۈمىتى قويغان ئالۋاڭ - سېلىق ئۈچۈن دېھقانچىلىق ياكى باشقا كەسىپ مەھسۇلاتلىرىمۇ يېتىشمىگەن بىچارە خەلق، بۇ جازانىخورلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئالۋاڭنى ئۆتەيتتى. قەرز ئالغان پۇلنى ۋاقتىدا بېرەلمىسە،چىنلىق جازانىخورلار، قەرزدارنىڭ يەر- زېمىنى ۋە مال

مۈلكلىرىنى ھېساپلاپ ئېلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بار يوقىدىن ئايرىلىپ، بەك سەرسان بولۇپ كېتەتتى. دەسلەپكى ئىشغالىيەت دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلاشتۇرۇش سىياستى، كۆپلەپ چىنلىق كۆچۈرۈپ كېلىش شەكلىدە ناھايىتى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. ئالدى بىلەن چىنگە چېگرىداش قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا چىنلىقلارنى يەرلەشتۇرۇپ، بۇلارغا يەرلىك خەلقنىڭ ئۆي ـ جايلىرىنى، تېرىلغۇ يەر ۋە ھايۋانلىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ بەردى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قورال كۈچى بىلەن ئاسىملاتسىيە قىلىش ۋە يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىشقا ئۇرۇندى. ئۇزۇنغا قالماي، قۇمۇل، تۇرپان ۋە بارىكۆلدىن باشقا ئاھالىسى ئاز بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى چىنلىقلار ۋە مۇسۇلمان چىنلىقلار(تۇڭگانلار) نىڭ يۇرتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاھالىسى كۆپرەك بولغان قۇمۇل ۋە تۇرپانغا ئوخشاش شەھەرلەردە، تۈركلەر ئاھالىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلدى. چىنلىقلار كۆپ سانىنى ئىگەللەپ كەتتى. باشقا شەھەرلەردىمۇ چىن ۋە چىنفىن نوپۇسى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زورلۇق بىلەن ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن چىنلاشتۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ئىدى.

بىرىنچى ئومۇمىي ئىنقىلابتا، خەلق ئىچىدىكى«ئۇلۇغ» لار ۋە«ئۇششاق» لاردېگەن پەرق يوقىتىلدى. ئۇلۇغلار، يەنى، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر نىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى ياكى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يەر زېمىنلىرى، ھايۋان ۋە چارۋامال‌لىرىنىڭ ھەممىسى، ئۇششاقلار، يەنى، يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، ھەركىشى، يەرگە ۋە مال مولۇككە ئىگە بولدى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قۇل قىلىدىغان، ھەقسىز ئىشلىتىپ، زۇلۇم سالىدىغان ئىشلار يوقالدى ۋە ئۇششاقلار پۈتۈنلەي ئازات بولدى. تىجارەت، چىنلىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقتى، پۇلى بار ھەرقانداق كىشى ئەركىن ھالدا تىجارەت قىلالايدىغان بولدى. جازانىخور چىنلىقلار يوقىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇشتىن قۇتۇلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كۆپ سانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتقان چىن كۆچمەنلىرى ۋە چىنفىنلەر ئىنقىلاب جەريانىدا ئۆلتۈرۈلدى ياكى قېچىپ كېتىپ ناھايىتى ئاز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىملاتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپى تامامەن يوقالدى. ھەركىشى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى. شۇنداقلا مەملىكەت باي ۋە يۇرت ئاۋات بولدى. شەرقىي تۈركىستان چىنىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلدى ۋە تۈرك بولغان مىللىتى چىنلىشىپ كېتىشتىن ۋە ئىسلام دىنىدىن ئايرىلىپ، ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى مۇستەھكەملىدى.

مەنىۋىي جەھەتتىكى پايدىسى: چىن ئىشغالىيىتى دەۋرىدە مەيلى دىنىي ئىلىملەر بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ياكى پەلسەپە ئىلىملىرى بولسۇن يوق دېگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئىنقىلاب غەلىبە

قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرىنچى ئەھمىيەت بەرگەن ئىشى، باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئېچىپ، ئىلىم تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇخارا، پەرغانە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندىن كۆپلىگەن ئالىملار ئېلىپ كېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئالىملاردىن «كۇللابلىق» موللا ئابدۇللاھ (كولابى ئاخۇنۇم) مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردىكى دەرس پروگراممالىرىنى تەرتىپكە سالغان ۋە قارى ئابدۇللا قۇرئان تەلىمدە تەجۋىد ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، بۇ ھەقدە تۈركچە بىر ئەسەر يېزىپ چىققان . شۇنىڭ بىلەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە دىن ۋە پەلسەپە ئالىملىرى، تۈركچە، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئەدەبىياتى ساھەسىدە نۇرغۇن ماھارەتلىك تالانت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. يەركەن، قەشقەر ۋە خوتەن شەھەرلىرى ئىلىم مەركىزىگە ئايلاندى. بۇرۇن ئۇقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان ساۋاتلىق كىشلەر مىڭدە بىر نىسبەتتىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدە بولغان، جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلىقىدا قالغان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلۇغ ئالىملار، ئۆتكۈر شائىرلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئەڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى يەرلەردىمۇ ساۋاتلىق كىشلەر كۆپەيدى. خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر يازغۇچىلاردىن تۇرسۇن بەگنىڭ ئەسەرلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەريەم ئاخۇن ئاغىچا دەك بىر قانچە ئايال مۇددەررىس ۋە شائىرلىرىمىز، خوتەندىن قاراڭغۇتاغلىق ۋە قارقاشلىق «ئۈچ موللانىياز ئاخۇنلار» دەك مەشھۇر مىللىي شائىرلىرىمىز يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ قولىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. دېمەك، بۇ ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە، ئەسلى مەقسەت قىلىنغان مۇستەقىللىق قولغا كەلمىگەن بولسىمۇ، مۇستەقىللىق سائادىتى ئېلىپ كېلەلەيدىغان يۇقىرىقىدەك بىرقانچە قىممەتلىك كۆرەش مېۋىلىرىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

6 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1278- (مىلادى 1861-) يىلى چىندىكى تەيپىڭ ئىنقىلابى ۋە يۇننەن ئىنقىلابى كەڭ كۆلەمدە كۈچىيىپ، ئىمپېراتورنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىغىدەك ھالى قالمىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار يەنە ئارقا - ئارقىدىن مەملىكەتنىڭ بەش يېرىدە چىنگە قارشى كەڭ كۆلەمدە قوزغالدى.

ھىجرى 1279- (مىلادى 1863-) يىلى ئىلى ۋە يەتتە سۇ رايۇنلىرىدا، تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، زور بىرئىنقىلاب قوزغىدى. ئىلىدىكى جاڭجۇڭ باشلىق چىنلىقلار ۋە پۈتۈن چىنفىنلەرنى يوقىتىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

ھىجرى 1280۔ (مىلادى1863۔) يىلى كۇچادىكى تۈركلەر ۋە تۇڭگانلار، ئۇلۇغ دىنىي پېشۋاسى راشىددىن خاننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغالدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، كۇچا، ئاقسۇ ۋە كورلا شەھەرلىرىنى ئالدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە بارىكۆلنىمۇ ئىگەللەپ، چىن چېگرىسىغىچە بولغان پۈتۈن جايلارنى قولغا چۈشۈردى.

شۇ يىلى، خوتەننىڭ مەشھۇر دىنىي پېشۋاسى مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇراھمان ئاخۇن ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە. خوتەن خەلقى قوزغالدى ۋە قوزغالغان كۈنى چىنلىقلارنى سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھاسىرىدىكى چىنلىقلار خەزىنە ۋە قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىپ، جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. خوتەن خەلقى، مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىمنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، پادىشا دەپ ئېلان قىلىپ بەيئەت قىلدى. ئۇندىن كېيىن، غەربدە گۇما، شەرقتە كېرىيە ۋە چەرچەنگىچە بولغان جايلارنى ئېلىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتتى. يەنە شۇ يىلى قەشقەرخەلقى سىدىق بەگنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغۇلۇپ، چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىسار ۋە پەيزى ئاۋات شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ چىنلىقلارنى يېڭى شەھەر سېپىلىدە قورشاۋغا ئالدى. يەركەندىكى قورallıق تۇڭگانلار، بۇ ئومۇمىي ئىنقىلاب دولقۇنى ئىچىدە جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتى بىلەن چىنلىقلاردىن ئايرىلىپ، چىنلىقلارغا قارشى جىھاد قىلدۇق دەپ، ئىسيان قوزغىدى. بۇ جىھاتقا پۈتۈن يەركەن خەلقى قېتىلدى. يەركەن ئالتى شەھەرنىڭ جەنۇپ قىسمىنىڭ مەركىزى ۋالىسى (خان ئامبان) تۇرىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە چىننىڭ كۈچى خېلى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن. شەھەر ئىككى يېرىم ئاي مۇھاسىرىدىن كېيىن، قاتتىق بىرھۇجۇم ئارقىلىق پەتھى بولدى. خان ئامبان باشلىق چىنلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. پوسكام ۋە قارغىلىقلارنىمۇ ئېلىپ، يەركەن خەلقىنىڭ تەرىقەت پېشۋاسى ئابدراھمان ھەزرەتنى پاشا قىلىپ تىكلىدى. مانا، بۇ ئىنقىلابلار بەش مەركەزدە قوزغالدى ۋە بەش مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاقە مۇناسىۋىتى يوقتى، بىربىرى بىلەن ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىق تېخىمۇ يوقتى(21 ۔ خەرىتىگە قاراڭ). بۇ ئىنقىلابلار تامامەن ئايرىم ھالدا مەيدانغا كېلىپ، ئازات قىلىنغان يەرلەردە ئۆزئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىندى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەش يېرىدە، بەش مۇستەقىل مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. لېكىن، بۇ ھۆكۈمەتلەرئۆزئارا سەمىمىي بىرلىك ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بۇ ئىنقىلابلارنىڭ قانداق باشلانغانلىقى، ئەسكىرىي كۈچى، ئىنقىلابنىڭ نىشانىسى، ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ۋە ئىدارىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر-بىرلىرىدىن خەۋەرسىز ۋە ماسلىشالمىغانلىقىدا ئىدى. تۆۋەندە، ھەرقايسى ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشىدىكى ئاملى، ئىنقىلابنىڭ مەقسىدى، ئىنقىلابقا ئارىلاشقان چەت ئەللىكلەر، ئىنقىلابنىڭ تەشكىلى ئەھۋالى ۋە ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلەكلىرى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىمىز. ئاخىرىدا، ئىنقىلاب

ۋە ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابى

ئىلى ۋە يەتتەسۇدا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن تۈرك (تارانچى) لەر، چىن ھۆكۈمىتى چىندىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرگەن چىنفىنلەر ۋە چىندىن سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەلگەن تۇڭگانلاربولۇپ ئۈچ خىل خەلق مەۋجۇد ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە % 70 تارانچى، % 10 تۇڭگان ۋە قالغىنى چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر ئىدى. چەنفەنلەر كۆپ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى بۇلارغا ناھايىتى ئىشەنچ قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قورالىلىق بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك ئەسكەرلىرى ئىدى. تارانچىلار تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن چىنلىقلار بۇلارنى خىزمەتكار قاتارىدا كۆرەتتى، ھەرخىل زۇلۇم ۋە جاپا بۇلارنىڭ بېشىغا كېلەتتى.

تۇڭگانلارچىنلىق بولىسىمۇ، مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ۋە ئىسيان چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىپ. چىنفىنلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، دايىم ئۇلارنىڭ زۇلۇمى ۋەكەمسىتىشلىرى ئاستىدا ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ سەۋەپتىن تۇڭگانلار، چىنلىقلارنى ۋە چىنفىنلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قارايتتى. تۈرك خەلقى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئىلى ۋە يەتتەسۇدىكى ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 80% نى تەشكىل قىلغان تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، ھىجرى 1279- (مىلادى 1872-) يىلى ئىنقىلاب قوزغىدى. باشتا، تاغ ئارىسىدىكى مۇستەھكەم جايلارغا يەرلىشىۋېلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن چىن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئولجا ئېلىپ، ياخشى قوراللاندى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. تەخمىنەن، بىر يىلغا قەدەر داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىنقىلاپچىلار قەتئىي غەلىبە قىلىپ. جاڭجوڭلۇق مەركىزى بولغان چىنفىن شەھىرىنى[99] ئىشغال قىلدى ۋە شەھەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. جاڭجۇڭ باشلىق پۈتۈن چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەرنى قىرغىن قىلدى. يالغۇز بىرچىنفىن شەھىرىدە، 80000 چىنلىق ۋە چىنفىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئازات بولۇپ، ئىنقىلاپچىلار غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابچىلىرى، چىننىڭ كۈچى ئەڭ كۆپ بولغان، ھەمدە ئومۇمىي ۋالىيلىق مەركىزى بولغان بۇجايدا، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئىنقىلاپچىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، بۇ ئىنقىلاب تارىختا بىر- بىرلىرى بىلەن كېلىشەلمىگەن، تۇڭگان ۋە تۈركلەرنىڭ ئورتاقلىششى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەھمىيىتى، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن

[99] بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى بۈگۈنمۇ غولجا ۋە كۈرەنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

كېيىنلا يۈزبەرگەن ئىچكى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە يوقالدى.

غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار ئىنساپسىزلىق قىلىپ، چىنلىقلاردىن ئېلىنغان ھېساپسىز ئولجىنى يالغۇز ئۆزلىرىلا ئېلىشىنىڭ كويىغا چۈشتى. تارانچىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، بىرتۈڭگانىنى ھۆكۈمدارلىققا تەيىن قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئورگانىنى پۈتۈنلەي چىن ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈپ چىقتى. دېمەك، تۇڭگانلار، يۇرتنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان، سان جەھەتتىنمۇ مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاساسى تايانچ كۈچى بولغان تارانچىلارنى، ھەر جەھەتتەبىر يانغا قايرىپ قويۇپ، مەملىكەتنى بىرتۈرك يۇرتى قىلىشنىڭ ئورنىغا يەنە چىن مۇستەملىكىسى قىلىشنى مەقسەت قىلغان. تارانچىلار بۇ ئىنساپسىزلىققا رازى بولمىدى ۋە «يۇرت بىزنىڭ، ئىنقىلابنى بىز قوزغاپ چىقتوق ۋە بىز سان جەھەتتىمۇ كۆپچىلىك ئورۇندا تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمدار بىزدىن بولىدۇ، ئولجا ۋە غەنىمەتلەر بىزنىڭ ھەققىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل تۈزۈملىرىنى چىنچە ئەمەس، ئىسلام ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن قۇرۇپ چىقىمىز. تۇڭگانلارغا قىلغان خىزمەتلىرىگە يارىشا مۇكاپات ۋە ئىمتىياز بېرىمىز» دەپ، تۇڭگانلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزئىچىدىن بىرىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەتنى ئىسلام ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرىگە ئۇيغۇن بىرشەكىلدە قۇرۇپ چىقتى. نەتىجىدە، بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ تازا ئاجىزلاشتى. ئاخىرىدا، غولجا ۋىلايىتى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا، ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى تارانچىلارنىڭ بولىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە، ئىنقىلاب ھېچ ئالغا باسالمىدى.

ھىجرى 1286- (مىلادى 1869-) يىلىغا كەلگەندە، ياقۇپ بەگ غولجىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردە تۇڭگانلارنىڭ قول ئاستىدا قالغان تارانچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ غولجىنى ئالدى. ئاياق ئىلى ۋە يەتتەسۇدىكى تارانچى ھۆكۈمىتى، ياقۇپ بەگكە رەسمىي ئىتائەت قىلىپ، مەلۇم مىقدارخىراج تۆلەشنى ئۈستىگە ئېلىپ پۈتۈشتى. ھىجرى 1288- (مىلادى 1871-) يىلى تۇڭگانلار غولجىنى يەنە بېسىۋالدى. تارانچى ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولدى. كېيىنچە غولجا تارانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ۋە ھىجرى 1294- (مىلادى 1877-) يىلى چىنلىقلارغا قارشى ئۆزلىرىنى غەلىبىلىك بىلەن قوغداپ، مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. ھىجرى 1297 - (مىلادى 1880-) يىلى روسلارنىڭ يەتتە سۇنى ئىشغال قىلىشى بىلەن بۇمىللىي ئىستىقلال يىقىلدى.

## كۇچا ئىنقىلابى

ھىجرى 1280- (مىلادى 1863-) يىلى كۇچادا، بىر قانچە ئېسىلزادىلار بىرلىشىپ، بىر يۇشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. بۇ كىشىلەر، تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدىكى بايانىمىزدا تىلغا ئېلىنغان، مەۋلانا

ئەرشىددىننىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ، كوچانىڭ تەرىقەت مۇرشىد(ئىشان) لىرى خانىدانىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. كوچادا، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك كۆچمەن تۇڭگان بارئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ئادەملىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار بىرتەرەپتىن يۇقىرىدىكى تەرىقەت مۇرشىدلىرىگە مۇرىت بولغانلار ئىدى. تەشكىلاتنىڭ قورالى بولمىغانلىقتىن تۇڭگانلاربىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق قۇراللىق تۇڭگانلارنى ئىشانلار، ئاستا - ئاستا ئۆز تەرىپىگە تارتتى. كۇچادىكى تۈركلەر ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، بىركېچىدە قوزغۇلۇپ چىقىپ، چىنلىقلارنىڭ شەھەرئىچىدىكى پۈتۈن ئىستىھكاملىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى، ئىنقىلاپچىلار سېپىلنى قۇرشاۋغا ئالدى. ئەتىسى، پۈتۈن ئىنقىلاپچىلار بىر پىكىرگەكېلىپ، كۇچانىڭ ئەڭ چوڭ مۇرشىدى بولغان ئەرشىددىن خان خوجىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە خان خوجا دەپ ئېلان قىلدى. بۇكىشى ئەسلىدە، پۈتۈن ئۆمرىنى ئېتىكاپتا تەرىقەتنىڭ پىرى بولۇپ ئۆتكۈزگەن، سىياسەت ۋە ئەسكىرىي ئىشلەردىن خەۋەرسىز، سادەكۆڭۈل ۋە تەجرىبىسىز بىرسى ئىدى. ئامما، ئىنقىلاپچىلار ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى يوقىرى ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى خان قىلىپ سايلاپ چىقتى.

بۇ مۇراسىمدىن كېيىن، كوچا ئىنقىلاپچىلىرى سېپىلدىكى چىنلىقلارغا ھۇجۇم باشلىدى. بىرقانچە كۈنلۈك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، سېپىلنى قولغا چۈشۈرۈپ چىنلىقلارنى يوقاتتى. كۇچا ۋە ئەتراپىنى تامامەن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خان خوجا، ئىنىسى جامالىددىن خوجىنى بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا يوللىدى. جامالىددىن خوجا، ئاقسۇ، باي ۋە ئۈچ تۇرپاننى پەتھى قىلدى. جىيەنى ئىسھاق خوجىنى 2500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەرق تەرەپكە يوللاپ، كورلا ۋە قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. ئىسھاق خوجا يېتىپ كەلگىچە، قاراشەھەر ۋە تېرىم (لوپنۇر) دىن نۇرغۇن چىنلىقلار كورلىغا يېغىلغان بولۇپ، بۇجايدا بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلىنىپ قالغانىدى. ئىسھاق خوجا ئۆزىنىڭ كۈچىگە قارىغاندا، دۈشمەن كۈچىنىڭ كۆپلىكى ۋە قورال - ياراقلىرىنىڭ تولۇقلىقىغا قارىماي كورلىغا ھۇجۇم قىلىپ، چىنلىقلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ئەسنادا بۈگۈر يېڭىسار ۋە كورلا ئەتراپىدىن ئۈچ مىڭغا يېقىن ئىنقىلاپچى ئىسھاق خوجىنىڭ ياردىمىگە كەلدى. تېرىمدىن، ئىسلام خەلپە باشچىلىقىدا يەتتە يۈز ئوۋچى قوراللىرى بىلەن كېلىپ قېتىلدى. نەتىجىدە، ئىسھاق خوجا ئالتە مىڭغا يېقىن ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، قاتتىق بىر مۇھاسىرەدىن كېيىن ھۇجۇم قىلىپ،كورلىنى ئالدى. ئىسھاق خوجا بۇغەلىبىدىن كېيىن، ھەرتەرەپتىن ياردەمگە كېلىپ قوشۇلغان مۇجاھىدلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئون مىڭدىن ئۇشۇقراق ئەسكەر بىلەن قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. قارا شەھەردىكى چىن ئەسكەرلىرى 5 - 6 مىڭغا يىقىن بولۇپ، ئۇلاردا خېلى كۆپ توپ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەر دەرياسى چوڭ بىر توسالغۇ ئىدى. ئىسھاق خوجا دەريا بويىدا تۇرۇپ ئوق ئېتىپ، بىر قانچە كۈن تېرىشىپ باققان

بولىسمۇ، بىرنەتىجە چىقمىدى. چىنلىقلارنىڭ دەريا بويىدىكى مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن دەريا دىن ئەسكەر ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەر، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىن دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقالدى. ئىسھاق خوجا، بۇ ۋەزىيەتتە بىردىن ـ بىر چارىنىڭ قارا شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى قاراشەھەر دەرياسى بويىدا قويۇپ، ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى ئېلىپ ئارقىغا قايتىپ، باغراش كۆلىنىڭ غەربى ـ جەنۇب ۋە شەرق قىرغىقىنى بويلاپ ئالتە كۈن يول مېڭىپ، قارا شەھەرنىڭ 40 مىل شەرقىدىكى ئۇششاق تالغا يېقىنلاشتى. ئىسھاق خوجا، ئۇششاق تالدا، ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن، چىنلىقلار ۋە قالماقلاردىن تەركىپ تاپقان ئۇنىمڭ كىشىلىك بىرقوشۇننىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە بۇ دۈشمەن ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىرھالدا مەغلۇپ قىلدى. چىنلىق باش قوماندان ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن خەت ـ چەك وە ئالاقە ھۆججەتلىرى ئىسھاق خوجىنىڭ قولىغا چۈشتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى. ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەر پاراكەندە ھالدا قارا شەھەرگە قاراپ قاچتى. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورا قاتارلىق ئەسكىريي لاۋازىمەتلىرى مۇجاھىتلارغانىمەت چۈشتى. ئۆلتۈرۈلگەن باشقۇماندانىنىڭ يېنىدىن چىققان بىرخەتتە، ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان، ئۈچ بۆلۈك قوشۇننىڭ، ئۇششاق تالغا كېلىش ۋاقتى ـ سائەتلىرى يېزىلغانىدى. ئىسھاق خوجا بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇششاق تالدا ئازساندا ئەسكەر قويۇپ، ئۆزى قوشۇننى ئېلىپ، دەرھال قارا قىزىل جىلغىسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلىشىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلىدىغانلاردىن خەۋەرسىز ھالدا جىلغىغا كىرگەن ھامان ئىككى ياقىدىن ئۇشتۇمتۇت ئوققا تۇتۇلدى ۋە 4 ـ 5 كۈن ئىچىدە، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق خوجا، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنى تامامەن يوقىتىپلا قالماي، ناھايىتى كۆپ ئەسكىريي لاۋازىمەت ۋە باشقا غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ خاتىرجەم ھالدا قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. قارا شەھەردىكى چىنلىقلار شەھەردىن چىقىپ، ئۇششاق تالنىڭ 10 مىل غەربىدىكى چوقۇر دېگەن جايدا نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، ئىستىھكام ياساپ تۇرغانىكەن. ئىسھاق خوجىنىڭ چوقۇرغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەن كۈچلۈك توپلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنقىلاپچىلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بىرەر مىڭدەك مۇجاھىد شېھىت بولدى ۋە ئەسكەرلەر چېكىنىشكە باشلىغان بىر پەيتتە، ئىسھاق خوجىنىڭ ئەمرى بىلەن يۈز ئاتلىق مۇجاھىت بىردىن ئات سېلىپ، دۈشمەننىڭ توپچى قىسمىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كەلدى. ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ساق قالغانلىرى دۈشمەن توپچىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ھەممىسىنى، قېلىچتىن ئۆتكۈزدى. توپ ئوقى ۋە مىلتىق دورىسى يۈكلەنگەن

هارۋىلارغا ئوت قويۇپ، دۈشمەننىڭ توپچىلىرى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىپ هاۋاغا ئۇچۇرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىچىدە قاتتىق ئالاقزادىلىك پەيدا بولدى. ئارقىغا چېكىنىۋاتقان مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ، جاسارەتلەندى، پۈتۈن قوشۇن بىردەك هۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن بۇ شىددەتلىك هۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا شەهەرگە قاراپ قاچتى. دۈشمەننىڭ پۈتۈن توپ ئوقلىرى، ئات، تۆگە ۋە هارۋۇلىرى مۇجاهىدلار تەرىپىدىن ئولجا ئېلىندى.

ئىسهاق خوجا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان پېتى قاراشەهەرگە كىرىپ، مۇهاسىرىگە ئالدى. بۇچاغدا، كوچادىن ئىسهاق خوجىنىڭ ياردىمىگە كەلگەن مىڭلارچە مۇجاهىد قارا شەهەر دەرياسى بويىغا توپلانغانىدى. ئىسهاق خوجا، بۇلارنىمۇ شەهەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. ئون ئىككى كۈن مۇهاسىرىدىن كېيىن، مۇجاهىدلار سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ، سېپىلنىڭ تېمىنى بىرقانچە يەردىن دورا كومۇپ پارتلىتىپ شەهەرگە هۇجۇم قىلدى. چىنلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، ساق قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. قارا شەهەردە، مۇجاهىدلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئولجىنىڭ كۆپلىكىنى، قىممىتىنى، موسائاخۇن « تارىخي ئەمنىيە» دېگەن ئەسەرىدە تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتكەن[100].

قاراشەهەرنىڭ ئىستىراتېگىلىك ئورنى، شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەڭ مۇهىم ئورۇندا ئىدى. ئىسهاق خوجىنىڭ بۇ غالىبىيتى، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئېلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. نەتىجىدىمۇ شۇنداق بولدى، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئېلىنىشى قارا شەهەرگە قارىغاندا، % 50 ئاسانغا چۈشتى.

هىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلى ئىسهاق خوجا، زور بىرقوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرپان شەهرىنى ئۇڭايلا قولغا چۈشۈردى. ئەمدى، نۆۋەت چىنلىقلار ئەڭ كۆپ ۋە مۇستەهكەم ئورۇنلاشقان يېرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. ئىسهاق خوجا ئۈرۈمچىنى ئىككى ئاي مۇهاسىرە قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئىگەللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۇچىڭ، جىمىسار، قۇتۇبى، ماناس ۋە شىخو قاتارلىق شەهەرلەرنى ناهايىتى قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قولغا چۈشۈردى. بۇ ئۇرۇشلاردا تۇڭگانلارئىسهاق خوجىغا كۆپ ياردەم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسهاق خوجا ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تۇڭگانلارنىڭ چوڭ موللىسى «يۈسۈپ لاۋ رىنجا» نى ۋالىي قىلدى ۋە باشقا شەهەرلەرگىمۇ تۇڭگانلاردىن هاكىم ۋە ئەسكىرىي مەنسەپتار تەيىن قىلدى.

ئىسهاق خوجا، بۇ جايلارنى ئىگەللەپ بولغاندىن كېيىن، چىنگە چېگرىداش بولغان ئىككى مۇهىم جاينى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىرقىسمىنى بارىكۆلگە يوللىدى. بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ، قۇمۇلغا يۈرۈش قىلدى. بارىكۆل بىرقانچە كۈنلۈك مۇهاسىرىدىن كېيىن

[100] مۇئەللىپ بۇ يەردە موللامۇسا سايرامىنىڭ خەلق ئىچىدە مەشهۇر بولغان ئىسمى بىلەن ئاتىغان(ن. ش. ه.).

ئىلىندى. ئەمما، قۇمۇلنىڭ پۈتۈن شەھەر ۋە كەنتلىرى گەنسۇ چېگرىسىغىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېڭى شەھەر (چىنلىقلارنىڭ قەلئەسى) دۈشمەن تەرىپىدىن ناھايىتى قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغانلىقتىن ئالالمىدى. چۈنكى، سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ ۋە قورال ـ ياراقلىرى تولۇق ئىدى. سېپىل ئەتراپىدىكى ئىستىھكاملارمۇ بەك مۇستەھكەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. يەنە بىرتەرەپتىن، كۆرۈنۈشتە، ئىسھاق خوجىغا سادىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چىنلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان قۇمۇل چىڭۋاڭى سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنگە مەخپىي سۈرەتتە ياردەم قىلماقتا ئىدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئىسھاق خوجا كۇچاغا چاقىرىپ كېتىلدى. قۇمۇلدا قالغان ئەسكەرلىرى يېڭى شەھەرنى ئالالمىدى ۋە كېيىنچە، چىڭۋاڭنىڭ ياردىمى بىلەن چىنلىقلار پۈتۈن قۇمۇلنى بېسىۋالدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي چېگرىسىدىن تارتىپ، شەرقىي چېگرىسىغىچە بولغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگەللىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى جايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى باشقا ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن خېلى كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن كوچا ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ خېلى زور بولدى. بۇلارغا قاراپ، كىشلەرنىڭ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كوچا ھۆكۈمىتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلىشىدىغانلىقىغا ھېچ شۈبھىلىرى يوقتى. لېكىن، كوچا ھۆكۈمىتىنىڭ مەغرۇرانە خاتا سىياستى، بۇ ئارزۇنى يوققا چىقىرىپ، ناھايىتى پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھىجرى 1281ـ (مىلادى 1864 ـ) يىلى خان خوجا، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ دەرھال، شەرتسىز كوچا ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشلىرىنى، پۈتۈن قورال ـ ياراق ۋە خەزىنىلىرىنى تاپشۇرۇشلىرىنى ئۇختۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى. ئەگەر، بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىسا، بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر يوللاپ، جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان خوجىنىڭ يازغان بوخېتى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلغان مىللىي ئىنقىلابچىلارغا ھۆرمەت قىلىپ، قوللاشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئابرويىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلار قاتارىدا كۆرۈپ بۇيرۇق قىلىپ، تەھدىت سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستى. بوخىل مۇئامىلە، قارشى تەرەپنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىشى ھەتتا، نەپرەت ھېسسىنى قوزغاپ قويۇشى تەبىئىي بىر ئەھۋال. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىر باشلانغۇچ سىياسى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە قىلىنغان بۇقوپال مۇئامىلە، خان خوجىنىڭ ئېغىر بىرسىياسى خاتالىقى ئىدى. بۇخەتكە، خوتەن ھۆكۈمدارى ھاجى پاشا ۋە قەشقەر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ رەھبىرى سىدىق بەگلەرنىڭ بەرگەن جاۋابىدا: خان خوجىنىڭ تۇڭگانلارنى ۋە بۇرۇن چىنگە سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغان بەگلەرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ۋە ئەسكىرىي ئورۇنلاردىن قەتئىي تازىلاپ چىقىشنى ۋە ئۆزلىرى كۈرەش قىلىپ قۇرۇپ

چىققان دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدىغانلىقلىرى، ئەگەر بۇ تەلەپلىرى قوبۇل قىلىنسا، خان خوجىغا ئىتائەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈلگەنىدى. يەركەن ھۆكۈمدارى ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئەمما، دەرھال بويسۇنمىغانلىقى مەلۇم. شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقى ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن مىللىي ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەيدانغا چىقتى.

## راشىددىن خوجىنىڭ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

خان خوجا راشىددىن خان، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن مۇجاھىدلىرىدىن يۇقىرىقىدەك مەنپى ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن، مەسلىھەتچىسى بولغان تۇڭگان ۋە بەگلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەنە بىرخاتالىق ئۆتكۈزدى. ئىنىسى جامالىددىن خوجىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. سىدىق بەگ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، پەرغانە ھۆكۈمدارى سەئىدخاندىن ياردەم تىلىدى. يەنە بىرخىل ئېتىشقا قارىغاندا، خۇدايارخاندىن ياردەم تەلەپ قىلغانىكەن. فەرغانىدىن ياردەم كەلگىچە، جامالىددىن خوجا يېتىپ كەلدى. سىدىق بەگ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي، قەشقەرنى بوشىتىپ، تاشمىلىققا چىقىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن جامالىددىن خوجا قەشقەرنى ئۇرۇشماستىن ئالدى. لېكىن، ئۇزۇنغا قالماي، فەرغانىلىكلەرنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرگە يېقىنلاشقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئەسلىدە، بۇ ئەسكەرلەر سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەستى. جامالىددىن خوجا بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قورقۇپ كېتىپ، كوچاغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگ كىرىپ قەشقەرنى ئىگەللىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن فەرغانىلىكلەر كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى.

خان خوجا يەنە دەرھال، جامالىددىن ۋە ھامىددىن خوجىلارنى ئۇن مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل يەركەنگە يوللىدى ۋە يەركەننى ئېلىپ بولۇپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. جامالىددىن خوجا يەركەنگە كەلگىچە، قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ ئەسكىرىي قوماندانى ياقۇپ بەگ، 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ، يەركەننىڭ تېشىدا تۇرۇپ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى. جامالىددىن خوجا ئاز بىرقىسىم ئەسكەرنى قەشقەر چېگرىسىغا يوللاپ، ئۆزى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يەركەنگە يېقىنلاشتى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ، يەركەن ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈشۈپ قەشقەرگە قايتتى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، يەركەن ھۆكۈمىتى فەرغانىلىكلەردىن ياردەم سوراپ ئادەم يوللىغانلىقتىن جامالىددىن خوجا قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتكەنمىش. بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ،گەرچە يەركەنگە كەلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىقى ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتكەنمىش. جامالىددىن خوجا بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، يەركەن

ھۆكۈمدارى ئابدىراھمان ھەزرەتنى تۇتۇپ قاماقىا ئالغان. لېكىن، شۇ زاماننىڭ ۋەقەلىرىنى يازغۇچى موسا ئاخۇن، «ئىستىلا قىلىش مەقسىتى بىلەن ياقۇپ بەگ يەركەنگە ئۆزى كەلگەندى» دەپ يازىدۇ.

جامالىددىن خوجا، تۇڭگانلار ۋە نىياز بەگدەك بەزى مۇناپىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەركەن شەھرىنى ئالدى. يەركەن ھۆكۈمدارى، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئوغۇللىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ كۇچاغا يوللىدى. لېكىن، يەركەندىكى تۇڭگانلارنىڭ شىپائىتى بىلەن، يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، يەركەندە ئېھتىرام بىلەن نەزەربەنت قىلدى. يەركەن،كۇچا ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، جامالىددىن خوجا، بۇرۇن چىنلىقلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان بىر بەگنىڭ باشچىلىقىدا، تولىسى كوچا ۋە يەركەندىكى تۇڭگانلاردىن تەركىپ تاپقان 4000 ئەسكەرنى خوتەنگە يوللىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن ھۆكۈمدارى ھاجى پاشا، ئوغلى ۋە باش ۋەزىرى بولغان ئابدۇراھمان پاشانى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خوتەن شەھرىدىن 44 مىل غەربىتىكى پىيالما يېزىسىغا ئەۋەتتى. بىركېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان قاتتىق ئۇرۇشتا ئابدۇراھمان پاشا شېھىت بولدى. خوتەن مۇجاھىدلىرى قوماندانلىرىنىڭ شېھىت بولىشى بىلەن پاراكەندە بولۇپ كەتمىدى بەلكى، ئىنتىقام ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، تۇڭگانلار ئۈستىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە، تۇڭگانلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى ۋە كۇچا ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچتى. خوتەن مۇجاھىدلىرى ئۇلار نىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، گۇمىدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ ھەيدىۋەتتى. خوتەنگە يۈرۈش قىلغان كوچا ئەسكەرلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، قېچىپ قۇتۇلغانلىرى پاراكەندە ھالدا يەركەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، جامالىددىن خوجىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش جاسارىتى تامامەن يوقالدى.

خان خوجا، بۇ مەغلۇبىيەتتىن ناھايىتى خاپا بولدى ۋە ئىنىلىرى جامالىددىن ۋە ھامىددىن خوجالارنى لاياقەتسىز ۋە غەيرەتسىز دەپ ئەيىپلەپ كايىدى. يەنە بىرتەرەپتىن قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇچا ھۆكۈمىتى ئەڭ قەھرىمان قوماندانى ئىسھاق خوجىنى قۇمۇلدىن چاقىرتتى. ئىسھاق خوجا، « قۇمۇل يېڭى شەھەرنى پۈتۈنلەي قولغا ئالماي تۇرۇپ، كوچا غا قايتىش، قۇمۇلنى چىنلىقلارغا تەسلىم قىلىش دېمەكتۇر! شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن يۇرت چىن ئىستىلاسى خەۋپىدە قالىدۇ. فەرغانىلىكلەر ياكى خوتەنلىكلەر كۇچاغا تاجاۋۇز قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇل يېڭى شەھەرنى ئالماي تۇرۇپ قايتمايمەن » دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلسىمۇ خان خوجا ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە «دەرھال قايتىپ كەل ! » دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىسھاق خوجا، بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن ئىنىسىنى قۇمۇلدا قويۇپ، ئۆزى كۇچاغا كەلدى.

ئىسھاق خوجا تەخمىنەن ئونمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. قەشقەر ھۆكۈمدارى، بۇزرۇك خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەرنى بوشىتىپ فەرغانىغا قېچىشقا تەييارلاندى.

لېكىن، قوماندانى ياقۇپ بەگ، ئىسھاق خوجا بىلەن ئۇرۇشۇش، مەغلۇب بولغان تەقدىردە ئاندىن فەرغانىغا قېچىشنى قارار قىلىپ، تۆرت يۈز كىشىدىن ئىبارەت ئەسكىرىنى ئېلىپ، قەشقەردىن 37 مىل شەرقتىكى خانئېرىق دېگەن جايغا بېرىپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بىر كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا كەچتە پەرغانىلىكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ياقۇپ بەگ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ئارقىسىغا قايتىپ كېلىپ، كېچىسى خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتقان كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇت باسقۇن قىلدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كوچا ئەسكەرلىرىدىن مىڭدەك كىشى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى. قالغانلىرى پاراكەندە هالدا قاچتى. ئىسھاق خوجا، ئەسكەرلىرىنى يىغىۋالالماي مارالبېشىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، كۇچاغا كەتتى.

خانئېرىق ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيۋىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يەركەن ئىنقىلابچىلىرى، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئابدۇراھمان ھەزرەتنى يەنە پاشا قىلىپ مۇستەقىل بولىۋالدى. خانئېرىق ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىشى، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ پالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئىسھاق خوجا، بۇرۇنقى مىسلىز غالىبىيەتلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بۈيۈك بىر قەھرىمان بولۇپ شۆھرەت قازىنىپ مىللەتنىڭ ئىززەت، ھۆرمەت ۋە سۆيگۈسىنى قازانغانىدى. بۇنىڭغا، خان خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى چىدىيالماي ھەسەت قىلاتتى. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ، مەرتىۋىسىدىن يىقىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. خانئېرىق مەغلۇبىيىتىنى بۇ ھەسەتخورلار پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىسھاق خوجاغا ھەرخىل يالغان بوھتانلارنى چاپلاپ خان خوجىغا چاقىلى باشلىدى. ساددا كۆڭۈل بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئىسھاق خوجىنى پۈتۈن مەنسەپلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى كوچادىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئاقسۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىچارە ئىسھاق خوجا شۇنچە ئولۇغ خىزمەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئاقسۇ يېقىنلىرىدىكى بىر يېزىدا پەقىرانە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەستخورلارنىڭ سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ھەر زامان قورقۇپ ياشىدى.

قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ قوماندانى ياقۇپ بەگ، ئىسھاق خوجىنىڭ بۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ بىردىن بىر قەھرىمان قوماندانى ۋە قابىلىيەتلىك دۆلەت ئادىمىدىن قەتئىي ئايرىۋېتىشىنىڭ پۇرستى كەلدى دەپ بىلىپ، دەرھال مەخپىي ھالدا ئىسھاق خوجاغا خەت يېزىپ، ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنى قەشقەرگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ناھايىتى قىيىن شارائىتتا، قاتتىق قورقۇ ۋە ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىسھاق خوجا، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. ياقۇپ بەگ ئۇنى كۆپ ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلىپ، قەشقەردە باغ ـ ھويلىلىق ئۆي بەردى ۋە مائاش تۇختۇتۇپ بەردى. ئىسھاق خوجىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان

هەسەتخورلار، جامالىددىن خوجا، هامىددىن خوجا ۋە باشقىلىرى، ئىسهاق خوجا قىلغان ئىشنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ قولىلىرىدىن كەلمەيدىغان لاياقەتسىز، ئەيش پەرەست، غاپىل ۋە قۇرقۇنچاق كىشلەر ئىدى. داۋاملىق راھەتپەرەستلىككە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. مانا، بۇ سەۋەپتىن، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇ تەرەپلەر قاچان كۇچارغا هۇجۇم قىلارىكىن دېگەن ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچبىر مۇداپىئە تەدبىرلىرىمۇ يوقتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى ئەسكىرىي ۋە مەنىۋىي كۈچى ۋە هەيۋىتى قالمىدى. تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدە تۇڭگانلار مۇستەقىل بولدى. قۇمۇلنى چىنلىقلار ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە بىر هەربىي بازا قۇرۇۋالدى. بۇئارىدا ئىسهاق خوجىنىڭ ئىنىسىمۇ قۇمۇلدىن قايتىپ كەلدى.

## كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

كۇچا هۆكۈمىتى ئاجىزلىشىپ، بارغانسېرى مۇنقەرىزلىككە قاراپ يۈز تۇتماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەت ياقۇپ بەگ ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى.

هىجرى 1284ـ (مىلادى1867ـ) يىلى ياقۇپ بەگ كۇچا غا يۈرۈش قىلدى («ياقۇپ بەگ» دېگەن بابتا تەپسىلى بايان قىلىندۇ). كۇچانى ئىشغال قىلىپ، راشىددىن خان خوجىنى ئوغوللىرى بىلەن قوشۇپ شېهىت قىلدى. باشقا ئىنىلىرى ۋە هۆكۈمەت ئادەملىرىنى تۇتۇپ، قەشقەرگە ئەۋەتتى ۋە ئۇ يەردە دەهشەتلىك قېيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا هۆكۈمىتى يىقىلدى ۋە كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلار ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. تۇرپان ۋە قاراشەهەرنى تۇڭگانلار ئىشغال قىلدى.

## كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ ماهىيىتى

كۇچا هۆكۈمدارى راشىددىن خان خوجا، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى كۇچانىڭ چوڭ بىرتەرىقەت مۇرشىدى ئىدى. كۇچا ۋە ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار بىلەن تۈركلەر بۇنىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرىدىن ئىدى. راشىددىن خان خوجا، تۇڭگانلارنىڭ ئەسلىدە چىنلىقلاردىن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزغا يات ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتمەي، پەقەت ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىلا كۆزدە تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قوراللاردىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. ئىنقىلاب يېڭى باشلانغاندا، قوراللىق كۈچلەر يالغۇز تۇڭگانلاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، كېيىنچە، ئىنقىلاپ تەرەققى قىلىپ، مۇجاهىدلار قوراللاندى. ئەسكىرىي قۇۋۋەتنىڭ كۆپچىلىكىنى تۈركلەر تەشكىل قىلغاندىمو، خان خوجا يەنە، مەيلى ئەسكىرىي مەيلى مەمۇرىدا بولسۇن، يۇكسەك ئورۇنلارغا تۇڭگانلارنى ئارىلاشتۇردى. هەر ئىشنى ئۇلارنىڭ مەسلىهەتى بىلەن ئىشلەپ باردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆتمۈشتە چىنلىقلارغا خىزمەت قىلىپ پۈتۈن خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان بەگلەرنىڭ

مۇناپىقلارچە قىلغان ئىتائىتىنى قوبۇل قىلىپ، چوڭ مەنسەپلەرگە قويدى. نەتىجىدە، ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئىدارە ئورگانلىرىدىكى پۈتۈن ھوقۇق تۇڭگانلار ۋە كونا بەگلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقۇرۇش ۋە بېجىرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى، ئىسلام ۋە تۈرك روھىغا خىلاپ ھالدا، مۇستەبىتلىك ئاساستىكى چىن ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

ھۆكۈمەتتە رەسمىي بىرقانۇن ـ ئىنتىزام يوقتى. راشىددىن خان خوجا، سىياسەتتىن خەۋىرى يوق، سادداكۆڭۈل بىر كىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىشىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن يېنىۋېلىشىمۇ ئوڭاي ئىدى. ئوردىسىنىڭ تېشىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى بولغان تۇڭگانلار ۋە بەگلەر ئۆزئىختىيارىچە بېجىرەتتى.

ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى، كۇچا ھۆكۈمتى ھەممىسىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر بايراق ۋە بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بىرلەشتۈرسە، توغرا قىلغان بولىدۇ دەپ ھېساپلىغانىدى. لېكىن، ئۇزۇنغا قالماي كۇچا ھۆكۈمدارى ۋە ھۆكۈمتىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالىنى كۆرگەن باشقا ئىنقىلابچىلار، كوچا ھۆكۈمتىگە ئىتائەت قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالدى. بۇنى سەزگەن راشىددىن خان خوجا، بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى زىرەكلىك ۋە ئىنساپ بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئاساسىدا ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشمىدى. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا، باشقىلارنىڭمۇ ئىنقىلابچى روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارغان بولسا ئىدى، بۇ ئەڭ ئاقىلانە ۋە توغرا سىياسەت بولغان بولاتتى. بۇ يول بىلەن باشقا ئىنقىلابچىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى بىر بايراق ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياقۇپ بەگنىڭ قانلىق بالا ـ ئاپىتىدىن ۋە چىننىڭ ئىستىلا پالاكىتىدىن ۋەتەننى ساقلاپ قېلىشى، تامامەن مۇمكىن بولاتتى. چۈنكى، باشقا ئىنقىلابچىلارنىڭ بىر دىن بىر ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن، بۇ ساددا كۆڭۈل ئادەم، بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار ۋە بەگلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا تەھدىت قىلىپ خەت يازدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاشكارا نەپرىتىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇشلار باشلىنىپ، كۈچلىرى ئاجىزلاشتى، مىللىي ھۆكۈمەتلەر بىر ـ بىرلەپ يىقىلدى. شۇچاغدىن قالغان تۆۋەندىكى شېئىر، بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

مەن سەن ئولسام، سەن مەن ئولساڭ[101]      ھەم مەن ئولسام، ھەم سەن ئولساڭ
مەن مەن ئولدۇم، سەن سەن ئولدۇڭ      نى مەن ئولدۇم، نى سەن ئولدۇڭ

[101] بۇ شېئىر دىكى «ئولماق» دېگەن پېئىل، ھازىر ئۇيغۇرچىدا «بولماق» دەپ ئېلىنىدۇ(ن . ش. ھ.).

## خوتەن ئىنقىلابى

مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىم، خوتەننىڭ ئېسىلزادە خانىدانىغا مەنسۇپ، كاتتا ئالىم ۋە خوتەننىڭ مۇپتىسى بولۇپ، خوتەننىڭ دىنىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. ئۇ 70 ياشتىن ئاشقان چاغدا، ئوغۇللىرى ئابدۇراھمان ئاخۇن ۋە ئىبراھىم خانلار چىنلىقلارغا قارشى ئىنقىلاب قوزغاش پىكرىنى دادىلىرىغا بىلدۈردى. مۇپتى ھەبىبۇللاھاجىم ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئوغۇللىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قاراقاشنىڭ 27 كىلومېتر شىمالىدىكى بۇلاق دېگەن يېزىدا بىرمەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئاز بىرمىقدار قورال بىلەن ئىككى يۈز كىشىلىك بىرقوشۇنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھىجرى 1280- (مىلادى 1863-) يىلى زاۋا يېزىسىدىكى چىن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تامامەن يوقاتتى. دۈشمەندىن غەنىمەت ئالغان قوراللار بىلەن قوراللىنىپ خوتەن ئىلچىگە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ تەرەپتىن قولىغا پالتا، كەتمەن ۋە چوماق ئالغان ھالدا كېلىپ، ئىنقىلاب سېپىگە قاتنىشىپ، 30 - 40 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. مۇداپىئە ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان چىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ شەھەرنى پەتھى قىلدى. چىنلىقلار سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىركۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن، چىنلىقلار مۇداپىئەگە ئاجىزكېلىپ، تەسلىم بولدى. تۆرت مىڭدىن ئۇشۇقراق چىنلىق مۇسۇلمان بولدى. خوتەن خەلقى يېغىلىپ، ھەبىبۇللاھاجىمنى تۈرك ئەنئەنىسى بويىچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى، ئىسلام ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق بەيئەت قىلىپ، پادىشا قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «ھاجى پاشا» دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. غەربدەگوما ۋە شەرقتە چارقىلىققىچە بولغان جايلارچىنلىقلاردىن تازىلاندى. ھاجى پاشا، ئوغلى ئابدۇراھمان ئاخۇننى ۋەزىر قىلىپ، ئۇنىڭغا «سەدرىسسۇدۇر[102]» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. كېيىنچە ھاجى پاشانىڭ بۇ ئوغلىئابدۇراھمان پاشا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

ئىنقىلاپقا قېتىلماي ئۆيىدە ياتقان بەزى ئېسىلزادىلار، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھاجى پاشاغا ھەسەت قىلىپ، توپىلاڭ چىقاردى. لېكىن، ھاجى پاشا بۇلارنى دەرھال بېسىقتۇرۇپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرى قېچىپ يەركەنگە بېرىۋالدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلى كۇچا ھۆكۈمدارى خان خوجا، خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەھدىت خېتى يېزىپ ئەلچى ئەۋەتتى. ھاجى پاشا بۇنىڭغا، تۇڭگانلارنى ۋە بۇرۇن خىتايغا خىزمەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى

102 سەدرىسسۇدۇر، شۇچاغدىكى باش مىنىستىر دەرىجىلىك ئۇنۋان. بۇ تارىخىي ھادىسىلەر، ھازىرمۇ خوتەندە، خەلق قوشاقچىلىرى تەرەپىدىن ناھايىتى تەسىرلىك مىسرالار بىلەن ئاڭلىتىلىدۇ. قوشاقلاردا، سەدرىسسۇدۇر« سۇدۇرخان غوجام» دەپ ئېلىنىدۇ(ن. ش. ھ.).

ئەزگەن بەگلەرنى هۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق ۋە خوتەن هۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى بىلەن كۇچارھۆكۈمىتىگە بويسۇندۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاپ يازدى. خان خوجا بۇ ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا(مىلادى 1865) خوتەنگە ئەسكەر يوللىدى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتىلگىنىدەك، پىيالما ئۇرۇشىدا ئابدۇراهمان پاشا شېهىت بولدى. لېكىن، كۇچا ئەسكەرلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇندىن كېيىن، هاجى پاشا گۇمىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ يەركەندىن كېلىدىغان يول ئۈستىدىكى ئىستىهكاملارنى چىڭىتتى ۋە ئابدۇراهمان پاشا نىڭ ئورنىغا يەنە بىرئوغلى ئىبراهىم خاننى ۋەزىر(سەدرىسسۇدۇر) لىققا تەيىن قىلدى.

هىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا هاجى پاشا، پەرغانىغا ئىبراهىم خان باشچىلىقىدا ئەلچىلىك هەيئىتى ئەۋەتىپ، پەرغانە خانى خۇدايارخان بىلەن بىر دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدايارخان، ئۇچاغدا ئۆزىگە تەۋە بولغان قەشقەر نىڭ هۆكۈمدارى بۇزرۇگخان تۆرە ۋە قوماندانى ياقۇپ بەگلەرگە خوتەن هۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندى.

هاجى پاشا شۇ ۋاقىتتا كۇچا هۆكۈمىتىگىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، خان خوجىغا بىرخەت يازدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: « جىهاد قىلىشىمىزدىن مەقسىتىمىز، پۈتۈن يۇرتنى كاپىرلارنىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرماقتۇر. بۇنىڭ يېگانە شەرتى، هەممىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىختىلاپ ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. لېكىن، سىز هۆكۈمەت ئىشلىرىنى ۋە ئىسلام ئەسكەرلىرىنى تۇڭگانلارغا ۋە بۇرۇن چىنگە خىزمەت قىلغان بەگلەرگە تۇتقۇزدىڭىز. تۇڭگانلار بولسا، چىنلىق ۋە بىزگە تەبئىي هالدا قارشى بولغان بىرخەلقتۇر ۋە بەگلەر بولسا ئۆزمىللىتىگە خىيانەت قىلغان مۇناپىقلاردۇر. بېشىمىزغا بىر ئىش كەلگەندە، بۇلار بىزگە ئىچىمىزدىكى دۈشمەن بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەن بۇندىن ئىلگىرى سىزگە سەممىي كۆڭلۈم بىلەن هەقىقەتنى بىلدۈرۈپ خەت يازسام سىز بۇنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە ئۈستۈمگە مەزكۇر مۇناپىقلارنىڭ پىتنە- ئىغۋاسى بىلەن بىر ختاي يېتىمئوغلىقى[103] باشچىلىقىدا بەش مىڭ تۇڭگاننى يولليدىڭىز. نەتىجىدە، بىرنەچچە مىڭ مۇسۇلمان زايا بولدى. بۇنىڭ ۋابالى پەقەت سىزنىڭ بوينىڭىزغا.... خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە ئىتتىپاقلىششقا ۋە ئىسلامنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئەگەر، سىز پۈتۈن يۇرتقا پادىشا بولۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ ئىككى زىيانلىق تائىپىنى تامامەن ئىشتىن چىقىرىڭ، هۆكۈمەت ئىشلىرىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق هالدا ئادالەت بىلەن ئىجرا قىلىڭ. مانا، بۇ شەرتلەر بىلەن مەن سىزگە بەيئەت قىلىشقا هازىر. ئەگەر سىز مىنىڭ بۇ شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىزمۇ، مەن يەنىلا سىز بىلەن دوست بولۇشنى ۋە ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈچ بىرلىكى ئىچىدەبولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن،

[103] ختاي يېتىمئوغلىقى ـ خوتەن خەلقى چىنپەرەست بەگلەرگەبەرگەن نام(مۇئەللىپنىڭ ئىزاهاتى).

ۋەسسلام.» خان خوجا بۇخەتتىكى، يىراقنى كۆزلەپ يازغان چۇڭقۇرمەنىلىك سۆزلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرمەستىن، خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قاتتىق ھاقارەتلەپ، قولغا ئالدى ۋە سايرام يېزىسىدا ئۆمۈر بويى قاماقتا ھۆكۈم قىلدى. پەقەت راشىددىن خان خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا بۇكىشىلەر قۇتۇلۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

ھىجرى 1282ـ ( مىلادى 1865ـ) يىلى يەركەن ئىككىنجى قېتىم مۇستەقىل بولغان كۈنلەردە، خوتەندە ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ توققانلىرىدىن ئابدۇللا ھەزرەت دېگەن كىشى ھاجى پاشاغا قارشى ئىسيان چىقىرىپ، خوتەننى يەركەنگە قوشماقچى بولغىنىدا، بۇ ھەرىكەت پاش بولۇپ قېلىپ، ئابدۇللا ھەزرەت قولغا ئېلىندى ۋە مال ـ مۈلكلىرى مۇسادىرە قىلىندى.

## خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ
## ئاقىبىتى

ھىجرى 1282ـ (مىلادى 1866ـ) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ياقۇپ بەگ يەركەننى ئېلىپ، قەشقەر ھۆكۈمدارى بۇزرۇگخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ھۆكۈمدار بولدى ۋە «ئاتلىق غازى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئۇندىن كېيىن، خوتەنگە بىر ھەيئەت يوللاپ دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاشنى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ھاجى پاشا بۇنى ئىسلامىي بىرلىك دەپ ئىشەنچ قىلىپ، ناھايىتى خوش بولدى ۋە بۇ دوستلۇق كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا كۆرۈنۈشتە ياخشى بىر دوستلۇق مەيدانغا كەلگەندەك بولدى. لېكىن، بۇ دوستلۇق كېلىشىمى ياقۇپ بەگنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن پىلانلىغان ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنىڭ باشلانغۇچى ئىدى. چۈنكى، ھاجى پاشانىڭ ئادالىتى نەتىجىسىدە، پۈتۈن خوتەن خەلقى ئۇنى ناھايىتى ئىخلاس ۋە مۇھەببەت بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە خوتەننى ئۇرۇشۇپ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەننى ھىيلە ۋە خىيانەت يولى بىلەن ئېلىشنى قارار قىلغانىدى. دۇستلۇق كېلىشىمىدىن كېيىن، ئوتتورىدا خەت ئالاقە ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بېرىش ـ كېلىشلىرى كۆپەيدى. ھىجرى 1283ـ (مىلادى 1867ـ) يىلى ياقۇپ بەگ، «خوتەندىكى ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى ۋە ھاجى پاشا ئاتامنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزۈم شەخسەن كۆرۈشۈپ دوستلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىمەن» دېگەن سۆزنى تارقىتىپ، مىڭ ئەسكەرنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئارقىسىدىن ئون ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەرنى بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈپ، ئەگەشتۈرگەن ھالدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ياقۇپ بەگنىڭ زىيارەت ئۈچۈن خوتەنگە بارىمەن دەپ، يازغان خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھاجى پاشا شۈبھىلىنىپ ئوغلى سەدرىسسۇدۇر ئىبراھىم خاننى، كۆرۈنۈشتە ياقۇپ بەگنى قارشى ئېلىشقا بارغاندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ياقۇپ بەگنىڭ بىر يامان نىيىتى بولسا ئالدىنى ئېلىش

ئۇچۇن، بىرقانچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن پىيالمىغا ئەۋەتتى. ياقۇپ بەگ پىيالمىدا ئىبراھىم خان بىلەن كۆرۈشۈپ، باشقا ھېچبىر يامان نىيىتىنىڭ يوقلىقى، ھاجى پاشادەك ئۇلۇغ بىر زاتنى زىيارەت قىلىپ، ئارىلىرىدىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش ئارزۇسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، قۇرئان تۇتۇپ پەسكەشلىك بىلەن يالغان قەسەم ئىچتى ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن، « ئەگەر ھاجى پاشا مىنىڭ خوتەنگە كىرىشىمنى توغرا كۆرمىسە، زاۋادا تۇرۇپ، بىر كۆرۈشۈۋېلىپ يانساممۇ بۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر غەنىمەت دەپ بىلىمەن» دېدى ۋە ئىبراھىم خانغا ھېساپسىز سوغا ـ سالام ھەدىيە قىلىپ، قاتمۇ ـ قات كىمخاپ تون ياپتى.

ئىبراھىم خان ياقۇپ بەگنىڭ بۇ سۆزلىرىگە تامامەن ئىشەندى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، خوتەنگە قايتىپ، دادىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھاجى پاشا بولارغىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، ئوغلى ۋە يېنىدىكى ئادەملىرىنىڭ زورلىشى بىلەن، زاۋاغا ياقۇپ بەگنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولدى. ئەتىسى، ھاجى پاشا، ئىبراھىم خاننى ئاز بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن شەھەردە قويۇپ، ئۆزى كۆپرەك ئەسكەر بىلەن زاۋاغا ماڭدى. ھاجى پاشانىڭ پىلانى، ياقۇپ بەگنىڭ مەقسىدى مەيلى ياخشى مەيلى يامان بولسۇن، ئۇنى زاۋادىنلا قايتۇرۇۋېتىش ئىدى. ياقۇپ بەگ زاۋاغا ھاجى پاشا دىن بۇرۇنراق كېلىپ، چېدىرلىرىنى تىكىپ ئورۇنلىشىپ بولغانىدى. ھاجى پاشانىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرقانچە مۇھىم كىشىلىرى بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ ھاجى پاشا نىڭ ئالدىغا ماڭدى. ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى كۆرگەن ھامان ئېتىدىن چۈشۈپ ، يۈگرەپ بېرىپ ھاجى پاشا نىڭ ئۈزەڭگۈسىدىن سۆيگىلى تۇردى. ھاجى پاشا، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىر يامان نىيىتى يوقكەن دەپ ئىشەندى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ قائىدە بويىچە ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى ئەسكەرگاھىغا بېرىپ، ھادۇق سۇراش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىككى يۈزدەك ئادىمى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىنى ئالدىنئالا ھەرئېھتىمالغا قارشى تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى چۈشكەن يەرگە كەلگەندە، ھاجى پاشانى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا ئەكىردى ۋە بىرگە كەلگەن كىشىلەرنى، يېرىمىز تار دېگەننى بانا قىلىپ، 8 ـ 10 دىن ئايرىپ، باشقا ـ باشقا چېدىرلارغا باشلىدى. يېمەك يېيىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، ھاجى پاشا ۋە ئادەملىرىنى تۇيۇقسىز تۇتۇپ باغلاپ ئەسىر ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانىڭ ئەسكەرلىرىگە، «سىلە دەرھال شەھەرگە قايتىڭلار، مەن بۇرادىرىم ئاتلىق غازىنى باشلاپ، ئەرتە شەھەرگە كىرىمەن. ئىبراھىم خان ۋە يۇرت كاتتىلىرى قارشى ئېلىشقا چىقسۇن ۋە شەھەر جابدۇلسۇن» دېگەن مەزمۇندا ھاجى پاشانىڭ تىلىدىن بىر يارلىقنامە يازدۇرۇپ، ھاجى پاشانىڭ خاس تامغىسىنى بېسىپ چىقاردى. بۇ بۇيرۇقنى كۆرگەن ئەسكەرلەر شەھەرگە قايتتى. كېچىسى ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى قاتتىق ھاقارەت

قىلىپ، قول پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ، بىساتسىز بىر ياغاچ هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە ماڭغۇزدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاساسى قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر كېچە ئىچىدە زاۋاغا يېغىلدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەن ياقۇپ بەگ ئېلچى شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. ئىبراھىم خان باشلىق يۇرت كاتتىلىرى ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، ياقۇپ بەگنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مۇراسىم ھازىرلاپ ئالدىغا چىقتى. ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇچراشتى ئەمما، ھاجى پاشانى كۆرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ھەيران بولۇشتى. بۇنى سەزگەن ياقۇپ بەگ، ئىبراھىم خانغا، « ھاجى ئاتام ئارقىمىزدا كېلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن، بېرىپ كۆرۈشۈپ قانداق بۇيرۇقلىرى بار ئاڭلاپ كەلسىلە» دېدى. ئىبراھىم خان دادىسىغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئارقىغا ئۆتتى. ئىبراھىم خان ۋە ھەمرالىرى خەلقنىڭ كۆزىدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇپ، باغلاپ ئەسىرگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىر قوماندانىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئارقىسىدىن خوتەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەرگە يېقىن بىرجايدا توپ - توپ بولۇپ، بۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان خەلق، ھاجى پاشا ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ ئالدىدا كەلمەي، ياقۇپ بەگ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا بىر - بىرلىرىدىن ھاجى پاشا نەدە قالغاندۇ ؟ دەپ سورىغىلى باشلىدى. ھاجى پاشا ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقتى، ھەم بۇنداق بىرھادىسىنىڭ بولۇشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. چۈنكى، خوتەن خەلقى، مۇقەددەس قۇرئاننى تۇتۇپ، ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان بىر مۇسۇلماننىڭ، بۇنداق بىرخىيانەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشۈنەتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىردى ۋە ئارقىدىنلا بولاڭ - تالاڭنى باشلىۋەتتى. خوتەن ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا خوتەن خەلقى ياقۇپ بەگنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. خەلق ۋە ئەسكەرلەر بىرلىشىپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئالدىغا ئۇچرىغان فەرغانىلىقنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ « ھاجى پاشانى نېمە قىلدىڭ ئوغرىلار» دەپ توۋلاپ شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلدى. خەلقنىڭ بىر قانچە كۈن داۋام قىلغان بۇ كۈرىشى ياقۇپ بەگنىڭ يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى نەتىجىسىدە بېسىقتۇرۇلدى ۋە ناھايىتى كۆپ قان تۆكۈلدى. (بۇلارنى ياقۇپ بەگ توغرىسىدىكى بايانىمىزدا تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمىز) خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ياقۇپ بەگ خوتەننى، ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، ئىنسانلىقنى ۋە مۇسۇلمانلىقنى سېتىۋېتىش بەدەلىگە ئالدى. ھاجى پاشانى قەشقەرگە بارا - بارماس شېھىت قىلدى. خوتەندە، ھاجى پاشانىڭ ئوغۇللىرى ۋە پۈتۈن جەمەتى بىلەن 40.000 دىن كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەر ياقۇپ بەگنىڭ خائىنلىغى نەتىجىسىدە قۇربان بولدى. خوتەننىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيتى يىقىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ زۇلۇم ۋە خىيانەتكارلىقى ئۈستىگە قۇرۇۋالغان بىر ۋىلايەتكە ئايلىنىپ قالدى.

## هاجى پاشانىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى ۋە ئىجرا قىلغان بەزى ئىشلىرى

هاجى پاشانىڭ ھۆكۈمىتى، ئىسلام شەرىئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، سىياسەتتە « شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ» دېگەن كۆزقاراشتا چىڭ تۇرغانىدى. تاشقىرىدىن كەلگەن، تۈڭگان ۋە فەرغانىلىقلارنى مۇسۇلمان دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشتۇرمىغان. هاجى پاشا، بۇلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىگە ئارىلاشتۇرۇش، يۇرتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارىغان. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەردە راشىدىن خان خوجا بىلەن بولغان ۋەقەلەر يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. قەشقەر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ، پەرغانە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئەسكەر چاقىرغانلىقىنى، هاجى پاشا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بەك خەتەرلىك دەپ تونۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ھەردايىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. هاجى پاشانىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرى بىلەن تولۇق ئىسپاتلاندى.

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، ئىدارە ئىشلىرىدا بىرقاتار قانۇنلار بېكىتىلگەن بولۇپ، شۇ زاماندا شەرق دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان، زۇلۇم، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە رۇشۋەت (پارا) دىن ئىبارەت پاساتنى ئۈز يۇرتىدىن يوقىتىشنى بىرىنجى مەقسەت قىلغانىدى . يۇرتتىكى ھاكىم، ئەسكىرىي ياكى مەمۇرىي خادىملار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، هاجى پاشا ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ جازالاندۇرۇلاتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردىن هاجى پاشانىڭ دائىم خەۋىرى بولۇپ تۇراتتى. ھېچبىر مەنسەپدار ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلالمايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمى بەك ئاز بولغانلىقتىن چىقىمنى ئالتۇن كانلىرىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن قامدىغانىدى. يۇرتتىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئۆشرە، تىجارەت ماللىرىدىن زاكات ئېلىناتتى. ئېلىنغان زاكات ۋە ئۆشرىنىڭ ھەممىسى يوقسۇللارغا تارقىتىلاتتى. ھەر شەھەردە «قەلەندەرخانە» دەپ ئاتالغان بىرمەھەللە قورۇلغان بولۇپ، پۈتۈن تىلەمچىلەر شۇ مەھەللىگە يەرلەشتۈرۈلگەنىدى. «ھۇرۇن خانە» دەپ ئاتالغان «دارىلئاجىز» لارنى سېلىپ، ياشانغان، باققۇچىسى يوق، يېتىم ۋە مېيىپ كىشىلەرنى يىغىپ، شو يەرلەردە باققانىدى. بۇلارنىڭ پۈتۈن راسخۇتلىرى زاكات ۋە ئۆشرەدىن ھەل قىلىنىپ، ئايلىق مائاش، يىلدا ئىككى قۇردىن كيىم ـ كېچەك ۋە قىش كۈنلىرى چوقۇم بىر ۋاق ئىسسىق يېمەك بېرىش كاپاتلەندۈرۈلگەنىدى. غەزىنىنىڭ كىرىمى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سانى ئاز ئىدى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان مائاشمۇ ئانچە كۆپ ئەمەستى. ئەسكەرلەرگە پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كيىم ـ كېچەكلا بېرىلەتتى. دايىمىي ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئىدى. ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ شەرىئەت بويىچە بېجىرىلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلەتتى.كۆرۈنۈشتە بىدئەت بولغان

تەرىقەت مەزھەپلىرىگە قەتئىي يول قويۇلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ خانىقالىرى قالدۇرۇلغانىدى.[104]

جىنايەت ئىشلىرى ئالاھىدە قانۇن بىلەن بىتەرەپ قىلىنىپ، ئومۇمىي خەۋپسىزلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. چىن ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بەك ئەۋجىگە چىققان، بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق ئاپەتلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. بۇلاڭچى ۋە ئوغرىلارنى توپىنىڭ ئاغزىغا باغلاپ ياكى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلەتتى. بۇ چارە- تەدبىرلەر سايىسىدا، خوتەن تەۋەسىدىكى ئامانلىق ۋە تىنچلىق، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشىلاندى. ھاجى پاشا ھۆكۈمەت كىرىمىدىن ئىقتىسات قىلىپ، مەلۇم مىقدار مەبلەغ بىلەن ھەربىي قورال - ياراق تەييارلىغان. خوتەنلىك ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، قۇرۇپ چىققان بىر ئىشخانىدا، 8 - 10 دانە چوڭ توپ، 30 - 40 دانە كىچىك توپ (تەيپو) ۋە بىرقانچە مىڭ مىلتىق ياساتقان. لېكىن، بۇلار يۇرت مۇداپىئەسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستى. ھاجى پاشا، خەلق ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان جازانىخۇرلۇققا قارشى بولۇپ، ئۇلارغا ئېغىر ماددى جازا بېرىپ جازالايتتى. لېكىن، ھاجى پاشانىڭ ئىككى ئېغىر كەمچىلىكى بار ئىدى. بىرىنچى كەمچىلىكى، ھەربىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئۇنىڭچە، « ھۆكۈمەت قۇرۇشتىكى مەقسەت، خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقنى ۋە پاراۋان تۇرمۇشنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئەگەر، بۇلارغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، خەلق راھەت ئىچىدە ياشاپ، ھۆكۈمەتتىن رازى بولىدىغان بولسا، ئۇرۇش چىققاندا ھۆكۈمەت ھە دېسىلا، خەلقنىڭ ھەممىسى پىدائىي ئەسكەر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسكەر توپلاپ ئۇلارنى تەربىيەلەشكە پۇل كېتىدۇ. ئۇ پۇلنى خەلقتىن ئالماي چارە يوق. نەتىجىدە، بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلققە مۇۋاپىق بولمىغان ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق قويۇش ۋە بۇنى زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن ئېلىشقا توغرى كېلىدۇ» دەپ قارايتتى. بۇ كۆزقارىشى بويىچە، پۈتۈن ياشلارنى ئەسكەرلىككە تىزىملاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىردىن نەيزە، بىردىن چوماق ياكى قىلىچ ساقلاشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆز شەخسى ئىشلىرىدا ئەركىن قويۇپ بەردى. ئىچكى جەھەتتىكى ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن 3 - 4 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكىرى بار ئىدى. ھاجى پاشانىڭ بۇ كەمچىلىكى ئۇنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى كەمچىلىكى، ناھايىتى ئىتتىك مىجەز بولغانلىقى ئىدى. يەنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى يېتەرسىز ئىدى. جىنايەتچىلەرنى جازالاشتا بەك سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايتتى. ئۆلۈم جازاسى كۆپ بېرىلەتتى. ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇتۇپ، ئازراقلا بىرخاتالىق ئۆتكۈزگەننىڭ جازاسى، بەزىدە ئۆلۈم بولاتتى. بۇ سەۋەپتىن، يېنىدا ئىشقا يارايدىغان كىشىلىرى ئاز ئىدى.

[104] بىدئەت - ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئىبادەت شەكلىدۇر. تەرىقەت — ئىشانلىق، سوپىچىلىقتۇر(ن. ش. ھ.).

## قەشقەر ئىنقىلابى ۋە
## ئاقىۋىتى

سىدىق بەگ، قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئاقتۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، خەلق ئىچىدە چوڭ ئابرويلۇق كىشى ئىدى. ئەسلىدە قىپچاق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھىجرى 1280-(مىلادى 1863-) يىلى سىدىق بەگ، ئاقتۇ، يېڭىسار ۋە تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئۇۋۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاپ قوزغاپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا قېتىلدى ۋە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە خېلى زور كۈچكە ئىگە بولۇپ قالدى. قەشقەر كونا شەھەرنى، يېڭىسار ۋە پەيزىئاۋاتنى، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىگەللىدى. لېكىن، چىنلىقلار يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چىنلىقلارنىڭ سانى خېلى كۆپ، قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك لىرى تولۇق بولغانلىقتىن موجاھىدلار يېڭى شەھەرنى ئالالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشەر يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى بىر يىلدەك داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، كوچا ھۆكۈمىتى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. سىدىق بەگ بۇلارغا قارشى تۇرالماي، شەھەرنى بوشىتىپ، پۈتۈن ئادەملىرىنى ئېلىپ تاشمىلىققا چىقىپ كەتتى. كۇچا ئەسكەرلىرى قەشقەرنى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. سىدىق بەگ، پەرغانە خانى سەئىد سۇلتاندىن ۋە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، خۇدايارخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ھەيئەت ئەۋەتكەن ئىكەن. بەزىلەر سىدىق بەگنىڭ خۇدا يارخانغا بەيئەت قىلىپ خەت يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەرغانە خانى؛ قەشقەرنى ئېلىپ مەملىكىتىنى ئېخىمۇ كېڭەيتىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپ، مەرھۇم جاھانگىرخوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بۇزرۇگخان تۆرە نى 400 ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. خۇدايارخاننىڭ ياقۇپ بەگ ئىسىملىك قۇماندانى، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىدىن قاماقتا ئىدى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىش خەۋپىمۇ بارئىدى. ياقۇپ بەگ بىلەن بۇزرۇگخاننىڭ بۇرۇندىن دوستلۇقى بار بولۇپ، ياقۇپ بەگ ئۇنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتىلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خۇدايار خاندىن گۇناھىنى تىلەپ، قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كېتىپ خىزمىتىگە سېلىشى ئۈچۈن يالۋۇرغان. بۇزرۇگخاننىڭ ئىلتىماسى بىلەن ياقۇپ بەگ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، بۇزرۇگخاننىڭ خىزمىتىدە ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە كەتكەنىدى.

سىدىق بەگ، پەرغانىدىن ئۇنىڭغا ناھايىتى زور بىر قوشۇن ياردەمگە كېلىۋاتىدۇ دەپ، ھەر تەرەپكە تەشۋىق قىلغان. نەتىجىدە، كوچا ئەسكەرلىرى بىرتەرەپتىن پەرغانىلىكلەر ۋە يەنە بىرتەرەپتىن سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالىدىغان بولدوق دەپ، قەشقەرنى بوشىتىپ، كۇچاغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگ دەرھال قەشقەرگە كىرىپ شەھەرنى قولىغا ئالدى ۋە پەرغانىدىن كېلىدىغانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ھازىرلىققا كىرىشىپ كەتتى.

بۇزرۇگخان بىلەن ياقۇپ بەگ، قەشقەرگە كېلەر- كەلمەس سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. ئۇندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئولجا ۋە غەنىمەتلەرنى ۋە مال - مۈلكلىرىنى تارتىۋالغىلى تۇردى. سىدىق بەگ، پەرغانىلىكلەرنىڭ ياردەم ئۈچۈن ئەمەس، ئىستىلا ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنى ئۇقتى ۋە بىر كېچىدە ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقتۇغا چىقىۋېلىپ، پەرغانىلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغىلى باشلىدى. ياقۇپ بەگ، سىدىق بەگنىڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى پۇلغا سېتىۋالدى ۋە سۇيىقەست پىلانلاپ ئۇنى ئۆلتۈرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرى تارقىلىپ كېتىپ، قەشقەر، يېڭىسار ۋە پەيزئاۋات بۇزرۇگخان تۆرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇزرۇگخان تۆرە ئۆزىنى، خۇدايارخان نامىدا قەشقەر ھۆكۈمدارى دەپ ئېلان قىلدى.

## يەركەن ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك تۇڭگانىنى چىندىن كۆچۈرۈپ، يەركەنگە يەرلەشتۈرگەنىدى. بۇلار ئەسلىدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن تولىسى قوراللىق كىشىلەر ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا مىللىي ئىنقىلاب قوزغۇلۇپ، ئىنقىلاب ئۇچقۇنىنىڭ يەركەنگىمۇ كېلىشى جەزمەن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇ تۇڭگانلار، جان ساقلاش ئۈچۈن، ئىنقىلابقا شېرىك بولۇشتىن باشقا يول يوقلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار يەركەن خەلقى ئىچىدىكى يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «خان ئامبان»[105] غا قارشى قوزغالدى. بۇ ئىنقىلاب، «خاس ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد» دەپ باشلانغانلىقتىن، پۈتۈن يەركەن خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قېتىلدى ۋە يەركەن شەھىرى پەتھى قىلىندى. خان ئامبان ۋە بىرقانچە مىڭ چىنلىق يېڭى شەھەر ئىچىدە قېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئىككى ئاي داۋام قىلغان قورشاۋدىن كېيىن، ئىنقىلابچىلار شەھەردىن سېپىل تېگىگىچە ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئاستىغىچە يەر ئاستى لەخمە كولاپ كىرىپ، مىلتىق دورىسى كومۇپ پارتلىتىپ، ھاۋاغا ئۇچۇرۇۋەتتى. سېپىل بىر قانچە يەردىن يىقىلدى، خان ئامبان بالا- چاقىلىرى ۋە نۇرغۇن چىنلىقلار يىقىلغان بىنالارنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلدى. مۇجاھىدلار شەھەرنى ئالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇجاھىدلار، پوسكام ۋە قارغىلىق شەھەرلىرىنى ئېلىپ بولغانىدى. يېڭى شەھەر پەتھى بولغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قورال كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز سانلىق ئورۇندا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ تۈركلەر قولىدا بولۇشىنى ماقۇل كۆرۈپ، يەركەندىكى پۈتۈن تەرىقەت مەزھىپىگە مەنسۇپ تۇڭگانلار ۋە كۆپ ساندىكى يەركەنلىكلەرنىڭ پىرى - مۇرشىدى بولغان ئابدۇراھمان ھەزرەتنى ھۆكۈمدار قىلىپ سايلىدى. چوڭ بىر

[105] خان ئامبان (ئامبال) - قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان يەرلەردىكى چىننىڭ ئومۇمىي باش ۋالىيسى (ن. ش. ھ .).

بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇراھمان ھەزرەتنى پادىشا دەپ ئېلان قىلدى. ھەربىي ئىشلارغا تۇڭگانلار كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ قولىدا بولدى.

يەركەننىڭ مۇستەقىللىقى بىر يىلدىن ئازراق مۇددەت داۋام قىلىپ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن يىقىلدى. چۈنكى، يەركەندە، قورال ئاساسەن تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولۇپ،كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇڭگانلار تەشكىل قىلاتتى. تۇڭگانلار، نۇقول مىللەتچى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق مۇتەئەسسىپ بىر قوۋم بولغانلىقىدىن، يەركەندىكى تۇڭگانلار، كۇچادىن كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن دەرھال بىرلىشىپ كەتتى. ئابدۇراھمان ھەزرەت قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، تۇڭگانلارنىڭ خىيانەت قىلىشى بىلەن شەھەرنى كۇچالىقلارغا تەسلىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى جامالىددىن خوجا، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئوغۇللىرىنى ئەسىر ئېلىپ كۇچاغا ئەۋەتتى. لېكىن تۇڭگانلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ يەركەندە نەزەربەند قىلدى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، كۇچا ئەسكەرلىرى پىيالما ۋە خانئېرىق ئۇرۇشلىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يەركەندىكى كۈچىمۇ ئاجىزلاشتى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كوچا ئەسكەرلىرىنى يەركەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەنە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ مۇستەقىللىق سەككىز ئاي داۋام قىلدى.

ھىجرى 1282- (مىلادى 1866-) يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەشقەردىكى پەرغانىلىك ھۆكۈمدار بۇزرۇگخان تۆرە ۋە باش قوماندانى ياقۇپبەگ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردىكى ئىستىھكاملاردا چىڭ تۇرۇپ، كۈندۈزى مۇداپىئە قىلسا، كېچىلىرى تۇيۇقسىز چىقىپ، پەرغانىلىكلەرگە ئېغىر زەربە بېرەتتى. ئاخىرى، ياقۇپبەگنىڭ يەركەننى ئېلىشقا كۆزى يەتمەي ۋە قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە تەييارلاندى.دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ياقۇپبەگ يەركەن ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بەزى خائىنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ قالدى. بۇ ياردەم بىلەن ياقۇپ بەگ غەلىبە قىلىپ يەركەننى ئالدى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق:

يەركەندە ئىنقىلابتىن بۇرۇن خان ئامبانىنىڭ «ئىشىك ئاغا» سى بولغان، نىيازبەگ ۋە يەنە مۇھىم مەنسەپتە بولغان ھۇشۇر بەگ دېگەنلەر ئىنقىلابتىن كېيىن، تۇڭگانلارغا تىلماچ بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى. بۇ بەگلەر، ھەددىدىن ئۇشۇق خوشامەتچىلىكى ۋە تىلماچلىقتىكى قابىلىيىتى سايىسىدا، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئالدىدا خېلى چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەرلىرى بار ئىدى. مانا بۇ بەگلەر، كۆرۈنۈشتە ئابدۇراھمان

ھەزرەتنىڭ خىزمىتىدە شەھەر ئىچىدە بولسىمۇ، تېخىمۇ كاتتاراق مەنسەپ تاما قىلىپ، شەھەر ئىچىدىكى پۈتۈن ئەھۋال ۋە مەخپىيەتلىكنى ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلىپ تۇرغاندى. يەركەن مۇجاھىدلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر كېچىدىلا، پەرغانىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تامامەن يوقىتىشنى قارار قىلغاندى. بۇقارارنى يۇقىرىدىكى بەگلەر دەرھال ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلغاندى. ياقۇپبەگ، ھۇجۇم باشلىنىدىغان كېچىسى، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى تۇيغۇزماستىن چېدىرلاردىن چىقىپ، بىرئاز يىراق يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇنداقلا، چېدىر ئىچىدىكى سەرەمجانلارنىڭ ئۆزجايىدا قېلىشىنى، چىراقلار ۋە چېدىر ئالدىدا يېقىلغان گۈلخانلارنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى ئالاھىدە ئۇختۇردى. بىلان بويىچە، يەركەن قىسملىرى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ پەرغانىلىك ئەسكەرلەر تۇرغان چېدىرلارغا باستۇرۇپ كىردى. چېدىر ئىچىدە ۋە ئەتراپتا دۈشمەندىن ھېچ ئەسەريوقلىقنى كۆرگەن يەركەن ئەسكەرلىرى ھاڭ - تاڭ بولۇپ، گاڭگىراپ قالغان بىر پەيتتە، ھەر تەرەپتىن پەرغانىلىكلەر بېسىپ كېلىپ، يەركەن ئەسكەرلىرىنى ئارىغا ئېلىپ ئۇق ئاتقىلى تۇردى. يەركەن ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىش يولىنى كېسىپ قويدى ۋە بىر قىسىم پەرغانىلىكلەرئۇدۇل شەھەرگە بېسىپ كىردى. نەتىجىدە، يەركەننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدى. ياقۇپ بەگ شەھەرنى ئېلىپ، ساق قالغان تۇڭگانلارنى ۋە قالغان ئەسكەرلەرنى قىرغىن قىلدى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئائىلىسىنى ئۆلتۈرمەي ئۆز ئۆيىدە نەزەربەند قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەننىڭ مۇستەقىللىقى يىقىلدى ۋە پەرغانىلىكلەرنىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى.

## روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى بېسىۋالغانلىقى

روسلار، ھىجرى 1056- (مىلادى 1646-) يىلدىن باشلاپ، غەربدە ئورال تاغلىرىدىن يەنسەي دەرياسىغىچە، جەنۇبدا ئارال، بالقاش كۆللىرى ۋە تارۇتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قازاق خانلىق دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغانىدى. قازاق خانلىرى، مۇستەقىللىقلىرىنى قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلىپ قوغدىغان بولسىمۇ، بۇلار بۆلۈنمە خاراكتېرلىق خانلىقلار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاخىرىغىچە مۇۋەپپەق بولالمىدى. دەسلەپتە، ئورال ۋە توبۇل تەرەپلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئوبۇلخەيرىخان، روسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلدى. شەرق ۋە جەنۇبدىكى خانلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ روسلار بىلەن قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ مۇستەقىللىقلىرىنى، ھىجرى 1212- (مىلادى 1797-) يىلىغىچە ساقلاپ قالالىغان بولسىمۇ، روسلارنىڭ داۋاملىق ھۇجۇمى ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرى

نەتىجىسدە، بىرلىككە كېلەلمەي ئاخىرى ، روسلارنىڭ هامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا، بۇ بىلەن روسلارنىڭ سىياسى تەسىر دائىرىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ چاغدىكى شىمال چېگرىسى بولغان تارۇتاي تاغلىرى، بالقاش ۋە ئارال كۆللىرى ساھىللىرىغىچە يېيىلدى. لېكىن، روسلارنىڭ بۇ سىياسىي نۇپۇزى بىرمەزگىل ئۇ قەدەركۈچلۈك بولالمىدى. چۈنكى، قازاق خانلىرى، ھە دىسىلا روسلارغا قارشى ئىسيان قىلىپ، سوقۇشۇپ تۇراتتى. بۇ ۋەزىيەت، ھىجرى 1281 ـ (مىلادى 1864ـ) يىلىغىچە داۋام قىلغاندى. روس تارىخچىلىرىنىڭ ياۋروپا ئومۇمىي تارىخلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن، « مىلادى 1796 ـ يىلى، روسلار جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى «تىئومىن چارلىق» نى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، روسلار، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قازاق خانلىرىنى ئېغىزدا ھامىيلىقى ئاستىغا ئالغان بولسىمۇ قازاقلار روسلارنىڭ خوجايىنلىقىنى قوبۇل قىلماي، دائىم «ئۇر ـ قاچ» تاكتىكىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، روس ئەسكەرلىرىنى كۆپ زىيانغا ئۇچراتقاندى. نەتىجىدە، روسلار بۇ ئۆلكىلەردىن پايدا ئالالمىدى. لېكىن، روسلار ، ھەر زامان ئاچكۆزلۈك بىلەن ماراپ، پۇرسەت كۈتۈپ غەربىي ـ تۈركىستاننى بېسىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئاخىرى، رۇسلار ، سىبىرىيەدىكى جەڭگىۋار قازاق قەبىللىرى بىلەن غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداش تۈركلەر نىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بۇلارنىڭ بىرلىششىنى ۋە بىر ـ بىرلىرىگە ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتىنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. ئۇندىن كېيىن، غەربىي تۈركىستاندىكى بىر ـ بىرلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۈچ تۈرك دۆلىتى (خىۋە خانلىقى، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە پەرغانەخانلىقى) نى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشنى پىلانلىدى. روس ھۆكۈمىتى بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھىجرى 1273ـ (مىلادى 1856) ـ يىلى سىر دەريا ۋە بالقاش كۆلى ئارىسىدىكى ئاق موللا ۋە تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى كىنەسارى خانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇش توققۇز يىل داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە، كىنەسارى خان ۋاپات بولدى ۋە ئوغۇللىرى تايچاق تۆرە، سىدىق تۆرە ۋە جەپەر(چەپرەك) تۆرەلەر روسلارغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشنى داۋام قىلدى. ھىجرى 1281ـ (مىلادى 1864) ـ يىلى تايچاق تۆرە شېھىت بولدى، جەپەر تۆرە ئەسىرچۈشتى ۋە سىدىق تۆرە مەغلۇب بولۇپ، چىمكەنتكە چېكىندى. نەتىجىدە، روسلار ئاق مۇللا ۋە تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. سىدىق تۆرە چىمكەنتتە بىر يىلغىچە روسلار بىلەن ئېلىشتى، ئاخىرى ھىجرى 1282ـ (مىلادى 1865) ـ يىلى مەغلۇب بولۇپ، غەربىي تۈركىستانغا قاچتى. ئۇ يەردىن پامىر يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، ياقۇپ بەگكە قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسلار، سىر دەريا ۋە چۇ دەريا ئارىسىدىكى مەملىكەتلەردىن تاشكەنت ۋە تالاستىن باشقا پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي شىمالىنى تەڭرىتاغلىرىغىچە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن،

روسلار پەرغانە خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھىجرى 1283- (مىلادى1866) - يىلى تالاس ۋە تاشكەنتنى، ھىجرى 1284- (مىلادى 1867) - يىلى بوخارا ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەنتنى ئالدى. ھىجرى 1286- (مىلادى 1868) - يىلى پەرغانە ھۆكۈمىتىنى يوقىتىپ، پەرغانىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرى روس ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى

8 - پەسىل

## ياقۇپ بەگ

شەرقىي تۈركىستاندا «بەدەۋلەت» لەقىمى بىلەن تونۇلغان ۋە«ئاتىلىق غازى» دەپمۇ ئاتالغان ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۇزاقتىن كۆزىتىپ تەتقىق قىلغان چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ياقۇپ بەگنى، خاتا تەخمىن قىلىپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىسى ۋە مىللىي ھۆكۈمدارى دەپ كۆرسىتىدۇ. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە پەرغانىلىك بولۇپ، قوقەنت خانى خۇدايارخاننىڭ قۇش بېگى (ۋەزىرى ۋە ياكى قوماندانى) ئىدى. خانغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغانىدى. بۇزرۇگخان تۆرە بىلەن كونا بىر دوستلۇق مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن، بۇزرۇگخان تۆرە خانغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، خىزمەتكە تەيىنلەپ، بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن.

ياقۇپ بەگ سىياسەت ۋە تاكتىكا جەھەتتە تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. بۇزرۇگخان تۆرە بولسا، بۇنداق سۈپەتلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ۋە نادان بىرسى ئىدى. ياقۇپ بەگ، يولدا كېلىۋېتىپ، بۇزرۇگخانغا بەزى سىياسى تەدبىرلەر ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇزرۇگخان تۆرە دائىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلاتتى ۋە قەشقەرگە كېلىپلا ئۇنى ئەسكەرلىرىگە باش قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرلىرى بىلەن سىدىق خاننى يوقىتىپ، ئۆزى قەشقەر ھۆكۈمدارى بولدى. بۇزرۇگخان لىياقەتسىز، ئەيشپەرەس ۋە ئەخمەق ئادەم ئىدى. خۇدايارخان، قەشقەرخەلقى ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئىشىنىپ، بۇزرۇگخان ئارقىلىق قەشقەرخەلقىنى پەرغانە خانلىقىغا تەۋە قىلىمەن دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى قورچاق ۋاستە سۈپىتىدە قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. ئەگەر، ياقۇپ بەگ بىرلىكتە كەلمىگەن بولسا، بۇزرۇگخان ھېچ ئىشنى بېجىرەلمەي، بىرئايغا قالماستىن، قېچىپ كەتكەن بولاتتى. بۇزرۇگخان قەشقەرگە ھۆكۈمدار بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئىشلارنى ياقۇپبەگكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئوردىدىن چىقماي، ھاراق - شاراپ ئىچىپ، ئەيش - ئەشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ياقۇپ بەگ قەشقەرگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ، پۈتۈن ئەسكەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇلاردىن بۇزرۇگخاننىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىدى. بارا - بارا بۇزرۇگخاننىڭ ھۆكۈمدارلىقى قۇرۇق بىر رەسمىيەتتىن ئىبارەتلا بولۇپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە ياقۇپ

بەگ ھۆكۈمدار بولدى. ھىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىسھاق بەگنى مەغلۇب قىلىپ بولۇپ، مارالبېشىغا ئەسكەر ئەۋەتتى ۋە ئۇيەردىكى ئىستىھكاملارنى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر ۋە يەركەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك يولىنى تىزگىنلىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى، ھىجرى 1282- (مىلادى 1865-) يىلى يەركەننى ئالدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقى

ياقۇپبەگ يەركەننى ئېلىپ، قەشقەرگە كېلەر - كەلمەس بۇزرۇگخاننى تەختتىن چۈشۈردى ۋە قولىغا مىڭ تىللابېرىپ، ھىندىستانغا ھەيدىۋەتتى. ئۆزىنى قەشقەر ۋە يەركەننىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىپ، «ئاتىلىق غازى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. خۇدايارخانغا نۇرغۇن سوغا - سالام بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەت ئەۋەتتى. قەشقەرلىكلەر نامىدىن بۇزرۇگخانغا نۇرغۇن جىنايەتنى يۈكلەپ، مەلۇمات يوللىدى. خۇدايارخان، ياقۇپبەگنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قوقەنت خانلىقى نامىدىن قەشقەر ۋە يەركەننى باشقۇرۇشقا رەسمىي تەيىنلىدى ۋە «ئاتىلىق غازى» ئۇنۋانىنى تەستىقلاپ تامغا ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ياقۇپ بەگ ھۆكۈمدارلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خوتەن ۋە كوچانى ئېلىشنىڭ خىيالىغا چۈشتى. شەرقىي تۈركستاننىڭ ئەڭ باي يېرى بولغان خوتەننى ئىشغال قىلىش، ياقۇپبەگنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى پىلانى ئىدى. لېكىن، خوتەن خەلقىنىڭ جەسۇرلىقىدىن ۋە ھۆكۈمدارى ھاجى پاشاغا بولغان پەۋقۇلئاددە مۇھەببىتى ۋە ۋاپادارلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھاجى پاشانى بىر ھىيلە- مىكىر بىلەن تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئاندىن كېيىن، خوتەن خەلقىنى بىر ئامال بىلەن بېخۇتلاشتۇرۇش، ئۇلارنى خەۋەرسىز ھالدا ئۇۋلاشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياقۇپ بەگنىڭ، ھاجى پاشا بىلەن ئىمزالاشقان دوستلۇق كېلىشىمىدىن، ھاجى پاشا، ياقۇپبەگدىن بىردۈشمەنلىك كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندى. مانا، بۇ ئەھۋال ياقۇپبەگنىڭ ھاجى پاشانى تۇزاققا چۈشۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئوڭايلاشتۇردى.

## ياقۇپ پەگنىڭ خوتەنگەقىلغان يۈرۈشى

ھىجرى 1283- (مىلادى 1886-) يىلى ياقۇپ بەگ ساياھەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، يەركەنگە كەلدى. ھەرخىل سەۋەپ كۆرسىتىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەركەنگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن، « خوتەنگە بېرىپ ھاجى پاشا ئاتامنى زىيارەت قىلىپ كېلىمەن» دېگەن ئۆيدۈرما سۆزنى

تارقاتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ياقۇپبەگ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش، قۇرئان تۇتۇپ يالغان قەسەم بېرىشتەك خائىنلارچە ۋە ئەڭ پەسكەش يول بىلەن ھاجى پاشا ۋە ئوغلىنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ ئەسىرئالدى. خەلقى بۇ ھادىسىلەردىن خەۋەرسىز قالغان ئىلچى شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. گەرچە پۈتۈن خوتەن خەلق ۋە ئەسكەر قوزغۇلۇپ، پەرغانىلىكلەرنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈرۈپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەن ۋە ياقۇپبەگنى قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەيقالغىنىدەك ئالاقزادە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ بىركېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان تەرتىپسىز ئۇرۇشتىن كېيىن، رەھبەرسىز قالغان خەلق مەغلۇپ بولدى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەردە قىرغىنچىلىق باشلاندى. پەرغانىلىكلەر، خوتەن خەلقىنى ئۆيىدىن سۆرەپ ئېلىپ، چىقىپ ئۆلتۈرگىلى باشلىدى. ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، چوڭ كىچىك، بوۋاق دېمەستىن ھەممىسنى ئۆلتۈردى. بۇ قىرغىندا، خوتەندە ئون مىڭدىن ئۇشۇقراق مۇسۇلمان شېھىت بولدى. ياقۇپ بەگ، جەسەتلەرنى قودۇققا تاشلاپ كومدۇرىۋەتتى. ھەتتا يارىدار بولغانلارنىمۇ تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ كومدۇرىۋەتتى.

ياقۇپ بەگ، خوتەننى ئېلىپ، ئىككىنچى كۈنى، يوقىرىدا ئىسمى سۆزلەپ ئۆتۈلگەن يەركەنلىك مەشھۇر خائىن نىياز بەگنى بەش، ئالتە يۈز ئەسكەر بىلەن قاراقاشقا ھاكىم قىلىپ، ئەۋەتتى. نىياز بەگ قاراقاشقا كىرىشتە ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، ھۆكۈمەت بىناسىغا چۈشتى. كېچىسى قاراقاش خەلقى بېسىپ كىرىپ، پەرغانىلىكلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈپ، نىيازبەگنى تۇتۇۋالدى. ئامما، نىياز بەگ، بىرھىيلە ئىشلىتىپ، قېچىپ كەتتى. قاراقاشنى قولغا ئالغان خەلق، ئەرتىسى خوتەندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلىنىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. خوتەنگە يېقىن «بالاماس» قۇملىقىدا ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە قاتتىق جەڭ بولدى. قارا قاشلىقلار قورال ۋە كۈچ جەھەتتىن دۈشمەنگە قارىغاندا ئاجىز بولسىمۇ، پەرغانىلىكلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇپەيتتە، ئىلچىدىن پەغانىلىكلەرگە چوڭ بىر ياردەم قوشۇنى كېلىپ، قاراقاشلىقلارنى مەغلۇب قىلدى. ياقۇپ بەگ قاراقاش خەلقىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇدى. قاراقاشتا پەرغانىلىكلەرگە بىر ـ ئىككى مىقدارى پۇل بەرگەن كىشى، ئۆلۈمدىن قوتۇلۇپ قالدى. پۇل بېرەلمىگەن، بىگۇنا خەلق ۋەھشىلەرچە قىناپ ئۆلتۈرۈلدى. خەلق شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. باسقۇنچىلار شەھەرنى بولاپ ـ تالاپ ئۆت قويۇپ تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى.

قاراقاش قەتلئامىدىن كېيىن، خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش، سامپۇلا، لوپ ۋە چىرىيە قاتارلىق جايلىرىدىن 20.000 دىن كۆپرەك پىدائىي خەلق، قولىدا چۇماق ۋە نەيزە بىلەن ئىلچىگە بېسىپ، كىرىپ ياقۇپبەگنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما، ياقۇپ بەگ شەھەر تېشىدا ئەسكەرلىرىنى توپلاشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. قولىدا، يالغۇز چۇماق ۋە نەيزىدىن باشقا قورال بولمىغان خەلق، ياقۇپبەگنىڭ توپ ـ زەمبىرەك بىلەن قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولدى.

پىدائىلارنىڭ بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، 10000 كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. ياقۇپ بەگ بولارنى ھەرخىل قېيىن - قىستاقلارغا ئېلىپ ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈپ خەندەكلەرگە كۆمدۈرۈۋەتتى. بۇ پاجىئەلىك كۆنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇكۈنگىچە ياشاپ كەلگەن، ياشانغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىمىزچە، ياقۇپبەگنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى قىرغىنچىلىقى جەريانىدا 40.000 دىن كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەر شېھىت بولغانمىش. بۇلاردىن كېيىنمۇ، خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىچىك كۆلەملىك قوزغىلاڭلار چىقىپ تۇردى. ياقۇپ بەگ، ئىنقىلاپ چىققان جايدىكى خەلقلەرنى، ئىنقىلابقا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھەممىسىنى رەھىمسىز ھالدا ئۆلتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ خوتەننى تولۇق تىنجىتىش مەقسىتىدە، خوتەندە بەش ئاي تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بەش ئاي ئىچىدە، خوتەن خەلقىدىن ئازراق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسى باردەپ گۇمان قىلغان كىشىلەردىن بىرىنىمۇ تىرىك قويماي يوقاتتى. نەتىجىدە، ھەر تەرەپتە قان ۋە ئۆلۈم دەھشىتىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەن خوتەن خەلقى، قارشىلىق كۆرسىتىش جاسارىتىدىن ۋە ھېسسىدىن مەھرۇم بىرھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ خاتىرجەم بولۇپ، ئادەملىرىدىن ئەڭ زالىمى ۋە مىللەتكە خائىنلىق قىلىشتا ئۆچىغا چىققان مۇناپىق نىياز بەگنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ، بىرنەچچە مىڭ پەرغانىلىك ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى خوتەن خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، قەشقەرگە قايتتى.

## ياقۇپ بەگنىڭ كۇچاغا قىلغان

## يۈرۈشى

ياقۇپ بەگ خوتەننى ئېلىپ بولۇپ، قەشقەرگە كەلدى ۋە كۇچانى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ھىيلە- نەيرەڭدىن يەنە بىرىنى تۈزۈپ چىقتى:

چىن ئەسكەرلىرى قۇمۇلنى ئىشغال قىلغانىدى. چىنلىقلارنىڭ قۇمۇلنى چوڭ بىر ئەسكىرىي بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، خالىغان چاغدا شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ھەركىم ھېس قىلماقتا ئىدى. ياقۇپبەگ بۇ ۋەزىيەتنى باھانە قىلىپ كۇچانى ئېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى ۋە كۇچا ھۆكۈمدارى، راشىدىن خان خوجىنىڭ ئالدىغا بىرئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، «قۇمۇلنى چىن ئىستىلاسىدىن قۇتقۇزۇپ، مەملىكەتكە بۇندىن كېيىن كېلىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىمىز بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك: ئەگەر جانابلىرى ئەسكەرچىقارمىسىلىمۇ، بىزگە يول بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. ئەلچىلارنىڭ كەينىدىنلا ئۆزى نۇرغۇن ئەسكەرى بىلەن يولغا چىقتى.

راشىدىن خان خوجا، ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرى كېلەر - كەلمەي ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ

قالدى ۋە دەرھال پۈتۈن كۈچىنى ئاقسۇ دەرياسى بويىغا يەرلەشتۇرۇپ، ياقۇپبەگ كەلسە، دەريادىن ئۆتكۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. ياقۇپ بەگنىڭ دەريا بويىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، كوچا ئەسكەرلىرى توپ ئېتىپ، دەريادىن ئۆتكۈزمىدى.

ياقۇپ پەگ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى ئالداپ « مەن خان خوجامنىڭ رۇخستى بىلەن كەلدىم. قومۇلغا غازات ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. كۇچا ھۆكومىتىگە قارىتا ھېچقانداق يامان نىيىتىم يوق» دەپ مىڭ يەردىن قەسەم قىلىپ، ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما، كۇچالىكلار بۇنىڭغا ئالدانماي چىڭ تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىشنى داۋام قىلدى. ئاخىرى، ياقۇپ بەگ بىر كېچە بىر قانچە مىڭ ئەسكەرلىرىنى دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدىكى كېچىكدىن ئۆتكۈزۈپ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى تۇيۇقسىز قورشاۋغا ئالدى. كۇچا ئەسكەرلىرى قاتتىق ئۇرۇشۇپ، قورشاۋنى يېرىپ، ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە چېكىندى. ياقۇپ بەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى شەھەر تېشىغا چېكىندۇردى. خان خوجا بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ ئاقسۇغا ياردەم ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى ۋە پۈتۈن قۇۋۋىتىنى بايغا توپلىدى. ياقۇپ بەگ ئاقسۇغا كىرىپ بولۇپ، خان خوجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، « مىنىڭ،كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ بىرغېرىش يېرىنىمۇ تارتىۋېلىش نىيىتىم يوق. پەقەت، ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان چىنلىقلارنى قۇمۇلدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەم بەرسە، يېتەر. بۇندىن باشقا ھېچ قانداق مەقسىدىم يوق» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، قاتتىق قەسەم قىلىپ، ۋەدىنامە ئەۋەتتى. ئەگەر، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ تەكلىۋى قوبۇل قىلىنمىغاندا، قاتتىق ئۇرۇش بولىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خان - خوجىنىڭ، بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچى يوقتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياقۇپ بەگنىڭ، كۇچا شەھەر ئىچىگە كىرمەي ئۆتۈپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى ۋە بايدىكى ئەسكەرلىرىنى كۇچاغا قايتۇرۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتتى. ياقۇپبەگ كۇچادىن بىرمىل ئۇزاقلىقتىكى دۆلەتباغ مەھەللىسى دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. خان خوجا، ياقۇپبەگكە كاتتا زىياپەت قىلىپ، ئەسكەرلىرىگە ئۈچ كۈن يەتكۈدەك يېمەك - ئىچمەك چىقاردى. ياقۇپ بەگ، ئۈچ - تۆت يۈز قورallلىق ئادەملىرىغا كۇچالىقلارنىڭ كىيمىنى كېيدۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققان ۋە تاماشا ئۈچۈن دۆلەتباغقا يىغىلغان مىڭلارچە كۇچالىقلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئاخشىمى بۇ ئادەملار ھېچ كىم تونۇماستىن، تاماشاغا چىققان شەھەرخەلقى ئارىسىغا قوشۇلۇپ، شەھەرگەكىرىپ كەتتى. كېچىسى ياقۇپ بەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

ياقۇپ بەگنىڭ، بىر كۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى شەھەرگە كىرىۋالغان ئادەملىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ياقۇپ بەگ ھېچ قىينالمايلا شەھەرگەكىردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كۇچا ئەسكەرلىرى قورقۇپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەرتەرەپكە قېچىپ، پاراكەندە بولۇپ كەتتى. خان خوجا بۇلارنى

كۆرۈپ، نۇمۇسسىزلىق بىلەن تەسلىم بولۇشنىڭ ئورنىغا، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، شەرەپ بىلەن ئۆلۈشكە قارارقىلدى. يۈزدەك پىداكار ئادەملىرىنى ئېلىپ، سەلدەك كېلىۋاتقان پەرغانەلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدى. خان خوجا، يۈز لەرچە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئوغۇللىرى ۋە يۈزدەك يېقىنلىرى بىلەن بىللە شېھىت بولدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ كۈچلىنىشى

ياقۇپ بەگ، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى «غازى» دەپ ئاتاش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بۇچاغدا، يەنى، ھىجرى 1283ـ (مىلادى1866ـ) يىلى، روس قوماندانى گېنىرال چېرنىيېف، خۇدايارخاننى مەغلۇب قىلىپ، تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، تاشكەنت ۋە پەرغانىدىن، خەلق بالاـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا سەلدەك ئېقىپ، قېچىپ كەلگىلى باشلىدى. ھىجرى 1284 ـ (مىلادى1867ـ) يىلى بۇخارا ئەمىرى، سىيىد مۇزەپپىرىددىن گېنىرال چېرنىف تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ۋە سەمەرقەنتمۇ روسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ سەۋەپلەردىن، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىن، شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېلىۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇ مۇھاجىرلارنىڭ تۆلىسى قورااللىق ئىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ، بۇلارنى يېنىغا تارتتى ۋە بۇلارنىڭ يولباشچىلىرىغا خىزمەت بېرىپ، ۋالىي، ھاكىم ۋە ئەسكىرىي قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىن قىلدى. دىنىي ئالىملارنى يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، قازى ۋە مۆپتى قىلدى. مۇھاجىر ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئالدى. خوتەن ۋالىيسى نىياز بەگدىن باشقا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىقىغا مۇھاجىرلاردىن تەيىن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ بىركۈچى ئون بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلاردىنمۇ مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، 80,000 كىشلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى ۋە تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئىلىنى ئېلىش ھازىرلىقىغا كىرىشتى. ياقۇپ بەگ، ئۆكۈنلەردە تېخى ئۆزىنى ئېغىزدا، قوقەنت خانىغا تەۋە دەپ يۈرەتتى.

## ياقۇپ بەگنىڭ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاننى ئالغانلىقى

ھىجرى 1285ـ (مىلادى 1868ـ) يىلى تۇرپاندىكى تۇڭگانلار،كورلىنى ئىشغال قىلدى ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ يۈزدەك ئەر ئايالنى ئەسىر ئېلىپ، كورلىغا قايتىپ كەتتى. بۇ ھادىسە ياقۇپ بەگ، بىلەن تۇڭگانلارئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ تۇڭگانلارلار تەرىپىدىن بوزۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ ياقۇپ بەگ ئۈچۈن، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تازا ئوبدان بىر باھانە بولۇپ بەردى. كۇچاغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇيەردە توختىماستىن كورلىنى ئېلىپ بەش ـ

تۆت ئاي تۇرۇپ پۈتۈن كۈچىنى بۇ يەرگە يىغدى. ھىجرى 1286- (مىلادى 1869-) يىلى قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ، تۇرپانغا ماڭدى.

تۇرپاندىن كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ زور بىر قوشۇنى بىلەن ئۇششاق تالدا ئۇچرىشىپ، قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى سەھەر ۋاقتىدا شىددەتلىك بىرھۇجۇم بىلەن تۇڭگانلارنى ئۈچ تەرەپتىن ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. نەتىجىدە، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ تۈگەشتى. بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك سۇسىز چۆلدە ئۆلۈپ، ئازراق بىرقىسمى تۇرپانغا قېچىپ بارالىدى.

تۇرپاندىكى تۇڭگانلار بۇدەھشەتلىك مەغلۇبىيەتتىن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، تۇرپاننى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قاچتى. ياقۇپبەگ، تۇرپاننى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. قالغان تۇڭگانلارنىڭ بىرنەچچىسىنى قويماي ئۆلتۈردى. تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچىنىمۇ ئالدى. تۇڭگانلار مەركىزىنى ماناسقا يۆتكىگەندى. ياقۇپبەگ، ماناس ۋە شىخۇ قاتارلىق جايلارنىمۇ ئېلىپ، بارغان يەرلەردە تۇڭگانلارنى قويماي قىرغىن قىلدى. قىلىچتىن ئېشىپ قالغان تۇڭگانلار، گۇچىڭ ۋە جىمسار تەرەپكە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايىتى تەۋەسىدە تۇڭگانلارنىڭ كۈچى تامامەن يوقىتىلدى.

ياقۇپ بەگ، قۇمۇل ۋە ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئىلىغا يۈرۈش قىلدى. باش ئىلى(ھازىرقى غولجا شەھىرى) دىكى تارانچىلار، تۇڭگانلارنىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالماي ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ياقۇپ بەگ، بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلىنى ئوڭايلا ئالدى.

يەتتەسۇ ۋە ئاياق ئىلىدىكى تارانچى ھۆكۈمىتى، ياقۇپ بەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا، تەۋە بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئىقتىسادىدىن ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ياقۇپ بەگكە يوللاپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنىڭ قوللىرىدا قېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپ بەگ، بۇنى غەنىمەت دەپ بىلىپ، بۇجەڭگىۋار خەلق بىلەن ئۇرۇشۇشتىن، ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشنىڭ ئەۋزەلرەك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، كېلىشىم ئىمزالاپ، قەشقەرگە قايتتى. ياقۇپبەگ، چىن ھۆكۈمىتى بىلەن سۈلھى تۈزۈش نىيىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇمۇلغا چېقىلمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقاتمىغانىدى. لېكىن، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسى، كېيىنچە چىنلىقلارنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىدە پامىر ۋە ئالاي يايلاقلىرى، ئىلى تەرىپىدە ئىسسىقكۆل ۋە ئالمائاتا، شىمالدا بالقاش كۆلى، تارۇتاي، ئالتاينىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلار، شەرقتە بارىكۆل تاغلىرى، ئۈرۈمچى قۇمۇل ئارىسىدىكى چۆل ۋە جەنۇبىدا قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) ۋە قاراقۇرۇم تىزملىرىدىن ئىبارەت جايلارنىڭ ھەممىسى

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تېرىتورىيەسى ئىچىگە كىردى. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئالتاي ۋە چۆچەك ۋىلايەتلىرى ئۈچاغدا موغۇلىستان تېرىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. قۇمۇل ۋە بارىكۆلمۇ چىنلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ھازىر روس ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولغان ئاياق ئىلى ۋە يەتتەسۇ بولسا، ياقۇپبەگكە تەۋە بولدى (21 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

## ياقۇپبەگنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، «بەدەۋلەت» ئۇنۋانىنى ئالغانلىقى

ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگ ھۆكۈمدار بولغان كۈندىن باشلاپ مۇستەقىل ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىشلارنى پەرغانە خانىدىن سورماي ئۆز ئالدىغا ئېلىپ باراتتى ۋە خان ئالدىدا ھېچ قانداق مەسئۇلىيىتىمۇ يوقتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئېغىزدا ئۆزىنى پەرغانە خانلىقىغا تەۋە دەپ خانغا ھۆرمەت كۆرسەتتى. ياقۇپ بەگ، ئىلنى ئېلىشقا تىرىشۋاتقان كۈنلەردە پەرغانە خانلىقى بەك ئاجىزلىشىپ، روسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلغانىدى. ياقۇپبەگ ئىلىدىن قايتىپ كېلىپلا، پەرغانە خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكالاپ، شەرقىي تۈركىستانىنى ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىردۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. ۋە تەۋە بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولغان «ئاتىلىق غازى» دېگەن ئۇنۋانىنى تاشلاپ، «بەدەۋلەت» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى. قەشقەرگە، ئەسلى ھىندىستانلىق بولغان مىرئەھمەد جامادار دېگەن ئادىمىنى ۋالىي قىلىپ، ئۆزى ئاقسۇنى پايىتەخت قىلدى. ياقۇپ بەگ، ئۇندىن كېيىن، پۈتۈن دىققىتىنى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە قارىتىپ، قورال ـ ياراق ۋە مىلتىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشخانىلارنى قۇرۇپ چىقىپ، كۆپ مىقداردا توپ، مىلتىق ۋە مىلتىق دورىسى تەييارلىغىلى باشلىدى. يۇرت ئىچىدىن خەلقنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئەسكەر سانىنى ئاشۇردى. چېگرا موھاپىزەت قىسىملىرى، يۇرت ئىچى ئامانلىقىنى ساقلاش قىسىملىرىدىن باشقا پەقەت ئۇرۇش ئۈچۈن، «سەكسەن مىڭ كىشىلىك» قوشۇننى تەشكىل قىلىپ، شۇ زاماننىڭ يېڭى ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق (خەلق ئىچىدە بۇ ئۇسۇلغا «پەرەڭچە» دەپ نام بېرىلگەنىدى) ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن تەربىيىلەپ چىقتى. ئىچكى جەھەتتە ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن مەمۇرىي خادىملارنى، لىياقەتى بولسۇن، بولمىسۇن، غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن تەيىن قىلدى. ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ ۋە مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەرخىل باج ۋە ئالۋاڭ سېلىق ئېلىشنى يولغا قويدى. مەسىلەن: يەر بېجى، تىجارەت بېجى، چارۋا مال بېجى ۋە باشقا ھەرخىل ئىسىملار بىلەن خەلقتىن ئالىدىغان باج ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىقلار، خەلق كۆتىرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاشتى. دېھقانلار يەرلىرىنى تاشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بازاركاساتلىشىپ تىجارەت ئازالدى. خەلق قىممەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق ئاپەتلىرىگە دۇچار بولدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى

ھىجرى1287 ـ (مىلادى 1870ـ) يىلى ياقۇپ بەگ تۈركىيە سۇلتانى ۋە شۇ چاغدىكى ئىسلام خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئالدىغا ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان ئابدۇلئەزىز، بۇ ھەيئەت بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەمىرئىلمۇسلىمىن» يەنى، مۇسۇلمانلار ئەمىرى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. خۇتبىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى نامىدا ئوقۇلىشى ۋە پۇلغا خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى. ياقۇپبەگ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، خۇتبىنى سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىدا ئوقۇتتى ۋە قۇيدۇرغان كۈمۈش تەڭگىگە خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈردى. ئۈستىدە «سۇلتان ئابدۇلئەزىز» ئىبارىسى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگىلەر ھازىرمۇ خەلقنىڭ قولىدا مەۋجۇد.

ئۇندىن كېيىن ياقۇپ بەگ، ھىندىستان ۋە روسىيەگە بىردىن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەنگلىيە ۋە روسىيە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئىككىنچى يىلى، روسىيە ۋە ھىندىستاندىن ياقۇپ بەگكە رەسمىي ئەلچى كەلدى. ھىندىستاندىن، تۆت مىڭدىن كۆپرەك كارتوشلۇق ۋە يىگىرمە مىڭ پىستانلىق مىلتىق ۋە باشقا نۇرغۇن مىقداردا ھەربىي لاۋازىمات سېتىۋېلىندى. چىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تەبئىي سىياسىتىدە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمىدى.

لېكىن، گۇدەك ياشتىكى ئىمپېراتور تۇڭشىغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىۋاتقان كۇڭ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى، ئەنگلىيە ۋە روسىيە نىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىمايدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. ئۇچاغدا، چىندىكى ئىچكىي ئىنقىلاب ۋە ئەنسىزلىك سەۋەبىدىن ۋە چەت ئەللەرنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىنمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بۇنىڭغا مەجبۇر ئىدى. چىن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇنداق قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدا، ئىككى يۈزلۈمچە سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىدىن ياقۇپ بەگ خەۋەرسىز ئىدى. دۇنيانىڭ ئۈچ چوڭ دۆلىتى مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلدى، چىن دۆلىتىنىڭمۇ تونۇماقتىن باشقا چارىسى يوق دېگەن چۈشەنچە بىلەن بىپەرۋالىق قىلماقتا ئىدى.

## ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىنىڭ، تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىنغانلىقى

بۇرۇن ياقۇپ بەگدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىغە ۋە دۇڭخۇاڭغا قېچىپ كەتكەن تۇڭگانلار، مىلادى 1871 ـ يىلى بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، ئالتى شەھەر بىلەن غۇلجا ئارىسىدىكى ھەربىي ھەرىكەت يولى كېسىلدى ۋە غۇلجىدىكى تۇڭگانلار، ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىنى يەنە بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيىتىدىن چىقىپ كەتتى. ياقۇپ بەگ دەرھال چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يوللىدى. بەگقۇلى بەگ دەسلەپتە ئۈرۈمچىنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىندىنلا تۇڭگانلار يەنە تارتىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ مەشھۇر «سەكسەنمىڭ كىشىلىك قوشۇن» دەپ ئاتالغان مەركىزى قوشۇننى ئېلىپ، ھىجرى 1290 ـ (مىلادى 1873 ـ) يىلى تۇرپانغا كەلدى. ياقۇپ بەگ تۇرپانغا كېلەر ـ كەلمەيلا، تۇڭگانلار سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى «يۇسۇپ لاۋرىنجا» ئۆزى تۇرپانغا كېلىپ، ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈرۈمچىدە، تۇڭگانلارغا ياقۇپ بەگنىڭ قول ئاستىدا بىرئىچكى مۇستەقىللىق بېرىش ۋە تۇڭگانلار ھەر يىلى ياقۇپبەگكە بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. ياقۇپ بەگ بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاپ بولۇپ قايتتى. ئۇندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ تۇرپانغا ئۆزبېك مۇھاجىرلاردىن ھېكىمخان تۆرەنى ۋالىي قىلىپ، ئوغلى بەگقۇلى بەگنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن تۇرپانغا ئورۇنلاشتۇردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇننەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى سۇلتان سۇلايمان (تاۋۋىنسۇ) ئۆلتۈرۈلدى. بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە، تۇڭگانلار پاراكەندە ھالدا لەقىمى، «داخۇۋ» (چوڭ يولۋاس) بولغان قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 4 ـ 5 مىڭ تۇڭگان قېچىپ گەنسۇغا كەلدى. ئۇ يەردىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، زۇڭزكۇچ تۇپلاپ گەنسۇدا يەنە چوڭ بىرئىنقىلاپ قوزغىدى. ئىككى يىل داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇش نەتىجىسىدە، نۇرغۇن شەھەر ۋەيران بولدى.

ھىجرى 1290ـ (مىلادى 1873ـ) يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى توڭشى، بالاغەتكە يېتىپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى قولىغا ئالدى ۋە شۇ يىلى گەنسۇغا 400000 كىشىلىك بىرقوشۇن يوللىدى. داخۇۋ مەغلۇپ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ قۇمۇلغا كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ، ھېكىمخان تۆرىنى تۇرپاندىن چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز ئوردىسىدا ئاقسۇدا قويۇپ ئۆزى پۈتۈن قوۋۋىتىنى ئېلىپ كورلىغا كەلدى. ئۇغلى بەگقۇلى بەگنى تۇرپاندىن ئەسكەرلىرى بىلەن داۋانچىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ، ئىستىھكام قۇرۇپ، تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ھالەتتە داخۇۋ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياقۇپبەگدىن باشپاناھلىق تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. داخۇۋ يېنىدا قالغان 5 ـ 4 يۈز ئادىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشتى، ياقۇپ بەگ ئۇنى ئاقسۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا، تۇڭگانلار ئۆزىنىڭ ئەسلى چىن نەسلىدىن بولغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ياقۇپ بەگدىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوماندانى زوزۇڭتاڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زوزۇڭتاڭ ئۈرۈمچىگە ھېچ قانداق توسالغۇسىز كىردى ۋە ياقۇپبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، داخۇۋنى تەلەپ قىلىپ، « ئەگەر داخۇۋ نى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، شەرقىي تۈركىستانغا دەخلى قىلمايمىز، بۇ ھەقتە ئىمپېراتورنىڭ يولىيۇرىقى بار» دەپ خەت يازدى. ياقۇپ بەگ داخۇۋنى قايتۇرۇپ بەرمەي، چىن بىلەن ئەتراپلىق دوستلۇق كېلىشىم تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. زوزۇڭتاڭ بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، داۋانچىغا كەلدى. ياقۇپ بەگ ئوغلىغا ئۇرۇشماستىن چېكىنىپ، تۇرپانغا قايتىشنى بۇيرۇدى.

بەگقۇلى بەگ، داۋانچىدىكى ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، تۇرپانغا قايتتى. چىن ئەسكەرلىرى تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. ياقۇپبەگ، ئۆغلىنى يەنە ئۇرۇشماستىن تۇرپاننى بوشىتىپ، كورلىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ياقۇپ بەگنىڭ چىن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرشماسلىقىدىكى سەۋەپ، ئۇ كۆنلەردە پەرغانىنى ئېلىپ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا كۆزتىكىپ تۇرۇۋاتقان روسىيەنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقماقتا ئىدى. ئەگەر، بۇ ئەندىشە بولمىسا ياقۇپ بەگ، چىن ئەسكەرلىرىگە ھېچ پەرۋا قىلمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چىنلىقلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى لازىم كۆرۈپ، زوزۇڭتاڭغا يەنە بىرئەلچى ئەۋەتتى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزۈپ، روسلارغا قارشى ئېتتىپاقلىششىنى تەكلىپ قىلدى. ئەگەر بۇ تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىسا، جىددىي سۈرەتتە ئۇرۇش باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زوزۇڭتاڭ بۇ پىكرنى قوبول قىلدى ۋە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن چىڭ ئىمپېراتورىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچىلەر كېلىشىمنى ئىمزالاپ قايتىپ كەلگىچە، ئۇرۇشماي تۇرۇشقا قارارقىلدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى قالايمقانچىلىقلار

بۇ ئارىدا، ياقۇپبەگنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىدىن، خوتەن ۋالىيسى نىياز بەگ ۋە خەزىنىچىسى ئۇشۇر بەگلەر، بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى چوقۇم غالىپ كېلىدو دەپ ئىشىنىپ، مەخپى

سۈرەتتە زۇزۇڭتاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ۋە ھەر قانداق خىزمەت بولسا، تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ياقۇپ بەگمۇ گۇمانلىنىپ قالغانىدى. ياقۇپ بەگ بىلەن زوزۇڭتاڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇخائىنلارئۆزىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ ئاشكارا بولۇپ، جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ھىجرى 1293ـ (مىلادى 1876ـ) يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خائىن نىياز بەگ، ياقۇپبەگنىڭ ئاشپىزىغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يېمىكىگە زەھەر سېلىپ بەردى. ياقۇپبەگ زەھەرنىڭ تەسىرى بىلەن بىر سائەت ئىچىدە ئۆلدى.

ياقۇپبەگنىڭ ۋەلىئەھدى(تەخت ۋارىسى) يوقتى. يېنىدا بولغان چوڭ ئوغلى ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. بۇنداق بىر ھالقىلىق ۋاقىتتا ھېكىمخان تۆرىمۇ ئۇيىلماستىن تۇرۇپ، مەن ياقۆپبەگنىڭ ئۇرۇنباسارى دەپ ئۆزىنى پادىشا ئېلان قىلدى ۋە بەگقۇلى بەگ بىلەن تىركىشىشكە باشلادى. قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولغان ياقۇپ بەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەققۇلى بەگ، قەشقەردە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. نىياز بەگ[104]، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ خوتەنگە قېچىپ كېتىپ، ئۇمۇ مۇستەقىل بولۇۋالدى. مانا، شۇنداق جىددىي ۋاقىتتا، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈپ، مەملىكەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدەك بۇ پۇرسەتتىن تۇرپاندىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئىش ئىدى. بەگقۇلى بەگ بۇ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي، چىن خەۋپىنى نەزەرگە ئالمىدى. دادىسىنىڭ تەختىگە ئوڭچە ئۆزى ئىگە بولۇش ھەۋىسى بىلەن، كورلىنى تاشلاپ، دادىسىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ، باشقا رەقىپلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەتتى. ھۇشۇر بەگ، بەگقۇلى بەگ كورلىدىن ماڭغاندا، خەزىنىنىڭ بىرقىسىم ئالتون كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تەرىپىگە قاچتى. بەگقۇلى بەگ كۇچاغا كېلىپ، كۇچا ۋالىيسى ئامىل تۆرە خاننى چىنلىقلار كەلسە، كۇچانى مۇداپىئە قىلىشقا تەيىنلەپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆزى ئاقسۇغا ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېكىم خان تۆرە، پەرغانىغا قېچىپ روسلارغا سىغىندى. بەگقۇلى بەگ ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلدى. قەشقەر يېقىنلىرىدا ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ھەققۇلى بەگ ئۆلتۈرۈلدى، ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بەگقۇلى بەگ، قەشقەرگە كىرىپ دادىسىنىڭ جەسىدىنى مۇراسىم بىلەن قەشقەر قەبرىستانلىقىدا دەپنە قىلدى. ئۇندىن كېيىن، بەگقۇلى بەگ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. نىيازبەگ، كورلىدىن قېچىپ خوتەنگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، خوتەندىكى پەرغانىلىقلارنىڭ كاتتىلىرىنى ھەممىسىنى، ئۆلتۈرىۋەتتى. خوتەن خەلقىدىن نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ، بەگقۇلى بەگ بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلاندى. بەگقۇلى بەگ خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، زاۋاغا كەلگەندە، نىيازبەگ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ زاۋادا مۇداپىئە ئۈچۈن

104 نىياز بەگنى، ئابدۇراھمان پاشاھ توغرىسىدىكى خوتەن خەلق قوشاقلىرىدا «نىزىكىم بەگ» دەپ ئالىدۇ(ن. ش. ھ.).

سەپ تارتىپ جايلاشتى. بەگقۇلى بەگ، پىيالمىغا كەلگەندە نىياز بەگ، بىر كېچىسى ھېچكىمگە تۇيغۇزماستىن ئىككى يۈزدەك قوراللىق ئادىمىنى ئېلىپ ئىلچى شەھەر ئىچىگە كېلىپ، ئوردا ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى باغلارغا ئوغرىلىقچە كۆمۈپ ساقلىغان مىڭلارچە زىخ ئالتۇن ۋە مىڭلارچە كۈمۈش يامبۇنى ئىچىپ ئېلىپ، ئاتلارغا يۈكلەپ كېرىيە تەرىپىگە قاراپ قاچتى. ئەرتىسى بەگقۇلى بەگ زاۋاغا كەلدى. نىياز بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشتى. كېيىن، نىياز بەگنىڭ قاچقانلىقى مەلۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرقىسمى بەگقۇلى بەگكە تەسلىم بولدى، بىرقىسمى قېچىپ ئۆيلىرىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى بەگ، خوتەننى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. نىياز بەگ شۇ قاچقانچە كېرىيىدىن ئۆتۈپ، چەرچەن ۋە چاقلىق شەھەرلىرىگىمۇ كىرمەي، چۆل يولى بىلەن مېڭىپ كورلىغا كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قوماندانى لىيۇجىنتاڭ تېخى يېڭىلا كەلگەنىدى. نىياز بەگ لىيۇجىڭتاڭنى زىيارەت قىلىپ خوتەندىن ئەپقېچىپ كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى لىيۇجىڭتاڭنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ، چىنگە يېقىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى چىن ھۆكۈمىتىگە ساقلىغانلىقىنى ئېيتتى.

## شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ يىقىلىشى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىش نىيىتى بىلەن، بۇ يۇرتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى كۈرەشلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ھېكىمخان تۆرە ۋە ھەققۇلى بەگ تەرەپتارى بولغان پەرغانىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، قوراللىرى بىلەن پەرغانىغا قاچتى. يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلدى ياكى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى بەگنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتتى.

زۇزۇڭتاڭ، بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىشنىڭ كۆيىغا چۈشتى. ھىجرى 1293- (مىلادى 1876-) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى تۇڭشى ئۆلدى ۋە ئورنىغا گۈدەك ياشتىكى ئوغلى گۇاڭشى ئىمپېراتور بولدى. ئانىسى ئىمپېراتورنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشىنى قولىغا ئالدى. بۇ سەۋەپتىن، زوزۇڭتاڭنىڭ ئالتى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىر ئاز كېيىنگە قالدى. ھىجرى 1294- (مىلادى 1877-) يىلى زوزۇڭتاڭ بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى تۇرپاندا ئېلىپ قېلىپ، يەنە بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى لىيۇجىنتاڭ ئىسىملىك قوماندان باشچىلىقىدا ئالتى شەھەرگە يوللىدى. بەگقۇلى بەگ بۇلاردىن خەۋەرسىز خوتەنگە يۈرۈش قىلغانىدى. خوتەننى ئېلىپ ئۇ يەردىكى

تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى يولغا قويۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، لىيۇجىنتاڭنىڭ قارا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن خەۋىرى كەلدى. بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، بەگقۇلى بەگ دەرھال قەشقەرگە قايتتى. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندە، لىيۇجىنتاڭ، كورلىنى ئىشغال قىلغانىدى. بۇ ئارىدا نىيازبەگ، ھۇشۇربەگ، خوتەنلىك ئەھمەد بەگ، قەشقەرلىك ماھمۇت بەگ، كوچا ۋاڭىنىڭ ئوغلى، چىنگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن باشقا بىرقانچە مىللەت خائىنلىرى ۋە شەخسى مەنپەئەت پەدايىلىرى بىر ـ بىرلەپ قېچىپ، لىيۇجىنتاڭنىڭ قېشىغا يىغىلدى. ئۇلار لىيۇجىڭتاڭنى ئالتە شەھەرنى پاتراق ئىشغال قىلىشقا ئالدىراتقىلى تۇردى. لىيۇجىنتاڭ، كورلىدىن كۇچاغا كەلدى. كۇچا ۋالىيسى ئامىل خان تۆرە، بىر پايمۇ ئوق ئاتماي كۇچانى تاشلاپ، قورالىرىنى ۋە ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئۇدۇل پەرغانىغا قاچتى. لىيۇجىنتاڭ، كۇچا ۋە ئاقسۇنى ھېچ توسالغۇسىز ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى.

بەگقۇلى بەگ، قەشقەرگە يېقىن بىرجايغا كېلىپ، ئىستىھكام ياساپ مۇداپىئەدە تۇردى. لىيۇجىنتاڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بىركېچىدە بەگقۇلى بەگ، يېقىن ئادەملىرىدىن بىرقانچە قوراللىق كىشىلەر بىلەن، قولغا چىققان خەزىنىنى ۋە قورالالارنى ئېلىپ پەرغانىغا قاچتى. فرونتتىكى ئەسكەرلەر ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئۇرۇشماقتا ئىدى. بۇرۇن قەشقەرنى ئالغان چاغدا مۇسۇلمان بولغان 5 ـ 4 مىڭ چىنلىقنى ياقۇپبەگ، ئايرىم بىرمەھەللىگە يەرلەشتۇرگەنىدى. بۇ چىنلىقلار بەگقۇلى بەگنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، يوشۇرۇپ قويغان قوراللىرىنى ئېلىپ، قوزغۇلۇپ چىقتى ۋە شەھەردە بولاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھادىسىنى ئاڭلىغان فرونتتىكى ئەسكەرلەر قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەرتەرەپكە قاچقىلى تۇردى. نۇرغۇنلىرى دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋەيا ئەسىر ئېلىندى. لىيۇجىنتاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى . ئۇندىن كېيىن، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ھېچ قىينچىلىق تارتمايلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن،كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، ئاجايىپ غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى بىلەن ھىجرى 1294ـ (مىلادى 1877ـ) يىلى، شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىقى يىقىلىپ، چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەبىتلىكى

ياقۇپ بەگ ھۆكۈمران بولغان كۈندىن تارتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى. ھېچبىر مەسلىھەتچىسى ياكى ۋەزىرى يوقتى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تېگىشلىك پۈتۈن سىياسەت، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ياقۇپ بەگ ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش ياكى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن مەجلىس ئېچىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇ ،باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىش ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ لاياقەتسىزلىكى ۋە قابىلىيەتسىزلىكىنىڭ دەلىلى دەپ ھېساپلايتتى. ياقۇپ

بەگ بىرمەجلىستە مۇنداق دېگەن: «خۇدا بىر كىشىنى بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمدار قىلسا، ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىدىكى ھوقۇق، شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشى كېرەك، بۇخۇدانىڭ خاس ئۇكىشىگە بەرگەن ھەققىدۇر». ياقۇپ بەگنىڭ، بۇسۆزنى يەنە بىر قانچە يەردە تەكرارلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەككى، ياقۇپبەگ تارىخ ۋە ھەققىي سىياسەتتىن خەۋىرى يوق، ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىنى ھېچ بىلمەيدىغان، بەكمۇ جاھىل ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى كىشى ئىدى.

ياقۇپ بەگنىڭ يېقىن ئادەملىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن، پەقەت ياقۇپ بەگ بۇيرۇق چىقارغاندىلا ئاندىن ۋاقىپ بولاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ نەزىرىدە، ئەڭ ياخشى ۋالىي ياكى ئەڭ ياخشى دۆلەت خادىمى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىككىلەنمەستىن قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى ياخشى نىيەت بىلەن تەنقىت قىلغان ياكى تۈزۈتۈش پىكرى بەرگەن، قوقەنتلىك زىيائىددىن قازى كالان، ئەكمەلخان تۆرە ۋە خوتەنلىك ئىبراھىم قازىدەك ئەقىللىق ۋە دۆلەتكە كۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى ياقۇپبەگ بەك يامان كۆرەتتى. ئۇنداق كىشىلەرنى ھەرخىل يول بىلەن يوقاتقانىدى. ئەمما، يوقىرىدا ئىسىملىرى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئۈچ كىشى، خەلق ئىچىدە ناھايىتى مۆتىۋەر كىشىلەر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، تىرىك قالغان. لېكىن، ياقۇپ بەگ بۇلارنى يامان كۆرۈپ «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ قارايتتى. قىسقىسى، ياقۇپ بەگ، ئۆزىنىڭ ئۆيلىغىنىنى دەل ھەقىقەت دەپ تۇنۇيدىغان، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ دىتىگە ياقمايدىغان پىكىردە بولۇشىغا رازى بولمايدىغان، ئۇچىغا چىققان بىر مۇستەبىت ئىدى.

## ئىداري تەشكىلاتى

ياقۇپبەگ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىدا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقىنى بىرمىللەت دەپ تونۇمايتتى. ھۆكۈمىتىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى دەپ ھېساپلىمايتتى. شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ بىرمۇستەملىكىسى دەپ قاراش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر ھوقۇقتىن مەھرۇم ۋە ئەسىر مىللەت دەپ قاراش، ئۇنىڭ ئىداريي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى ئىدى. ۋالىيلىق، ھاكىملىق ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئاساسەن غەربىي تۈركىستانلىقلارنى قويىدى. پەقەت، نىياز بەگ، ھۇشۇر بەگلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىگە خائىنلىق قىلىپ، ياقۇپ بەگكە پەۋقۇلئاددە خىزمەت كۆرسەتكەن يەرلىكلەرنى، مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئىشقا سالاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ۋالىي ۋە ھاكىملىرى چەكسىز ھوقۇققا ئىگە زالىملار بولۇپ، خەلقنى ئىزىشتا ئەركىن ئىدى. غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئالاھىدە چۇڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ئۇلاردىن تىجارەت بېجى، يەر بېجى ئېلىنمايتتى. ئەدلىيىدە ئۇلارنىڭ سۆزى ھۇججەت ئورنىدا قوبۇل قىلىناتتى. ئەمما، يەرلىك خەلق پۈتۈن ھەقتىن مەھرۇم بولۇپ، زالىملارچە ئېزىلمەكتە ئىدى. بۇلارنى يېرى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىداريي تەشكىلىدە، شۇ چاغدىكى غەربىي تۈركىستاننىڭ ئۆزبېك دۆلەتلىرىنىڭ

شەكلى تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، مۇنتىزىم، خاس بىرقانۇن يوقتى. قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە كورلا ۋىلايەتلىرى بىۋاستە ياقۇپ بەگكە قاراشلىق بولۇپ، بۇ جايلارغا مۇھاجىر غەربىي تۈركىستانلىقتىن ياكى نىياز بەگدەك ياللاقچىلارغا ئوخشاش كىشىلەردىن بىرەر ۋالىي تەيىن قىلىنغانىدى. ۋالىي «دادىخاھ» دەپ ئاتىلاتتى[105]. بۇ دادىخاھلار خېلى زور ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئۆز تەۋەسىدە بەزى ئىشلاردا مۇستەقىل ئىدى. ئۆزىگە قاراشلىق مەمۇرىي خادىملارنى تەيىن قىلىش ياكى ئىشتىن ئېلىپ تاشلاش ھەقلىرى بار ئىدى. لېكىن، ياقۇپ بەگ ئەگەر بىرسىنى ھاكىم، ئەسكىرىي ئەمەلدار ۋە يا قازى قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا ياق دېيىشكە ھەققى يوقتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىش ۋە باشقا جازالاش ئىشلىرى ۋالىينىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىدا، كۆرۈنۈشتە قازىلار مەسئۇل بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قازىلار ياقۇپ بەگ ۋە ۋالىيلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. دېمەك، قازىلار، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە تۇقۇنمايدىغان ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارنىلا، شەرىئەت بويىچە بېجىرەتتى.

ياقۇپ بەگنىڭ ئاساسى ئىشى بايلىق توپلاش ئىدى. يەر بېجى ئېلىش ئۇسۇلى، غەربىي تۈركىستانغا ئوخشاش، ھەر تاناپ تېرىلغۇ يەرگە تېرىلغان زىرائەتنىڭ تۈرىگە قاراپ ھېساپلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۆلچىمى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر بېجىنى ئاز ئېلىش ياكى كۆپ ئېلىش، ۋالىينىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىدىن ياقۇپبەگنىڭ ھېچ خەۋىرى يوقتى ۋە ئۇلارنىڭ خەزىنىسىدە نېمە بار، نېمە يوق ئۇنىڭدىنمۇ خەۋىرى يوقتى. ياقۇپ بەگ، ۋالىيغا «شۇ قەدەر ئالتۇن كۈمۈش، ئاشلىق ياكى باشقا بىرنەرسىدىن شۇنچىلىك مىقداردا پالان كۈنى خەزىنىگە ئەۋەت !» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. ۋالىي، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى خالىغان يول بىلەن يىغىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقت ئىچىدە يوللاشقا مەجبۇر ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە، ۋالىيلار بەزىدە يىلدا بىرقېتىم، بەزىدە ئالتى ئايدا ياكى ئۈچ ئايدا بىر قېتىم «تارتىق» دېگەن نام بىلەن ياقۇپ بەگكە بىر مىقدار ئالتۇن كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئۆزى ئاپىرىپ تەقدىم قىلاتتى. بەزىدە ياردەمچىسىدىن ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خىل تارتىقلارنى كۆپ يوللىغان ۋالىيلار، ياقۇپبەگ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ياقۇپبەگ ئالدىدا ئۇنداقلارنىڭ ئابرۇيى ئۈستۈن ۋە ھوقۇقىمۇ كۆپ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋالىيلار مەنسەپ تاما قىلىپ، ياقۇپ بەگنى خوش قىلىش ئۈچۈن، تارتىق يوللاشتا بىر- بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشاتتى. بۇ تارتىقلارنىڭ ئېغىر يۈكى، بىچارە خەلقنىڭ بويىنىغا ئارتىلىپ، يەردىن چىققان مەھسۇلات يەرنىڭ بېجىغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. خەلق يەرلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە باشلىغانىدى. نەتىجىدە، ۋالىيلار يەردىن ئۆزلىرىگە يېتەرلىك مىقداردا باج توپلىيالماي قالدى. بۇنىڭغا چارە تېپىش ئۈچۈن، ۋالىيلار تاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق

105 دادىخاھ، فارسچا سۆز ،كىشىنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان، دېگەن مەنىدە(ن. ش. ھ.).

يايلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ساتتى. خوتەن ۋالىيسى بۇ يايلاقلارنى ئۈچ قات ئارتۇق باھادا ساتقان. تىجارەت بېجىنىمۇ قات ـ قات ئاشۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە، تىجارەتچىلەر تىجارەتنى تاشلىغان. بازارلاردا، باج تۆلىمەيدىغان غەربىي تۈركىستانلىقلار ئانچە مۇنچە تىجارەت قىلىپ تۇراتتى. بىرسى ئۆلسە ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىزىملىنىپ، بۇنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۈچتىن بىرىنى «تەركانە» دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمەت ئالاتتى. ۋالىيلار، ياقۇپ بەگكە ئىتائەت قىلىشتا سۇسلۇق قىلسا، ياقۇپ بەگ تەلەپ قىلغان تارتىق، ئەسكەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىسە، ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن جازاغا تارتىلاتتى. خەلققە ھەرقانچە زۇلۇم قىلسىمۇ ئۇنى ھېچكىم جاۋاپكارلىققا تارتمايتتى. خەلقنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغان، خالىس نىيەت بىلەن بېرىلگەن پىكىرلەرگە قولاق سالغان ئىشلار، ياقۇپبەگنىڭ زامانىدا يۈز بىرىپ باقمىغاندى.

بۇلاردىن باشقا ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ۋالىيلىرى، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر خاتىرە تىكلەش مەقسىتى بىلەن، بىرقىسىم يالغان ۋە ئۇيدۇرما مازارلارغا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىنالار، مەدرىسىلەر ۋەمەسجىدلەر ياسىغان. بۇلارنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ياكى ئۆز يېنىدىن بىرتىيىنمۇچىقارماي، بۇنى زۇرلۇق بىلەن خەلقنىڭ بوينىغا ئارتقان. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، خەلقتىن ئۆي بېشىغا، نەخ پول، ياغاچ ـ تاش، كېسەك، گەج، ئاھاك ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئالۋاڭ قويۇپ ئالغان. بۇلاردىن باشقا بۇ ماتېرىياللارنى توشۇش ۋە قۇرۇلۇشتا ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر ئۆيگە ئادەم كۈچى ئالۋېڭى قويۇپ، ئۇلارنى زۇرلوق بىلەن تاياق ئاستىدا ئىشلەتكەن.

ئەگەر، بۇنداق زۇلۇم بىلەن سېلىنغان قۇرۇلۇشلار، يول، مەكتەپ ـ مەدرىسە، ھاممام،كۆۋرۈك قاتارلىق ئومۇمغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەر بولسا ئىدى، خەلقنىڭ تارتقان مېھنەت ۋە مۇشەققىتى بىكارغا كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن، بۇ قۇرۇلوشلارنىڭ تولىسى مازارلار ۋە ۋالىي ھاكىملارنىڭ شەخسى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە باغلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چىنلىقلار ۋەيران قىلدى، بەزىلىرى ھازىرغا قەدەر كېرەكسىز ھالەتتە تۇرماقتا.

ياقۇپ بەگ، ئىلىمگە، پەن ـ ساناڭەتكە ھېچ كۆڭۈل بۆلمىگەندى. بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇش يوقتىن ياخشى كېتىپ باراتتى. ئەمما، ياقۇپ بەگنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ يۇرت تەرەققىياتى ئۈچۈن، تىلغا ئالغۇدەك بىرەرخىزمىتى يوق.

## ياقۇپبەگنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى ئورنى

ياقۇپبەگ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېچبىر دۈشمىنى بىلەن ئۇرۇشمىدى. ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان پۈتۈن ئۇرۇشلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇجاھىدلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشلارمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ قىلغان ئۇرۇش بولماستىن، پەقەت، ئۆزىنىڭ ھىرس ۋە

ھۆكۈمدارلىق ئارزۇسى بويىچە ئۆز مىللەتداشلىرىنى ۋە دىنداشلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئۆچمەنلىك ۋە ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغانلىقى، يۇقىرىقى بۆلۈملەردە سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ياقۇپبەگنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆلۈنمە ھالىتىدىكى بەش مۇستەقىل ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاجىزلىق خەۋپى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم قىسىملىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بىرلىشىپ، بىردۆلەت شەكلىگە كىردى. كۈچلۈك بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئېتىبارى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، تاشقى سىياسەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەت قولغا كېلىپ، دۇنيا بۈيۈك دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

سىياسەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا بۇ نەتىجىلەر، ياقۇپ بەگنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى قانلىق پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا قارىتا سۆزلەنگەن ئەيىپلاشلارنى بىراز بولسىمۇ ئازايتىدۇ. ئەگەر ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياسىتى ياخشى بولۇپ، ئىدارىي ئىشلىرى توغرا يۈرۈتۈلگەن بولسا ئىدى، ئۆزى مۇستەبىت بولسىمۇ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى مۇنتىزىم بىر قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنى بىكىتكەن بولسا، يەرلىك خەلقنى يات ۋە ئەسىر قاتارىدا كۆرمەي، ئۆز مىللىتىم دەپ تونۇغان بولسا، ئۇلارمۇ ياقۇپ بەگدىن رازى بولغان بولاتتى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، دۆلىتىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، مىللەتنى ۋە مۇستەقىللىقنى قوغداشتا پىداكارلىق كۆرسىتىشى تەبئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپبەگ بىرمىللەتنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن بىر قەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئىسمى تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالغان بولاتتى. لېكىن، ياقۇپ بەگ، مۇستەبىتلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە قانۇنسىزلىققا يول قويۇپ، يەرلىك خەلقنى مەھكۇم مىللەت دەپ قارىغانلىقىدىن، ئۆنىڭ قۇرۇپ چىققان دۆلىتى «چۆرۈك ئاساس» ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ چىقتى. ئەزەلدىن مىللەت ۋە ۋەتەنگە دۈشمەن بولغان، ئەمما، ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ، غالىپ كەلگەن ھەر قانداق بىر تەرەپكە دەرھال كۈچۈكلىنىپ، ئۆتۈپ كېتىدىغان يامان ئادەملەرنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگكە كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ غەربىي تۈركىستانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇلارغا چەكسىز ھوقۇق بېرىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەر ئىشتا ئەركىن قويۇۋەتتى. خەلققە سالغان جەۋر - زۇلۇملىرىنى سۈرۈشتۈرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ خەلقنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، يول قويدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقنى دۆلەتتىن زېرىكتۈرۈپ قويدى. بۇ ھەقسىزلىق، قانخورلۇق، رەھىمسىزلىق

ۋە باشباشتاقلىق، خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا زەربە بەردى ۋە تەبىئىي ھالدا ئۇنى ھىمايە قىلماسلىق دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئۇستقۇرۇلمىسى ئاجىزلىشىپ، داۋام قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى.

ئىشنىڭ تېخىمۇ يامان تەرىپى، شەرقىي تۈركىستانغا رەسمىي سۈرەتتە ھۇجۇم قىلىشقا قادىر بولمىسىمۇ، پەقەت پوپوزا قىلىپ، سىناپ بېقىش مەقسىتى بىلەن چېگراغا يېغىلغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئاجىز بىرھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈچى بار تۇرۇپ، چېكىنگەنىدى. ئەگەر ياقۇپبەگ چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇش قىلسا ئىدى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ چىن تاجاۋۇزىدىن ئەبەدىي قۇتۇلۇشىدا ھېچ شۈبھە يوقتى.

ئەمما، ياقۇپبەگ، ئۆزىنىڭ خىيالىي بىر ۋەسۋەسىدىن ئىبارەت قۇرۇق نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، چىن ئەسكەرلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش «قاچىدىكى ئاشتەك» پىشىپ تەييار بولۇپ قالغان بىرئىمكانىيەت بولسىمۇ، چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئوغلى بەگقۇلى بەگ ۋە قوماندانى مىرئەھمەد جامادارنىڭ پىكرىگە قولاق سالماي، «مەن چىن بىلەن سۈلھى قىلمەن» دەپ، ئۇلارنى فرونتتىن قايتۇرۇپ كەلدى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا بىر يىل تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار بۇپۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى.

ياقۇپبەگ، بۇخائىنچە ئىتتىپاق نەتىجىسىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. باش ئۇچىدا ماراپ تۇرغان دۈشمەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ھېچ ئۈمىد قىلمىغان يەردىن بۈيۈك بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيانىڭ چوڭ ـ چوڭ دۆلەتلىرى تەرىپىدىن تونۇلغان مۇستەقىل بىر دۆلەتنى ياقۇپبەگنىڭ كاج مۇستەبىتلىكى بەربات قىلدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاركۆزدىن كەچۈرۈلسە، ياقۇپ بەگكە تارىخ سەھىپىسىدىن ھېچ ياخشى ئورۇن تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىچكى جەھەتتە چىقىشالمىغان ۋە ئىتتىپاقلىشالمىغان بولسىمۇ، چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنى قانلىق باستۇرۇپ، يوقاتتى. مىللەتنى زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىك بىلەن ئېزىپ كۈچسىز، نامرات، قورالسىز ۋە ئىتتىپاقسىز ھالىغا كەلتۈرۈپ، مۇستەقىللىقنى قوغداپ قالالايدىغان كۈچ ۋە جاسارەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ سەھىپىسىدىكى ئورنىنى ھېچ ياخشى دىگىلى بولمايدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم
## شەرقىي تۈركىستانغا تۆتىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى زوزۇڭتاڭ، ھىجرى 1294- (مىلادى1877-) يىلى، ئالتى شەھەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا چىنچە «يېڭى ئاباد»[106] يەنى، «يېڭى مۇستەملىكە» دېگەن مەنىدىكى «شىنجاڭ» ئىسمىنى قويدى. ياۋروپالىقلار تەلەپپۇزنى، بوزۇپ «سىڭكياڭ» دەيدۇ.

چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆتىنچى قېتىملىق ئىشغالىيىتى، مىلادى 1877 - يىلىدىكى زوزۇڭتاڭنىڭ تاجاۋۇزىدىن باشلاپ، مىلادى 1932- يىلى پارتلىغان ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابىغىچە داۋام قىلدۇ. بۇ دەۋىر، مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىش يىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋىرگە بۆلىنىدۇ. بۇ دەۋىرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلگەن چىن سىياستى ئارىسىدا بەزى جەھەتلەردە پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى ئىككى ئايرىم بۆلۈمدە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

### چىن(چىڭ سۇلالىسى) ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان

چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستاننى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن تىرىك قالغانلىرىنى ۋە شېھىت بولغان مۇجاھىدلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قامىغان، پۈتۈن مال - مۈلكلىرى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. ئۇلارنى 2 - 3 يىلغىچە قاتتىق قىين - قىستاق ئاستىدا قىينىغان، بۇلاردىن تولىسى شېھىت بولغان. ساق قالغانلىرى،كېيىنچە قويۇپ بېرىلگەن. ئىنقىلابقا قاتناشمىغان، لېكىن، مۇجاھىدلارغا ياكى ياقۇپبەگكە يېقىن بولغان كىشىلەرمۇ قاماققا ئېلىنىپ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. قەدىمكى جامە ۋە مەدرىسىلەرنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكتىن، مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلكنى جامە ۋە مەرىسىلەرنى بىر يىلدىن كېيىن، خەلققە زورلاپ سېتىپ، كىرگەن كىرىمنى ئەسكەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا چىقىم قىلغان. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا بۇ مال - دۇنيانى چىنگە ئېلىپ كەتكەن. چىنلىقلار بۇرۇنقى مىللىي ئىنقىلاب ھۆكۈمىتى سالدۇرغان ئىمارەتلەرنى ۋە سېپىللەرنىڭ تولىسىنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. ساق قالغانلىرىنى خەلققە زورلاپ سېتىپ، خەلقنىڭ ياخشى ئۆي - جايلىرىنى مەجبۇرەن تارتىۋېلىپ، بۇنى چىنلىق ئەسكەر ۋە مەمۇرىي

[106] ئاباد ـ پارسچەسۆز بولۇپ، ھازىر تىلىمىزدا «ئاۋات» دەپ تەلەپپۇز قىلىنماقتا (ن. ش. ھ.).

خادىملارغا بەرگەن. ئىشغالىيەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ، چىن ھاكىملىرى، ئەتراپنى سېپىل بىلەن ئوراپ، ئىچىگە لەشكەرگاھ ۋە چىنچە ئۆي - ئىمارەتلەرسېلىنغان شەھەر بىنا قىلغىلى باشلىغان. بۇ سېپىل ۋە ئىمارەتلەرنى سېلىشتا ھۆكۈمەت بىرتىيىن چىقىم قىلماستىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى خەلقتىن زورلۇق بىلەن ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكىملار، بۇ ماتېرىياللارنى خەلقتىن كېرەكلىك مىقداردىن بىرقانچە ھەسسە ئارتۇق يىغىۋېلىپ، ئېشىپ قالغاننى ئۆزى سېتىپ، پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەن. بۇ قۇرۇلۇشلارغا لازىملىق پۈتۈن نەرسە - كېرەكلەرنى خەلقتىن ئېلىشتىن باشقا، ياغاچچى، سۇۋاغچى قاتارلىق ئۇستىلارنى ئالۋاڭ بىلەن تۇتۇپ كېلىپ، تاياق ئاستىدا ئىشلەتكەن. بۇ قۇرلۇشلاردا ئادەتتىكى ئىشلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرمىقدارىغا قاراپ ياكى ئۆي بېشىدىن ئادەم يىغىپ ھاشا ئىشلەتكەن. ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈنمۇخەلقتىن «چۇشكۇن» دېگەن نام بىلەن ئۇن، گۈرۈچ، قوناق، ئارپا، سامان، پىچان وە ئوتۇن قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. بۇنى چىنچە «سەيسە» دەپ ئاتايتتى. سەيسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارغا تاياق، جەرىمانە(چىنچە فالىي) ۋە قاماق جازالىرى بېرىلەتتى. بۇ ئالۋاڭ - سەيسە يىلدا 5ـ 6 قېتىم ئېلىناتتى. خەلق، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر يىلى، «يىللىق باج» تۆلەيتتى. بۇ يىللىق باج بەك ئېغىرئىدى.

بۇ ۋەزىيەت تۆت يىل داۋام قىلدى. ئالتى شەھەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى خەلقى، بۇخىل ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ئاستىدا ئېزىلىپ، ياقۇپبەگ دەۋرىدىكىدىنمۇ يامان ئازاپ ئىچىدەا قالدى. جاڭجۇڭ، ئىلى ۋە يەتتە سۇنى ئالالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچى شەھرىنى پايتەخت قىلغانىدى. تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، ئىلى ۋە يەتتە سۇنى چىن تاجاۋۇزىدىن قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلىپ، مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. ھىجرى 1297ـ (مىلادى 1879ـ) يىلى، روسىيە، ئىلى ۋە يەتتە سۇغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، مۇجاھىدلارنى مەغلۇپ قىلدى. نەتىجىدە، ئاجىز بىر ھالەتتە قالغان مۇجاھىدلار روسلارغا بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

2 - پەسىل

## روسلارنىڭ، ئىلى ۋە يەتتەسۇنى بېسىۋالغانلىقى

ھىجرى 1297ـ (مىلادى 1879ـ) يىلى ئىنگلىيە ھۆكۈمىتى، چىننىڭ سىچۈەن ۋە گەنسۇ ئۆلكىرىدىن ئۆتۈپ، تىبەتكە ئەسكەر يوللاش ئۈچۈن رۇخسەت ئالدى. روس ھۆكۈمىتى بۇنى باھانە قىلىپ ئىلى ۋە يەتتەسۇغا ئەسكەركىرگۈزدى.

تارانچىلار دەسلەپتە، قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، روسلارنىڭ ئۈستۈن ھەربىي قۇۋۋىتى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. روس ھۆكۈمىتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سان پېتىربۇرگدىكى ئەلچىسىگە بىرسۆزلەشمە ئىمزالاتتى. بۇسۆزلەشمىنىڭ مەزمۇنىچە، ئىلى ۋە يەتتەسۇ روسىيەگە

بېرىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە، ھىجرى 1298ـ (مىلادى 1880ـ) يىلى، ئىلى ۋە يەتتەسۇنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ئىشغال قىلغانلىقنى ئېلان قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، سان پېتىربۇرگدىكى ئەلچىسىنى چاقىرتىپ ئېلىپ كېلىپ، ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەتسىز، روسىيە بىلەن يۇقىرىقى سۆزلەشمىگە ئىمزا قويغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئىككى يىلغا يېقىن چىن ۋە روس ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدا دىپلوماتىك كۈرەش داۋام قىلدى. لېكىن، روسىيە ھۆكۈمىتى بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن بۇ جايلاردا زامانىۋىي ئىمارەتلەر ۋە يوللار ياسىغىلى باشلىدى . تېلېگراف سىملىرى تارتىلدى. ھازىرمۇ غۇلجىدا بۇتېلېگراف، يول ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىرمۇددەت داۋام قىلغان دىپلوماتىك كۈرەش نەتىجىسىدە، ھىجرى 1300ـ (مىلادى 1882ـ) يىلى روسلار ئىشغال قىلىۋالغان تۇپراقنىڭ 1/4گە تەڭ بولغان باش ئىلى(غۇلجا) نىلا چىڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئاياق ئىلى ۋە يەتتەسۇ روسلارنىڭ قولىدا قېلىپ، بىر روس مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. روسلار ھازىر ئۇجايلارنى «سىمىرچىنىسكى» دەپ ئاتايدۇ . غۇلجا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى تارانچىلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇلارچىن ھۆكۈمىتى بىزدىن مىللىي ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن چىنلىقلار ۋە چىيەنفەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ دەپ قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرقىسىم تارانچىلار يەتتەسۇ تەرىپىگە كۆچۈپ كەتتى. بىرقىسمى قوراللىنىپ، چىنغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. كېيىنچە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، تارانچىلار بىلەن تىنچ بىرگە ئۆتۈش يولىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا بەزى ھوقۇقلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەسىلەن: تارانچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىچىدىن بىرھاكىم تەيىن قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل بولۇش، دىنى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى بېجىرىدىغانلار يەرلىك خەلقتىن بولۇش، چىنلىقلارنىڭ، تارانچى ياكى باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، غۇلجىغا چىندىن كۆچمەن كەلتۈرمەسلىك ۋە چىڭ ـ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلجىدىن يەر بېجى ۋە تىجارەت بېجىدىن باشقا باج ـ سېلىق ئالماسلىق قاتارلىق ھەقلەرنى چىن ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانىدى. بىرمەزگىلدىن كېيىن، چىنلىقلار بۇ ھەقلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تارانچىلارنىڭ بىرلىكتە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرقى ئىنقىلابقىچە مىللىي ھاكىملار ئۆزئورۇنلىرىدا قالغانىدى. غۇلجا چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە، غۇلجا پايتەخت بولدى. قەدىمكى قالماقلارنىڭ پايتەختى بولغان كۈرە شەھىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىندى. قالماقلارنىڭ قەدىمكى بىر ئىبادەتخانىسى بولغان «دا كۈرە»گە تۇتاش ئەتراپى ئىگىز ۋە مۇستەھكەم سېپىل بىلەن ئورالغان كاتتا بىرھۆكۈمەت بىناسى سېلىندى. شەھەر پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئومۇمىي ۋالىي بولغان «جاڭجۈڭ» بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلدى.

3 ـ پەسىل

## چىندە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنىڭ مۇنقەرىزبولۇش ئالدىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ھىجرى 1300ـ (مىلادى 1882ـ 1883ـ) يىلىدىن باشلاپ چىندىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ئىدارە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا مەمۇرىي ئىدارە تۈزۈمىنى يولغا قويغىلى باشلىدى. يەر(دېھقانچىلىق) بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىق بىرقىسىم ئادەتتىكى باجدىن باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىقلار كۈندىن كۈنگە ئازالدى. دىن ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا خەلققە ئەركىنلىك بېرىلدى. ئەمما، باجلار باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا بەك ئېغىرئىدى. ياقۇپ بەگ دەۋرى ۋە چىن ئىشغالىيىتى ئالدىكى تۆت يىللىق ئېغىر قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىكى ئىنتىزامسىز ۋە قانۇنسىز ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان ئالۋاڭ ـ سەيسىدىن قوتۇلغانلىقى ئۈچۈن، خەلققە بۇ قېتىمقى باجلار ئانچە ئېغىر كەلمىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ئاستىدا قالغان خەلق بىرئاز بولسىمۇ ئۆزىنى راھەتتە ھېس قىلدى.

ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىدا ئەركىنلىك بەرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ياردىمى بىلەن مىللىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر كۆپ ئېچىلدى ۋە مائارىپ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى راۋاج تاپتى. چىنلىقلار، قەدىمكى ئۇسۇلدا ۋە دىنىي ئىلىمنى ئاساس قىلغان بۇخىل مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى ئۈچۈن بىرخەۋپ ھېس قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇنىڭغا تۇسقۇنلۇق قىلمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىدىن خەلقمۇ رازى بولدى. ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئىلگىرىكى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى دەۋرىدىكى قازى ۋە مۇپتىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ، بەزى داۋالارنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە سوراشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، ئەدلىيە ئىشلىرىدا قانۇنى ھوقۇق يەنىلا چىنلىق سوتچىلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، قازىلارنىڭ رولى پەقەت ئادۋوكاتلىققا ئوخشاش بىرئىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنى، قازىنىڭ بەرگەن ھۆكۈمنى، چىنلىق سوتچى خالىسا ئەمەلدىن قالدۇرالايتتى. دېمەك، «شەرىئەت ھۆكمى» دېگەن يالغۇز بىرمىللىي ئاتالغۇ شەكلىدە بولۇپ، ئەسلى ھۆكۈم سوراۋۋاتقىنى چىن قانۇنى يەنى، «لى» ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قازى ۋە مۇپتىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ بەزى داۋالارنى «شەرىئەت ھۆكمى» بىلەن بىرتەرەپ قىلىشتىمۇ، چىنلىقلار ئۆز سىياستىگە زىيىنى يوق دەپ تونۇغان. بەلكى، بۇنىڭدا خەلقنى «بىكارغا» رازى قىلىشنى كۆزلىگەنىدى. يەنى، قازى ـ مۇپتى ھۆكۈمەتتىن بىرتىيىن مائاش ئالماي ھەتتا، چىنلىق سوتچىغا پارە بېرىپ، بىكارغا خىزمەت قىلىپ بېرەتتى. بۇلارنى چىن ھۆكۈمەت رەسمىي ھالدا خەلقنىڭ دىنى ۋە مىللىي كاتتا كىشىلىرى دەپ تونۇيتتى.

تىجارەتچىلەردىن تىجارەت بېجىدىن باشقا بىرنەرسە ئالماي ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋەتكەنلىكتىن، ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت تەرەققىي قىلىپ، سودىگەرلەر غەربىي تۈركىستان، ھىندىستان ۋە چىن تەرەپلىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلغىلى باشلىغانىدى. يۇرت ئىچىدىمۇ سودا سانائەت راۋاجلىنىپ، خەلق ئىقتىسادى يېڭىدىن جانلاندى. چىڭ ئىمپېراتورى كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئانىسى،كۇنا ئەنئەنىلەرگە رىئايە قىلىپ، بۇرۇنقى «گۇڭ» ۋە «ۋاڭ» لارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇنۋان ۋە مائاشىنى بېرىشكە بۇيرۇق قىلغان. ئۇلار بېيجىڭغا بېرىپ ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنۋانلىرى بىلەن مائاشلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە بۇ بەگلەر چىڭ خاندانىنىڭ سەممىمىي دوستلىرى بولۇپ قالدى. چىنلىق ھاكىم (ئامبان) لارنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك ئەمەلدارلار، يەنى، «بەگ»، «دوغبەگ» (چىنچە شاڭيۇي)، مىراپ (سۇ بېشى)، يۈزبېشى قاتارلىقلار بۇلاردىن تەيىن قىلىندى. قازى ۋە مۇپتى بولغان كىشلەرمۇ يۇرتنىڭ ھەقىقىي دىندار ۋە ئالىم كىشلىرىدىن بولماستىن بېشىغا يوغان سەللە يۆگىۋالىدىغان تولاراق مەنسەپپەرەست ۋە ئابرۇيپەرەست كىشلەر ئىدى.

يۇقىرىقى بەگلەر، ئەمەلدار، قازى مۇپتىلار ۋە سودىگەرلەر سىنىپى، چىنلىقلارنى ھەقىقەتەن دوست دەپ تونۇمىسىمۇ، شەخسى مەنپەئەت، تىجارەت ۋە مەنسەپلىرىنى دەپ، تىنچلىقنى ياقلايدىغان كىشلەر ئىدى. چىنگە قارشى بىر قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. خەلق ئاممىسى ئارىسىدا، يۇقىرىقى كىشلەرنىڭ دىنىي ۋە ئىقتىسادىي نۇپۇزى ۋە تەسرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھېچبىر ئىنقىلابى تەشكىلات ۋۇجۇدقا كەلمەي ئىنقىلاب قوزغالمىدى. بۇنىڭدا ياقۇپبەگ زامانىسىدىكى زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭمۇ مۇھىم تەسرى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چىندە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغىچە شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق داۋام قىلدى. لېكىن، يۇقىرىدىكى ئۇنسۇرلاردىن باشقا ئاۋام خەلق، چىن ئاسارىتى ئاستىدا ياشاشقا رازى ئەمەستى. چىنلىقلاردىن بەك نەپرەتلىنەتتى. ئەمما، چارىسىزلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن «قازاغا رىزا ـ بالاغا سەۋرى» دېمەكتىن باشقا چارىلىرى يوقتى.گەرچە، قۇمۇل، تۇرپان ئىلى ۋەكۇچادا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، ئىنقىلاب بولغان بولسىمۇ، بۇلار تېزلا باستۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇلار ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتىم يوق.

## چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتلىق پىلانى

چىننىڭ، بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياستى، بۇرۇنقىلىرىغا قارىغاندا نىسبەتەن يۇمشاق ئىدى. بۇچىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە

قانداقتۇر «شەپقەت» ۋە «مېھربانلىق» قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن دەپ خىيال قىلىنمىسۇن. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىستىلادىكى نىيىتى، بۇرۇنقى ئىستىلالاردىكىدىن يامانراق ئىدى. بۇ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، چىن مەنبەلىرىدىكى ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا يەنە بىر كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابى پارتلىمىسۇن دەپ، ۋاقىتلىق يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىن بولغانىدى. مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تۆۋەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىستىبداتلىق سىياسىتىنى ۋە بۇ سىياسەتنى ئۇ دەۋردە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى بايان قىلىمەن:

شەرقىي تۈركىستاندا چىنلىقلارنى كۆپ سانلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇمكىن بولىدىغان پۈتۈن چارىلارنى قوللىنىپ، چىندىن كۆچمەن كۆچۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى مۇمكىن قەدەر چىنگە كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى چىنللەشتۈرۈش؛ تۈركلەرنىڭ باللىرىنى چىنچە ئوقۇتۇپ، چىنچە تەربىيەلەش؛ پۈتۈن رەسمىي تىل - يېزىق چىنچە بولۇش ۋە تۈركچە تىل - يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردىكى مىللىي ۋە ئىسلامىي مائارىپنى يوقىتىپ، بۇ ئورۇنلارنى چىنچە ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرگە ئايلاندۇرۇش؛ خەلقنى چىنچە تەربىيلەش؛ شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ چىندىن باشقا مەملىكەتلەرگە ساياھەت قىلىشىنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىن ئاھالىسىدىن باشقا دۇنيا مىللەتلىرى بىلەن قىلىدىغان مىللىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ تېرىلغۇ يەر، كان ۋە سانائەت چىنلىقلارنىڭ ياكى چىنللەشكەنلارنىڭ ئىلگىدە بولۇش.

ھەممىگە ئايانكى، قۇدرەتلىك ۋە زالىم بىر دۆلەتنىڭ، كۈچسىز ۋە ئارقىدا قالغان بىردۆلەتنى يۇقىرىقىدەك ئىستىبداتلىق پىلان بىلەن يوقاتقانلىقى، تارىختا ناھايىتى ئازكۆرۈلگەن ئىشتۇر. ئەمما، چىنلىقلار يۇقىرىقى پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنى دۇنيا يۈزىدىن تامامەن يوقىتىپ، پۈتۈن يۇرتنى چىننىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولغان. بۇنىڭدىن چىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قانچىلىك يامانلىق قىلىشنى پىلانلىغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى بىرقىسىم توسقۇنلۇقلاربولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى، ئەمما، چىن ۋەسىقىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئامىللار مۇھىم تارىخى ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن:

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىندە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ نۇپۇزى كۈندىن كۈنگە كۈچلەنمەكتە ئىدى. ئىنگلىزلەر شاڭگاڭ پورتىنى، پورتىگالىيەلىكلەر ئاۋمىن پورتىنى زورلۇق بىلەن چىندىن تارتىۋالدى. ئىنگلىيە، فرانسىيە،گىرمانىيە، ئىتالىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن شاڭخەي، تيەنجىن، فۇجۇ، خاڭجۇ ۋە نەنجىڭ قاتارلىق چوڭ دېڭىز

تىجارەت پورتلىرىدىن ئۆزلىرىگە مەخسۇس «ئىمتىيازلىق رايون» ئاجرىتىپ بېرىشكە زورلىدى. ھىجرى 1304- (مىلادى 1885-) يىلى فرانسىيە ھىندىچىننى تارتىۋالدى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن، ياپونىيە كورىيىنى تالاشقىلى باشلىدى. بۇ تالاش - تارتىشلارسەۋەبى بىلەن ھىجرى 1311- (مىلادى 1893 -) يىلى چىن - ياپون ئۇرۇشى باشلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. كورىيە، ياپونىيىنىڭ نوپۇزى ئاستىدىكى رايون بولۇپ قالدى. شۇ يىلى روسلار لۈشۈن پورتىنى (پورت ئارتۇرنى) ۋە لىياۋدۇڭ ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. يەنە، شۇ يىلى، گېرمانىيە سىڭتاۋ پورتىنى، ئىنگلىيە ۋەيخەيۋېي پورتىنى تارتىۋالدى. ھىجرى 1316- (مىلادى 1898-) يىلى روسلار يەنە، مانجۇرىيەگە تۆمۈر يول سېلىپ، تۆمۈر يولنى مۇھاپىزەت قىلىمىز دەپ، مانجۇرىيەگە نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزدى ۋە بۇ باھانە بىلەن ئۇ يەرنىمۇ ئۆز تېررىتورىيىسى ئاستىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى مەركۇرچەت دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق نوپوزى ئاستىغا كىرىپ قالدى. بۇ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىمپېراتور گۇاڭشۈينىڭ بويۇنسۇنماقتىن باشقا چارىسى يوقتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ھىجرى، 1319- (مىلادى 1900-) يىلى چىندە، مانجۇ خاندانىغا مەنسۇپ «تۈەن» ئىسىملىك شاھزادىنىڭ رەھبەرلىكىدە زور بىرئىنقىلاب قوزغالدى. بۇ ئىنقىلابنى ياۋروپا تارىخچىلىرى «بوكسور قوزغىلىڭى» دەپ ئاتايدۇ. ئىمپېراتور بۇ ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلدى. نەتىجىدە ئىنقىلابچىلار بېيجىڭ شەھىرىنى ۋە ئۇ يەردىكى چەتئەل ئەلچىخانىلىرىنى قورشاۋغا ئالدى. ھىجرى 1320- (مىلادى 1901-) يىلى، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن گېرمانىيەلىك قوماندان فون ۋالدەرسى قوماندانلىقىدا چىنگە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، ئىنقىلابنى بېسىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇچەت دۆلەتلەر چىنگە تېخىمۇ چىشىنى پاتۇرۇۋالدى. شۇ يىلى روسلار مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلدى. ھىجرى 1324- (مىلادى 1904-) يىلى ياپونىيە بىلەن روسىيە، كورىيەنى تالىشىپ ئۇرۇشتى. نەتىجىدە ياپونىيە غەلىبە قىلىپ، روسلارنى بۇيەردىن ھەيدىۋەتتى. ياۋرۇپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكانىڭ بېسىمى بىلەن روسلار مانجۇرىيەنى چىنگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ بۇ يەر يەنىلا ياپون نوپۇزى ئاستىدا قالدى.

ئىمپېراتور گۇاڭشۈي ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ناھايىتى قىيىن ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ھىجرى 1309- (مىلادى 1891 -) يىلى جەنۇبىي چىندە دوكتۇر سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدا «ياش چىن» دېگەن سىياسىي پارتىيە قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائالىيەتلىرىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا يۇقىرىقىدەك پالاكەتلەر ۋە كۆتۈرەلىگۈسىز بالا- قازالار ئارقا - ئارقىدىن كەلمەكتە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن يۈرگۈزمەكچى بولغان قورقۇنچلۇق ئاسسىمىلاتسىيە پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ كۈچ - قۇدرىتى قالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىر ئاز بولسىمۇ تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى.

مانا، بۇلار چىن تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدۇر. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن يۇقىرىقىدەك پالاكەتلەردىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى خەۋەر سىز ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى(جاڭجۇڭ)، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىگە چىندىن كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن ۋە بۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىك سانىنى تەشكىل قىلغان چىنلىقلاردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىپ، بۇ يەرلەردە زور بىر ئەسكىرىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ،كۈچ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئاردا بىر يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئىستىبدات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ تۇراتتى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مىللىي ھەقلىرىنى قوغداش يولىدا قاتتىق تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، بەزىدە بىرئاز يومشاق سىياسەت قوللۇنۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ دۈشمەنىنىڭ يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىرسەۋەپ بولسا، ئەسلى سەۋەپ، بۇرۇنقى مىللىي ئىنقىلاب جەريانىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىنقىلابچىلارتەرىپىدىن قاتتىق جازالاندۇرۇلغانلىقى ئىدى.

## مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي سىياستى

ھىجرى 1326- (مىلادى 1908-) يىلى ئىمپېراتور گۇاڭشى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۈچ ياشتىكى نەۋرىسى خەنتۇڭ پۇيى ئىمپېراتور بولدى (بۇكىشى ھازىر[107] ياپونىيە ھامىيلىقىدىكى مانجۇرىيەنىڭ ئىمپېراتورى). ئىمپېراتورنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن باش مىنىستىر يۈەنشىكەي ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلماقتا ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. يۈەنشىكەي، بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل چىقاردى. بۇ قەغەز پۇلنى شەرقىي تۈركىستاندا ئاققۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقنىڭ دۇنيادا يەنە باشقا بىرمىسالى يوقتۇر. چۈنكى، بۇ پۇل پۈتۈن دۇنيادىكى قەغەز پۇللارغا ئوخشاش خەزىنە ياكى بانكىنىڭ كاپالىتى ئاساسىدىكى ھۆججەت ماھىيىتىدە ئەمەستى. بۇ قەغەز پۇلنىڭ قوللىنىلىشى پەقەت، ھۆكۈمەتنىڭ زورلۇق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرىشى بىلەن بولغانىدى. بۇنى قوبۇل قىلمىغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، ئېغىر قاماق جازاسى بېرىلەتتى ياكى ئېغىرجەرىمانە قويۇلاتتى. ھۆكۈمەت خەزىنىلىرىدە بۇ قەغەز پۇلنى، تىللا، كۈمۈش تەڭگە ياكى مىس پۇلغا تېگىشىپ بېرىدىغان ئىش يوقتى. بۇ پۇل پەقەت يېڭى بولۇش شەرتى بىلەن باج تۆلەشكىلا ئۆتەتتى. ھۆكۈمەت بۇ قەغەز پۇلنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان بىرسەر(ئون مىسقال) كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە دەپ ئېلان قىلغانىدى. چىڭ -

107 مۇئەللىپنىڭ «ھازىر» دېگىنى، 1939 - 1940 - يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ.).

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزگەن قەغەز پۇلىنىڭ ھەقىقىي سانى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىدەك مىقداردا كۆپ ئىدى.

بۇ قەغەزلەر شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى بىلەن، ھۆكۈمەت بۇ قەغەزنى ئىشلىتىش ـ ئالماشتۇرۇش بۇيرۇقى چىقاردى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە يىغىۋېلىنغان ئالتۇن كۈمۈشنى چىنگە توشۇغىلى باشلىدى. يەنە باشقا تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرى ھۆكۈمەت نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى ۋە كانچىلارنى ھەرئايدا مەجبۇرى مەلۇم مىقداردا ئالتۇن چىقىرىپ، بۇنى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھادا قەغەز پۇلغا دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. كانچىلار، بۇيىنغا ۋەزىپە قىلىپ مەجبۇرىي تېگىشلىغان ئالتۇننى كاندىن چىقىرالىسۇن ياكى چىقىرالمىسۇن، نىمە قىلسا قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئالتۇن تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ ئالتۇن سېتىۋېلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئەگەر بىرسىنىڭ ئالتۇن سېتىۋالغانلىقى سېزىلسە، ئۇنىڭ ئالتۇنى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى جازاغا تارتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدىكى بايلىق، بىرتۇتام كونا قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ئەڭ ھەرىكەتچان ئىقتىسادى جان ـ تومۇرى بولغان ئالتۇن كانلىرى ۋە كانچىلىق بەربات بولدى. كانچىلار ئىشسىز يوقسۇللارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر قەغەز پۇل چىقىپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چىندە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ قەغەز پۇللار ئۆتمەس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەسمايىسىدىن ئايرىلدى. زىيان تارتمىغان ھېچكىم قالمىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى قېتىملىق
## نوپۇس ئېنقلاش

ھىجرى 1326ـ (مىلادى 1908ـ) يىلى يۋەنشىكەي، چىڭ ئىمپېراتورلۇقى تەۋەسىدە ئومۇمىي نوپۇس تىزىملاپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پۈتۈن ۋالىيلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى. چىننىڭ ئۆزىدە نوپۇس ئېنىقلاش قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندا بۇ مۇھىم ئىش ئاجايىپ بىر تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلدى. يەنى، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئاران ئوندىن بىرى تىزىملىنىپ سانغا ئېلىنغاندى. بۇ نوپۇس ئېنىقلاش ئۇسۇلى خەلقئارادىكى نوپۇس ئېنىقلاش ئۇسۇلىغا توغرا كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. نوپۇس تىزىملاش ئىشى باشلىنىشتىن 5 ـ 6 ئاي بۇرۇن بۇنىڭ خەۋىرى ھەريەرگە تارقىلىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە بۇتوغرۇلۇق ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىر ئىشى خەلقنىڭ زىيىنىغا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆنۈپ كەتكەن خەلق، نوپۇس ئېنىقلاشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى تېخى بىلمىگەنلىكتىن، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتتى.

بۇ ئىشتا چىنلىقلارنىڭ چوقوم بىر يامان نىيىتى بار دەپ گۇمان قىلىپ، ئەندىشىگە چۈشتى. بۇرۇندىن تارتىپ چىن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ھەر بىر ھەرىكىتىدە، پەقەت چىن مەنپەئەتىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى زورلۇق - زومبولۇق بىلەن ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ پايدا - زىيىنىغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن نوپۇس ئېنىقلاش ئىشىدىنمۇ خەلقنىڭ قورقۇپ،گۇمانلىنىشى تەبىئي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، مەيلى چىنلىق ياكى يەرلىك بولسۇن، ھەممىسى پۇرسەت تاپسىلا خەلقنى قورقۇتۇپ پارە ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، نوپۇس ئېنىقلاش ۋەزىپىسى كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خادىملىرى خەلقنىڭ قورقۇپ قالغانلىقىنى ئۆز شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، «نوپۇسنى تىزىملاپ ئېنىقلاش ئىشىدا ھۆكۈمەتنىڭ يامان بىر پىلانى بار» دەپ پىتنە- ئىغۋا تارقاتقىلى باشلىغان. « پۈتۈن خەلقنى دەپتەرگە تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن، ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئىچكىرىگە (چىنگە) ئېلىپ كېتىدۇ. تىزىملانغان كىچىك بالىلارنى چىنچە مەكتەپكە ئېلىپ، پۈتۈن مىللىي ۋە دىنى مەكتەپلەرنى تاقايدۇ. تىزىمغا قاراپ ئادەم بېشىغا باج قويۇپ چوقا پۇلى ئالىدۇ» دەپ، خەلق ئىچىدە ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىك تارقاتقان. بۇ سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ھەرخىل يامان سۆزلەر قوشۇلۇپ، خەلق بۇ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن، ناھايىتى خەتەر دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەقىقىي بىر نوپۇس ساناش ئىشى ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىيەت ئىچىدە بۇ ئىش باشلاندى. ھەركىشى ساناقتىن قېچىپ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى دەپتەرگە يازدۇرماسلىق يەنى، تىزىمگە ئالدۇرماسلىقنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، نوپۇسنى ساناشقا كەلگەن ھۆكۈمەت خادىمىغا پارە بېرىپ، كەتكۈزىۋېتىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق، بۇلارغا پارە بېرىپ، بەزىلەر پۈتۈن ئائىلىسىنى، بەزىلەر ئائىلىدىكى بىرنەچچە كىشىنى دەپتەرگە تىزىملىنىش «خەتىرىدىن» دىن ئوڭايلا قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇنىڭ بىرمىسالى: مەن شۇچاغدا توققۇز ياشتا بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەنىدىم. ئوقۇش - يېزىش ساۋادىم بارئىدى. رەھمەتلىك دادام پۈتۈن ئائىلىمىزنى دەپتەرگە يازدۇرماسلىققا تىرىشتى. ئەمما، يۇرت ئىچىدە تونۇلغان بىركىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ئاز 3 - 4 كىشىنى يازدۇرماي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىزگە نوپۇس تىزىملاش ئۈچۈن كەلگەن قادىر بەگ، ئائىلىمىزدىكى جەمى ئۇن ئىككى جاندىن، دادام ۋە يەنە ئىككى كىشىنىڭلا ئىسمىنى ۋە يېشىنى دەپتەرگە يېزىپ كەتتى. يەنى، ئائىلىمىزدىكى ئون ئىككى كىشىدىن (مەن ۋە باشقا تۆت قېرىندىشىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تۇققۇزى سانالمىدى. يەنە، توغقانلىرىمىزدىن بىرھۆيلا ئىچىدىكى ئەللىك كىشى ئازغىنە پارا بېرىپلا ھەممىسى تىزىملانماي قۇتۇلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس

ساناش ئىشى ئالتە ئاي داۋام قىلغان. ھالبۇكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نوپۇس ئىنىقلاش قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندەك بىر يۇرتنىڭ نوپۇس ئېنىقلاش ئىشى 2 ـ 3 كۈندىن ئۇشۇق داۋام قىلماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىقىدەك، ئۆزەمنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىمگە ئاساسەن مەن، بۇ نوپۇس ئىنىقلاشتا شەرقىي تۈركىستان نوپوسىنىڭ %90 ى سانالمىغان دەپ ئېيتالايمەن. ئەمما، بەزى جايلاردا پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %80 نىڭ تىزىم دەپتىرىگە يېزىلمىغانلىقىدا شەك يوق. ھىجرى 1327ـ (مىلادى 1909ـ) يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نوپۇس ئىنىقلاش نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنى بىر يېرىم مىليون دەپ ئېلان قىلدى.

لېكىن 30 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلغان ياۋرۇپالىق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەخمىن قىلغان سانى بۇ ئېلاندىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نوپۇسىنى 13 مىليون، بەزىلىرى 15 مىليون دەپ تەخمىن قىلسا، يەنە بەزىلىرى 20 مىليۇن دەپ تەخمىن قىلىشماقتا.

## چىن مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەشكىلاتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي بولغان كىشى، ئىمپېراتورنىڭ ۋەكىلى ۋە ئۇرۇنباسارى ھېساپلىناتتى. يەنى، جاڭجۇڭ ( باش قوماندان) ئۇنۋانى بىلەن چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ھاكىممۇتلەق بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋاپكار ئەمەستى. جاڭجۇڭ، شەرقىي تۈركىستاننى يەتتە ۋىلايەتكە بۆلۈپ ئىدارە قىلاتتى. ۋىلايەت «تاۋ» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر بىلەن خوتەن بىر ۋىلايەت بولغانىدى. ۋىلايەت ۋالىيسى «دوتەي» ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ھاكىملاربار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكىلىرى «شەن خۋۇ»، ئىككىنچى دەرىجىدىكىلىرى «شەن» ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدىكىلىرى «جىسا» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر بىر ۋىلايەت ۋە ناھىيە مەركىزىدە«لىيمۇڭ» ئۇنۋانلىق ساقچى ئىدارە باشلىقى بار ئىدى. يۇرتنىڭ پۈتۈن مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ھوقۇق تامامەن دوتەي ۋە ھاكىملارنىڭ قولىدا ئىدى.

ئەسكىرىي جەھەتتە، جاڭجۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچىسىنى فۇتەي، ئارمىيە قوماندانىنى تىتەي، پولك قوماندانىنى جىڭتەي، مىڭبېشىنى شېتەي دەپ، ئاتايتتى. بۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار« تۇڭلۇڭ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇششاق ئەسكىرىي خادىملار«فوگەن»، «سۆڭگەن» دەپ، ئاتىلاتتى.

يوقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەمۇرىي ۋە ئەسكىرىي مەنسەپتارلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەست

چىنلىقلاردىن تەيىن قىلىناتتى. يەرلىك مۇسۇلمان تۈركلەر ۋە چىنلىق مۇسۇلمان «تۇڭگان» لار بۇ مەنسەپلەرگە قەتئىي تەيىنلەنمەيتتى. شەھەرنىڭ تىشىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ بېگى ۋە مىراپلىرىغىچە يەرلىك تۈركلەردىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە، خەلق ئىچىدە مۆتىۋەر دىنىي پېشىۋا سۈپىتىدىكى مۇپتى ۋە قازىلار بار ئىدى. قانۇنىي جەھەتتە بۇلارنىڭ بىر ھوقۇقى يوقتى. مەيلى مەمۇرىي ياكى ھەربىي مىنسەپدارلار بولسۇن، ھەممىسى بىسىم ئىشلىتىپ خەلقنى ئېزىش ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىق توپلاشنىلا بىلەتتى. بۇلارنىڭ خەلققە قىلغان زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلىرىنى ھېچكىم سورمايتتى. بۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، جاڭجۇڭغا ئەرز بەرگەن كىشىگە، ئۆلگىچە تاياق ياكى تۈرمە جازاسى بېرىلەتتى.

4 ـ پەسىل

## چىن جۇمهۇرىيىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان

ھىجرى 1330ـ ( مىلادى 1911ـ) يىلى«ياش چىن» پارتىيىسى غەلىبە قىلىپ، چىندە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى يىقىلدى ۋە جۇمهۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. جۇمهۇرىيەتنىڭ چىنگە پايدىسى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. ئەمما، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا زىياندىن باشقا بىرنەرسە ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر. جۇمهۇرىيەتنىڭ داھىسى سۇڭ جۇڭشەننىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا قوللانغان سىياستى، ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكىدىن پەرقسىز بىر يامان نىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. يەنە بىرتەرەپتىن، جۇمهۇرىيەت ئېلان قىلىنىپ، ئىككى يىل ئۆتمەستىن، چىن جۇمهۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئومۇمىي ۋالىيسى(جاڭجۇڭى) مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇستەبىدلىكى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇنقى ھەرقانداق زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىدلىكىدىن يامانراق بولدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن، بىشىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈمىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىدە، ھىس قىلغۇدەك بىر پەرق بولمىدى. پەقەت، بىرقانچە ئاتالغۇلار، ئىسىملار ۋە رەسىملەر يەڭگۈشلەندى، خالاس. بۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمەن. چىن جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئاتىسى سۇڭ جۇڭشەننىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلماقچى بولغان سىياسى پىلانى ۋە بۇنى ئىجرا قىلالماسلىقىدىكى سەۋەپلەر ھەققىدە، چىندىن خۇسۇسى يول بىلەن ئالغان مەلۇماتىمىزغا قارىغاندا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

(1) ـ چىندىن قايسى يول بىلەن بولمىسۇن كۆپ ساندا كۆچمەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ۋىلايەتلىرىگە يەرلەشتۈرۈش.

(2) ئومۇمەن، شەرقىي تۈركىستاندا مەكتەپ يېشىدىكى باللارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرەن چىنچە مەكتەپلەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى چىنچە تەربىيەلەش. پۈتۈن مىللىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى ھۆكۈمەت

قولىغا ئېلىپ، چىنچە مەكتەپكە ئۆزگەرتىش. شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ۋەخپىلەرنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىپ، بۇ ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىنى، چىنچە مەكتەپلەرگە خىراجەت قىلىش.

(3) بۇرۇنقى، «تىل - يېزىق رەسمىي چىنچە بولىدۇ» دېگەن قانۇنغا، مائارىپ تىل - يېزىقىمۇ پۈتۈنلەي چىنچە بولىدۇ، دېگەن ماددىنى قوشۇش.

(4) جۇمھۇرىيەت قانۇنىغا ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەربىر ۋىلايىتى بىردىن ۋەكىلنى چىن پارلامېنتىغا ئەۋەتىش. ئۈرۈمچىدە بىر ۋىلايەت مەجلىسى تەشكىللى قۇرۇپ چىقىپ، بۇنىڭغا ھەر بىر ناھىيىدىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش. ھەر ئىككى ئورۇن ئۈچۈن سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنىڭ چىنچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىشنى شەرت قىلىش.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ پىلاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنىڭ پۈرىغىمۇ يوق. بۇ پىلاندىن مەقسەد، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلىلەشتۈرۈش، بۇمەملىكەتنى چىنىنىڭ بىرمۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. بۇ پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمتىيازى كۈچلىنىپ، يەرلىك خەلق بۇنىڭغا قارشى چىقمىغان تەقدىردىلا مۇمكىن بولاتتى. لېكىن، ئىككى يىل ئىچىدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمتى شەرقىي تۈركىستاندا ئانچە ئىمتىيازغا ئىگە بولالمىدى ۋە خەلقمۇخېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاڭجۇڭ مەركەزنى ئېتىراپ قىلماي شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل ئىدارە قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پىلانىنىڭ بىرقىسمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلار - باشلىمايلا سۇغا چىلاشتى. بىرقىسمى كۆرنۈۋشتە ئىجرا قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يوق ھېساپتا ئىدى.

چىن ھۆكۈمتى بۇ پىلانىنىڭ بىرىنچى ماددىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مىڭگو(جۇمھۇرىيەت) نىڭ 1- يىلى،گەنسۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىسيان چىقارغان بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈك تۇڭگانلارنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىپ، قاراشەھەر ئەتراپىغا ۋە شەرققە يەرلەشتۈرۈپ، ئۇ جايلاردىكى قالماقلارنىڭ كەڭ يەر - زېمىن ۋە ئۆي ۋاقلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، بۇ كۆچمەنلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. لېكىن،كېيىنچە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن بۇخىل كەڭ كۆلەمدىكى كۆچمەن كۆچۈرۈپ چىقىش ئىشلىرى توختىغان.

جۆمھۇرىيەتنىڭ 2 - يىلى مەزكۇر پىلانىڭ 2 - ماددىسىنى ئىجرا قىلىپ، شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەردە چىن ئۇسۇلى بويىچە مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلارغا مەخسۇس ئەمەلدارلار ئەۋەتىلگەن. بۇلار ھاكىم، ئامبانلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەرلىك خەلققە ئالۋاڭ سېلىپ، ياغاچ - تاش يىغىپ مەكتەپ سالدى ۋە خەلققە، بالىلىرىنى بۇمەكتەپلەرگە ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلغىلى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئىچىدە ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق ۋە نەپرەت قوزغالدى. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بالىلىرىنى ئۈچرىغان يەردە زورلۇق بىلەن مەكتەپكە تۇتقىلى باشلىدى. بەگ، قازى - مۇپتى ۋە يۈز بېشىلارنىڭ

ھەربىرسىگە ئۈندىن يۈزگىچە بالىنى مەكتەپكە تۇتۇپ بېرىش ۋەزىپە قىلىنغان. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغانلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بەزىلىرى تورمىغا تاشلانغان ۋە يا ئېغىر جەرىمانە قويۇلغان. دەسلەپتە، بۇ كىشىلەر مەنسەپلىرىدىن ئاجراپ كېتىش ياكى جازاغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا بىرئاز كىرىشكەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ جىددى قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئامالسىز قالغان. ئاخىرى خەلق بۇنىڭغا ياخشى بىرچارە تاپقان. ئەمەلدالارغا پارە بېرىپ، بالىلىرىنى مەكتەپتىن قۇتقۇزۇشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بىر سودا ئىشىغا ئايلىنىپ، ئەمەلدارلارغا پۇل بەرگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى قويۇۋەتكەن. پۇل بەرمىگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە تۇتۇپ بېرىپ، شەھەرلەردە 5 ـ4 تىن، يېزىلاردا بىردىن مەكتەپنى بالا بىلەن تۇشقۇزالىغان. ئەمما، ئازساندىكى بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئىككى زور قىينچىلىققا ئۇچرىدى. بىرىنچىسى، مەكتەپلەرنىڭ چىقىملىرى دەسلەپتە، ۋەخپىلەردىن تەمىن قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە خەلقنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن بۇ ئىش قىينىلاشتى. ئىككىنچىسى، يېتەرلىك ساندا ئوقۇتقۇچى يوقتى. يۇقىرىقى سەۋەپلەر بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىن بولمىغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاقىلىپ، ئازراق بىرقىسمىلا قالغان. بۇ مەكتەپلەردە بىر ھەرپ چاغلىق ئىلىم ئۆگىتىلمىگەن. چۈنكى، بۇمەكتەپلەرنىڭ دەرس پروگراممىسى، پەقەت، ئوقۇغۇچىلارغا چىنچە تىل ـ يېزىقنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى چىن تەبئەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە، بۇ مەكتەپلەر تاقىلىپ، شەھەرلەردە 1 ـ 2 دىن چىنچە مەكتەپ قالدى. بۇلارغا سەككىز يىللىق مۇددەت بىلەن 20 ـ 30 ئوقۇغۇچى ئېلىپ، چىنچە تىل ۋە يېزىق ئۆگىتىپ، تىلماچ ۋەكاتىپ يېتىشتۈرىدىغان بولدى.

ھۆكۈمەتنىڭ، چىن پارلامېنتىغا ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنماي، جۇمھۇرىيەتنىڭ 5 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋەكىل ئەۋەتىلدى. ئۇرۇمچىدىمۇ شۇ يىلى، بىر مەجلىس تەشكىلى قۇرۇلدى. بۇنى، «شەرقىي تۈركىستاندا ۋەكىل سايلىمى» دېگەن بۆلۈمدە بايان قىلىمەن.

## شەرقىي تۈركىستاندا «ئىككى يېرىم» ھۆكۈمەت

چىننىڭ ئىمپېراتورلۇق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ چىندىكى ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلىرى دۇنياغا ئايان بولغان بىرھەقىقەتتۇر. لېكىن، شەرقىي تۈركىستاندا، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ، روس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پۇقرالىرى ئىگە بولغان ئىمتىياز كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك

دەرىجىدە ئالاھىدە ئىدى[108]. ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھامىيلىقىدىكى مەملىكەتلەردىمۇ بۇلار مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىمتىياز دەۋرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى زىيالىيلىرى «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت دەۋرى» دەپ ئاتىغان. يەنى، بىرھۆكۈمەت روس كونسۇلوسلۇقىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچى ھۆكۈمەت، ئوخشاش دەرىجىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئىنگلىز مۇئاۋىن كونسۇلۇسلۇقىنى ۋە يېرىم ھۆكۈمەت - چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ۋالىيسىنىڭ چارىسىز ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە، بۇ بىرئاز مۇبالىغە قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ئىككى چەت دۆلەت ئەلچىسىگە بېرىلگەن ئىمتىياز ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى بولغانلىقتىن ئەمەلىيەتكە يېقىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ كونسۇللەر، چىن قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقئارا قانۇننىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. روس كونسۇلخانىسى يېنىدا، روسلارنىڭ قوراللىق پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە توپچى قىسمى با ر ئىدى. ئىنگلىز كونسۇلخانىسىدا ئەسكەر بولمىسىمۇ، ئادەملىرى كۆپ ۋە ھوقۇقى روس كونسۇلى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى. بۇ كونسۇللارنىڭ سۆزىنى، جاڭجۇڭ ۋە دوتەي (ۋالىي) لەر رەت قىلالمايتتى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە،كونسۇللار ئۇلارنىڭ سۆزىنى خالىغان ۋاقىتتا رەت قىلاتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردە بۇكونسۇللەرنىڭ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان، «ئاقساقال» ئۇنۋانىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق كىشىلىرى بارئىدى. بۇ ئاقساقاللار ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەر ئامبانلىرىدىنمۇ ئۈستۈن نوپۇزغا ئىگە ئىدى.كونسۇللەر ۋە ئاقساقاللەر، شەرقىي تۈركىستانلىق كىشلەردىن خالىغىنىنى ئۆز پۇقرالىقىغا ئېلىپ، پۇقرالىق گۇۋانامىسى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. روس ۋە ئىنگلىز پوقرالىرىنىڭ داۋالىرىنى ئۆزكونسۇل ۋە ئاقساقاللىرى سوراپ، ھەل قىلاتتى. چىن ئەدلىيە ئورۇنلىرى بۇلارنىڭ داۋاسىغا ئارىلىشالمايتتى. ئەگەر، بىرشەرقىي تۈركىستانلىق بىلەن روس ياكى ئىنگلىز پۇقراسى داۋالىشىپ قالسا، بۇنى كونسۇل ياكى ئاقساقال سوراپ، ئۆز پۇقراسىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر، بۇنداق بىر داۋا، ئامبان ياكى قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، چەت ئەللىكنىڭ تەرەپىنى تۇتۇپ، بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن،كونسۇل ياكى ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى تىجارەت بېجى تۆلىمەيتتى ياكى يېرىم باج تۆلەيتتى. دوتەي ۋە ئامبانلار ،كونسۇل ۋە ئاقساقاللارنىڭ تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر، قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ ئاھانىتىگە ئۇچرايتتى ۋە يۇقىرىغا شىكايەت قىلىپ، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايتتى. روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى زېمىن ۋە ئىمارەت سېتىۋېلىشتا ئەركىن ئىدى. يەرلىك خەلققە زىيان يەتكۈزسىمۇ، بۇنى ھېچكىم سورىمايتتى. يېزىدا بولسا روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى دېھقانچىلىق

108 خەلق، روس پۇقراسىنى «گارازدان»، ئىنگلىز پۇقراسىنى «پەرەڭ پۇقراسى» دەپ ئاتايتتى(ن. ش. ھ.).

بېجىدىن باشقا ئالۋاڭ - سېلىق تۆلىمەيتتى. خەلقنىڭ زىرائەتلىرى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە ۋە باغلىرىغا سۇ بېرىلەتتى. روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى يەرلىك خەلقنى ئېزىش، ھاقارەت قىلىش ۋە ئۇرۇپ - تىللاشتىمۇ ئەركىن ئىدى. خەلقنىڭ داد - پەريادىنى ئاڭلايدىغان كىشى يوقتى. ھۆكۈمەتكە باج تۆلەشنى ئېغىر كۆرگەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جازادىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىگەن، زىرائىتى سۇسىز قىلىپ، چارىسىز قالغان ياكى بىر يۇرتدىشىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى قەست قىلغان كىشى، دەرھال روس ۋە ئىنگلىز ئاقساقىلىغا بىرئاز پۇل بەرسە، پوقرالىق گۇۋانامىسى ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى خالىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولاتتى.

روس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرىنىڭ بۇنداق چەكسىز ھوقۇق ۋە ھەقسىز ئىمتىيازلىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، روس ئىمپېراتورلۇقى يىقىلدى ۋە شەرقىي تۈركستاندىكى روس كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. روسىيەدە بولشېۋىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركستاندىكى روس گاراژدانلىقىغا ئۆتكەنلەر، دوتەي ۋە ئامبانلارغا پارە بېرىپ، قايتا جىن پوقرالىقىغا ئۆتتى. ئۇندىن كېيىن، ھۆكۈمەت، شەرقىي تۈركستاندىكى ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ خەلقئارا قانۇندىن تاشقىرى باشقا ئىمتىيازلىرىنى ئاستا - ئاستا قالدۇرۇپ، ئۆز پوقرالىرىنىڭ داۋالىرىنىلا بىرتەرەپ قىلىشقا يول قويدى. ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كىچىكلەپ، ئۇلار كونسۇلخانىنىڭ ئادەتتىكى خەۋەرچى خادىملىرى دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت» نىڭ «ئىككىسى» يىقىلىپ، «يېرىمى» پۈتۈنلەندى.

## قاراسپەچلىكلەر جەمئىيىتى(گېلاۋخوي)

چىندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركستاندىكى ئەسكەرلىرىنى زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەپ، ئىنتىزامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بۇخۇسۇستا تەلىم ئالغان «ياڭ» فامىلىلىك بىر ئوفىتسېرنى مىڭبېشىلىق ئۇنۋان بىلەن شەرقىي تۈركستانغا ئەۋەتتى. ياڭ، ئىلىغا كېلىپ بىر يىل ئىچىدە كۆرەدىكى مەركەزدە ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، يېڭى نىزامغا كىرگۈزدى ۋە يېڭى قورال ئەكەلدۇرۇپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇردى.كېيىنچە ئۆز ۋەزىپىسىدىن باشقا مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىلى تۇردى ۋەجاڭجۇڭنى ئىشقا باشلاپ، خېلى تەسىر پەيدا قىلدى. ھەممە يەردە «ياڭ تۇڭلوڭ» نىڭ گەپ - سۆزى قىلىنىدىغان بولدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركستانغا يۈەن داخۇ ئىسىملىك يېڭى بىرجاڭجۈڭ كەلدى.گەرچە يۈەن داخۇ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كەلگەن كىشى بولسىمۇ، شەرقىي تۈركستانغا كېلىپلا جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، چىڭ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدىكى شەكىلدە ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى.كونىلىق تەرەپتارلىرىنى يېنىغا توپلاپ، ئۇلارنى ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا ئىشقا قويدى. ئاغزىدا مەركەزگە تەۋە دىسىمۇ،

ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، ھەرقانداق يېڭىلىققا قارشى چىققىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ۋە يۈەن داخۇ ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولدى. ياڭ زېڭشىن بىر كېچىدە جاڭجۇڭ يامۇن (ئوردا) غا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلدى.جاڭجۇڭ يۈەن داخۇ بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇل ئارقىلىق قاچقانچە چىنگە كەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ھۆكۈمىتى ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كونىلىق تەرەپتارلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىنغا قارشى چىقتى. غولجا ۋىلايىتىدىن باشقا ۋىلايەتتىكىلەر ئۈرۈمچىدىكى فۇتەي (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەتچى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى) بىلەن بىرلىشىپ، ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى جىڭ دېگەن يەردە ئالتى ئاي ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن مەغلۇپ بولۇپ بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن مۇزات ئارقىلىق قەشقەرگە قاچتى. بۇئارىدا ياڭ زېڭشىن، كونىلىق تەرەپتارلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىقلاردىن ئۆزىگە خېلى كۆپ تەرەپتار پەيدا قىلغانىدى. بۇلار بىلەن بەزى شەھەرلەردە مەخپىي ۋە بەزى شەھەرلەردە ئاشكارە ھالدا تەشكىلات قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ جەمئىيەتكە گېلاۋخۇي (ئىلغار قېرىنداشلار جەمئىيىتى) دەپ نام بېرىلگەن. بۇجەمئىيەتنىڭ ئالامىتى، ئەزا بولغانلار بېشىغا قارا بۆز يۆگۈۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇلارنى « قاراسىپەچىلىكلەر» يەنى، قارا سەللىلىكلەر دەپ ئاتايتتى. قاراسىپەچىلىكلەر بارغانسېرى كۈچىنىپ، ئالتى شەھەردىكى بەزى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى ۋە بەزى شەھەرلەردىكى دوتەي ۋە ئامبانلار بىلەن تېركىشىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى شەرقىي تۈركىستاندا جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويۇش ۋە كونىلىق تەرەپتارلىرىنى ھۆكۈمەت بېشىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئالتى شەھەردىكى قاراسىپەچىلىكلەر بۇ تەشكىلاتنى يامان غەرەزلىرى ئۈچۈن قوللاندى. جەمئىيەتتىكى ئوغرى - قىمارۋاز لارنى يېنىغا يىغىۋېلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى يوق، بىتەرەپ بايلارنىڭمۇ مال - مۈلكىنى بولاپ - تالاپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزدى. دائىم قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈپ خەلقنى قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ تەشكىلاتقا يېقىن كەلمەي بۇنىڭغا بۇلاڭچىلار تەشكىلاتى دەپ، نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغانىدى. ھىجرى 1333- (مىلادى 1914-) يىلى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن مەغلۇپ بولدى ۋە ئىلىدىن قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، تەرەپتار توپلاپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تېرىشقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدىن ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە تاقابىل تۇرالماي، پەرغانىغا قېچىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر شەھەردىكى قاراسىپەچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان يەنە، كونىلىق تەرەپتارى بولغان چىنلىق مۇستەبىدلەرنىڭ قولىدا قالدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئويغىنىش

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا يېيىلغان غەپلەت، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ھىجرىنىڭ 1321ـ (مىلادى 1903ـ) يىللىرىغىچە خېلى ئېغىر ھالدا داۋام قىلماقتا ئىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە تەلىم ـ تەربىيە كونا ئەنئەنە بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. زاماننىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىشى لازىم بولغان ئىسلاھاتلاردىن ئەسەرمۇ يوقتى. ئۆلىمالار ۋە باشقا سىنىپتىكىلەر كونا ئەنئەننى، مۇقەددەس ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىرمەزھەپ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئىسلامنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ زامانىمىزغىچە، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدا مىڭلارچە ئىسلاھات ۋە ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەرگەن تارىخ ۋە سەۋەپلەرنى ئەسلەيدىغانلار بەك ئاز ئىدى. دۇنيادا باشقا مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىلمدە، سەنئەتتە ۋە باشقا ساھەلەردە ئىنتايىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. بەزى كاج ئادەملەر، شەرقىي تۈركىستاندا بۇخىل تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ھەر قانداق بىركونىلىقنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ئىماندىن ئايرىلىش دەپ قارايدىغان، ھەرقانداق بىر يېڭىلىقتىن نەپرەتلىنىپ ، ئۇنى ئىسلامغا خىلاپ ۋە ئىنسانىيەتكە زىيانلىق دەپ قارايدىغان، ئىلمسىزلىكنى، چارىسىزلىكنى، ھۇرۇنلۇق ۋە زىللەتنى كامال دەپ تونۇيدىغان بىرمىللەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە سائادەتكە ئېرىششى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەممىسىنى مۇنداق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۆلىمالار ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ئالىجاناپ، ئۇستۇن قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر كىشىلەرمۇ ئاز ـ تولا بار ئىدى. بۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرىدىن ھەر ئىشتا ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇمىللەتنىڭ كۈندىن كۈنگە بەختسىزلىككە قاراپ كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنماقتا ۋە دەرتلىرىنى يۇشۇرماي، بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇرتۇلۇشنىڭ يولىنى ئېزدىمەكتە ئىدى.

ئاخىرى بۇ مۇنەۋۋەرلىرىمىزدىن قەشقەرلىك شېھىد ئابدۇلقادىر دامۇللام، ھىجرى 1325ـ (مىلادى 1907ـ) يىلى ئەتراپىدا تۈركىيە، مىسىر ۋە شام قاتارلىق مەملىكەتلەردە بىرتەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەن. ئىسلاھاتنىڭ ئۇسۇللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ كېلىپ، قەشقەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇچۇن، تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدا كىتاپ ھازىرلىغان. ئۆنىڭدىن كېيىن، يۇرتتىكى چەت ئەلنى كۆرۈپ كەلگەن ۋە يېڭىچە مائارىپقا كۆڭۈل بەرگەن سودىگەرلەرگە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاپ باستۇرۇپ، قەشقەر شەھەر ئىچىدە «مەتلەئىل ھىدايەت» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشنى ئابدۇلقادىر دامۇللام ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتۇش، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپاندا ئارقا ـ ئارقىدىن

بىردىن زامانىۋىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بەزىسىدە تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان ئەھمەد كامال(ئىلقۇل) بەگ ۋە ئىسمائىل ھەققى بەگ قاتارلىق مۇئەللىملەر دەرس بەرگەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىنى خەلق قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، بالىلىرىنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن بۇ مەكتەپلەرگە بەردى. خەلق ئىچىدىن بۇخىل زامانىۋىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ھېچبىر قارشىلىق چىقمىدى. ئەڭ مۇتەئەسسىپ ئەنئەنىچىلەرمۇ دەسلەپتە، بۇنىڭغا رازى بولۇشتى. مانا شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان بالىلىرى توغرا يولدا تەربىيىلىنىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى تەربىيە ئۇسۇلىدىن مەكتەب بالىلىرى پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەزى ئىلغار ئىدىيەدىكى چوڭلارمۇ پايدىلانغان. ئۇلار، تۈركىيەدىن كەلگەن مۇئەللىملەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە پايدىلىق ئىشلاردىن مەلۇمات ئېلىپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ تۆرتكىسى بىلەن كەمتۈك بولمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە بىر ئويغۇنۇش ۋە يېڭىچە پىكىرقىلىش ھەرىكىتى تۇغۇلدى. ھەر يەردە ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇسۇللار توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىنىدىغان بولدى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سائادەتتىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى سادالار يۈكسەلگىلى باشلىدى. يۇرتتىكى نۇپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ، خەلقنى ئىسلاھاتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىغا نارازىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىسلاھات تەرەپتارلىرى مەكتەپلەرنى كۆپەيتتى ۋە نەشرىيات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قەشقەر ۋە غولجا شەھىرىدە بىردىن مەتبە قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي جەمئىيەتلەر قۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ھەرىكىتىنمۇ باشلىدى. بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ بەزى ۋەقەلىرىنى ئەھمەد كامال ئىلقۇل «چىن ۋە تۈركىستان يوللىرىدىكى ئۇنۇتۇلماس خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلى يازىدۇ[109]. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا قەدەر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىغا ئۇچرىماي داۋام قىلدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت گېلاۋخۇيغا (قاراسپەچلىكلەرگە) قارشى كۆرەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. لېكىن، چىنلىقلار بۇ مىللىي ھەرىكەتكە يامان كۆزى بىلەن قاراپ، بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋپلىك دەپ گۇمان قىلاتتى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك قاراسپەچلىكلەر قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ، كونىلىق تەرەپتارى چىنلىقلار ھوقۇقنى قولغا ئالغاندى. بۇ چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى باشلانغۇچ ھالىتىدە يوقىتىشنى پىلانلىدى. يۇرت ئىچىدىكى بەزى ئۆلىما ۋە سودىگەرلەر، يېڭى پىكىر ۋە ئويغۇنۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن قورقۇپ، كونا ئەنئەنىنى ياقلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىدىن بەك خۇش بولۇپ

109 ئەھمەد كامال ئىلقۇلنىڭ بۇ ئەسەرىنى، دوكتۇر يۈسۈپ گىدىكلى ئوسمانلى تۈركچىسىدىكى قولىيازمىسىغا ئاساسەن رەتلەپ، 1997 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشرقىلدى (ن. ش. ھ.)
("Tűrkistan ve Çin Yollarında Unutulmayan Hatıralar"1997İstanbul. Ötűken Neşriyat A.Ş )

كېتىشتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان چىن ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن جاسارەتلىنىپ، ھىجرى 1333- (مىلادى 1914-) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى، تۈركىيىدىن كەلگەن مۇئەللىملەرنى ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ مەكتەبلەردە تەربىيىلىنىۋاتقان پاكىزە روھلۇق باللارنىڭ تولىسىنى زورلۇق بىلەن چىنچە مەكتەبلەرگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. يېڭى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە قاتناشقان ياكى ھىمايە قىلغان كىشىلەرنى قاماققا ئالدى ۋە ھەرخىل جازاغا تارتتى. مەتبەلەرنىڭ بەزىلىرىنى چېقىپ، بۇزۇۋەتتى بەزىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ يېڭى قەدەم تاشلىغان ئويغۇنۇش ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن توختىتىلدى ۋە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرسائادەت يولىدىن مەھرۇم قىلىندى. لېكىن، « ئويغانغاننى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس» دېگەن سۆز بار. گەرچە، چىنلىقلار زامانىۋىي مەكتەبلىرىمىزنى ۋە مەتبەلىرىمىزنى يوقىتىپ، ئاغزىمىزنى ئېتىپ قويۇش ئۇچۇن قوللىرىدىن كەلگەن پۈتۈن زورلۇقلارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئويغۇنۇش ھېسسىياتىمىزنى ۋە تەپەككۇرىمىزنى ھېچ يوقىتالمىدى. مانا، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، سائادەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈردۇق! نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرىكىدە چىنگە يۇشۇرۇن، ئەمما، كۈچلۈك بىردۈشمەنلىك ھىسسى ۋە نەپرەت ئۇرۇنلاشتى. ئەپسۇسكى، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇستەبىتلىكى ۋە زالىملىقى تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى داۋاملىق ئارقىدا قالماقتا.

ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئويلاپ قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى يالغۇز چىنىنىڭ ئىستىبداتى ۋە زۇلمىدىن دەپ باھا بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، چىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 3000 يىللىق دۈشمىنى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھالاكىتىگە ئۇنىڭ ھېچ پەرۋاقىلماسلىقى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش ئۇچۇن، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى يۇقىرىدا تەكرارلاپ ئۆتتۇق. چىن، بۇ قىلمىشلىرىنى ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ،كەلگۈسىدىمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىرئاز ئەقلى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ. مۇمكىن بولمايدىغان بىرئىشنى «مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىپ، «چىن ھۆكۈمىتى بىزنىڭ دوستىمىز» دېسەكمۇ بۇ ئېغىزدىكى گەپ، خالاس. چۈنكى، چىن ئۆزى دۇنيادا ئارقىدا قالغان بىرمىللەت. ئۇنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتقا ئېھتىياجى بار. لېكىن، بۇنىڭغا كۈچ - قۇدرىتى يەتمەيدۇ. مۇشۇ ھالەتتىكى چىن، شەرقىي تۈركىستانغا قانداق ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ بەلكى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇكۈنلەرگە قېلىشىدىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئائىتتۇر. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى، ئۇ مىللەتنىڭ تەبىئىي

ئېھتىياجى بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئۆزى زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم. بۇ تەبىئىي ئېھتىياج ۋە ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، ھەردائىم تەييار تۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق بالا - مۇسىبەت ئالدىدا بىرلىك - بەراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق كۆرسىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مىللەتنىڭ بوينىدىكى مۇقەددەس بىر پەرزدۇر.

## مۇھاكىمە

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلدىمۇ ؟ ئەپسۇسكى، ياق! گەرچە، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە پاراۋانلىقىنى دەپ بولسىمۇ بىرقىسىم باشلانغۇچ خاراكتېردىكى بەزى كۈرەشلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئازراق بىر توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەندە كۈرەشنى تاشلاپ قويۇپ، كۆڭلىدە ئېچىنىپ ئازاپلانسىمۇ باشقا ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولمىدى!

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكىنىڭ سەۋەبى: شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇزۇندىن بېرى چىن ئىشغالىيەتچىلىرى قولىدا سىياسى جەھەتتىن ئەسىرلىكتە قالدى. ئۇندىن باشقا ئۆز ئىچىدىمۇ پىكىر ۋە ۋىجدان ئەسىرلىكىدە ياشىدى. مۇشۇنداق بىرقاتار تارىخى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھەتتا، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر مىللەت ھالىغا كېلىپ قالغانىدى. قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىدىن قالغان تۈركلۈك ئەنئەنىسى يوقىلىپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بولغان ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىسلام ئۈچۈن، جېنىنى مېلىنى پىدا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مىللەتنىڭ قۇرقۇنچاق ۋە ئاجىز نۇپۇزلۇق رەھبەرلىرى خەلقنى كۈرەش قىلىشتىن مەنئى قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھېچبىر پىداكارلىق كۆرسەتمەي، مېھنەتسىز، جاپاسىز، مۇت قولغا كېلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادەتىنى كۈتۈپ يېتىشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بېشىغا كەلگەن ھەر پالاكەتكە«قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» دەپ، بۇيۇن ئىگىشتەك ئاجىزچۇشەنچە بىلەن ياشىدى. ئەجەبا، بۇنداق بىرمىللەت ئىچىدىن چىققان تەجرىبىسىز ۋە ياردەمچىسىز ئاز ساندىكى ۋەتەنپەرۋەر مۇنەۋۋەرلەرنىڭ، مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگىدەك بىر پائالىيەت كۆرسىتەلىشى مۇمكىن مىدى؟ تېخى بىر تەرتىپ - ئىنتىزامغا كىرمىگەن، باشلانغۇچ ھالەتتىكى ئويغۇنۇش ھەرىكىتى مىللەتنى قۇتقۇزۇشتا يېتەرلىك مىدى؟ ئازغىنە بېسىم ۋە زۇلۇمنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى تاشلاپ، دۈشمەنگە بوي ئەگكەنلەرنىڭ ئاجىز ئوزرىخالىقلىرى ئەقىل ئالدىدا ماقۇل كۆرۈلەتتىمۇ ؟!

مىنىڭ بىلىشىمچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتىۋالغان

بىرقىسىم ئىلغار زاتلارنىڭ، ھەمدە تولاراقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى يالغۇز ئاغزىنىڭ ئۇچىچىدىلا دەپ قويغان قۇرۇق شۇئار ، خالاس. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە زاتلار بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە مىللىي ياكى دىنىي جەھەتتە ئانچە تەسىرى ۋە پۇلىمۇ يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاجىز قالدى. ئەكسىچە، بۇلارغا قارشى بولغان سەپتە، ھۆكۈمەت قوللايدىغان ۋە دىنىي نۇپۇزى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي كۈچى خېلى كۈچلۈك قالاق ئۇنسۇرلار بار ئىدى. 1600000 كۋادىرات كىلومېتىرلىق كەڭرى زېمىنغا ۋە 15000000 دىن ئۇشۇق نوپۇسقا ئىگە بىرمەملىكەت خەلقىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرھەرىكەتنى ئازساندىكى زاتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ خەلقنى يېتەكلەپ، ھۆكۈمەت ۋە مىللەت ئىچىدىكى نۇپۇزلۇقلاردىن ئىبارەت دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىكى« مەن ۋەتەنپەرۋەر» دېگەن زاتلار ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، پىكىر ۋە كۈچ جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خالىس نىيەت ۋە پىداكارلىق روھى بىلەن بۇ يولدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، قارشىدىكى دۈشمەنلەرنى يېڭىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر، مىسىر، سۇرىيە ۋە پەلەستىن ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىكى مىللىي كۈرەش روھى، تىرىشچانلىق ۋە بىرلىكنىڭ ئوندىن بىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە بولسا ئىدى، يوقىرىدا ئېيتقان مىللىي ئويغۇنۇش كۈنلىرىدە شەرقىي تۈركىستان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن بولاتتى! چۈنكى، ئۇچاغدا ئۆزىنى ئىدارە قىلالماي ئاجىزلىشىپ قالغان چىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرھەقىقىي بىر مىللىي كۈرەش ۋە بىرلىككە تەڭ كېلەلمەيتتى. لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئوتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ھالقىلىق پەيتتە ناھايىتى ئېغىر ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە قالغانىدى. يۇرت كاتتىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز دۈشمەنىنىڭ زورلۇق ۋە تەھدىدى ئالدىدا، غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمۈپ بىخۇتلىشىپ كەتكەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ زورلۇق ۋە تەھدىتلەر، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ پەلەستىن خەلقىگە قىلغان زورلۇق ۋە تەھدىتلىرىنىڭ مىليوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھازىرقى پالاكەت ۋە مۇسىبەتنىڭ يېگانە سەۋەبى مىللەتنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى، غەيرەتسىزلىگى ۋە غاپىللىقىدۇر.

ئەي ئەزىز مىللەت! ئۆتمۈشلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ غەيرەت ۋە پىداكارلىقىغا قاراڭلار. ئۇ ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىق، غاپىللىق، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە غەيرەتسىزلىق ئەيىپلىرىڭلارنى تاشلاڭلار! سىلەرمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىنسان ئەمەسمۇ؟ ئىنساندەك ياشاشقا تىرىشىڭلار!

## شەرقىي تۈركىستاندا چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ نۇپۇزىنىڭ يوقىلىشى

قارا سىپەچىلىكلەر قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى «جاڭجۇڭلۇق» تالىشىپ، بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بىرقانچە داۋام ئاي قىلغان تىركىشىشلەردىن كېيىن، ياڭزېڭشىن ئىسىملىك بىر ئەسكىرىي ئەمەلدار تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلدى ۋە ئۆزىنى جاڭجۈڭ ئېلان قىلدى. ياڭزېڭشىننىڭ تەرەپتارلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈرۈمچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۈرۈمچىنى پايتەخت قىلدى.

ئۇ كۈنلەردە چىندە كۆپ ئىسيان چىقىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىغىدەك ھالى قالمىغاندى. ياڭزېڭشىن بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن جاڭجۇڭلۇقنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ شەرت بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى نامىدا ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئابروينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ياڭزېڭشىننىڭ جاڭجۇڭلۇقنى شەرتسىز تەستىقلىدى. ئىلىدىكى چىنلىقلار ياڭزېڭشىنغا قارشى بىرقانچە قېتىم توپىلاڭ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭزېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىر چىنلىقنى ھەربىي باشلىق تەيىنلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىنىڭ مەركىزى بولغان كۈرەدە تۇرغۇزدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، (مىلادى 1914- 1918- يىللىرى) چىنىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى ۋە گومىنداڭ پارتىيەسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچى پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۈرەش باشلىنىشى نەتىجىسىدە چىن ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. ياڭزېڭشىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچبىر بۇيرۇقىغا بويسۇنماي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى مۇستەبىتلىك تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلغىلى باشلىدى. كېيىنچە، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىدارىي باشقۇرۇش شەكلىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسىمۇ بۇلاركۆز بوياشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستى. بۇ ۋەزىيەت ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگىچە داۋام قىلدى. ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇرنىغا ئۇنىڭدىن يامانراق مۇستەبىت ۋە ئۇچىغا چىققان خائىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمدار بولدى. بۇ ۋەزىيەت 1931 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي ئىنقىلابقىچە داۋام قىلدى.

## ياڭزېڭشىننىڭ سىياستى

ياڭزېڭشىن، ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدە چىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىم ۋە ۋالىيلىق مەنسەپلەردە بولغان ناھايىتى مۇستەبىت ۋە ئاچكۆز بىرئادەم ئىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا زالىملىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، يۇرتنىڭ ئىقتىسادىنى بولاپ ـ تالاپ، مىلادى 1911- يىلدىن 1928 ـ يىلىغىچە

ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. تۆۋەندە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىدارە قىلىش شەكلى ۋە مەركەز بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان مەدەنىي مىللەتلەر بىلەن سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ يوقلىقىنى ۋە يېڭى پىكىردىكى كىشىلەرنىڭمۇ بەك ئازلىقىنى بىلىپ، بۇمىللەتكە يالغۇز دىنىي ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا ئەركىنلىك بېرىپ، بەزى جەھەتلەردە بىرئاز يول قويىسىلارازى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن پەردە ئارقىسىدا خەلقنى ئۆزى خالىغىنىچە ئىدارە قىلىپ كېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭزېڭشىن دەسلەپتە، خەلقنى پۈتۈن دىنىي ئىشلىرىدا ئەركىن قويۇۋەتكەن. يەنى، پۈتۈن دىنىي مەكتەپلەر، مەدرىسلەر، مەسجىد خانىقالار ۋە ۋەخپىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھېچ ئارىلاشماسلىق، كونا ئۇسۇلدىكى ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش بىلەنمۇ كارى بولماسلىق ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. قازى ۋە مۇپتىلارنى يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى دەپ، رەسمەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئەرز - داتلىرىنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە سوراپ بىرتەرەپ قىلىدۇ دەپ، بۇيرۇق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئامبان ۋە دوتەي قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى بۇزالمايدىغان بولدى. يەنە بىرتەرەپتىن تىجارەتنى ئەركىن قويۇۋەتتى. ھەركىم بەلگىلەنگەن باجنى تۆلىسىلا، نەگە بېرىپ، قانداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇندىن باشقا ياڭزېڭشىن، بەزىدە «يۇرت بولسا مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ يۇرتى. ئازسانلىق چىنلىقلارنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى يوق» دېگەن قۇرۇق شۇئارنىمۇ چىقىرىپ قوياتتى. ئەمما، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا تۈركلەرنى ھەرگىز يېقىن يولاتمىغانىدى. پەقەت، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقتا يەرلىك ۋە چىنلىقلار بەراۋەر بولۇش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. ياڭزېڭشىن، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان «ۋاڭ» ۋە «گۇڭ» لۇق مەنسەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان ۋە دەرىجىلىرىنى رەسمەن ئېلان قىلدى. ئۇلارنى بەزى مەمۇرىي ۋە ھەربىي خىزمەتكە تەيىنلەش بىلەن قالغان مۇئاشلىرىنىمۇ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. چىنچە مەكتەپتە ئوقۇپ، تىل ۋە يېزىق ئۆگەنگەنلەرنى تۆۋەن دەرىجىدىكى مەمۇرىي كادىر ھېساۋىدا ئازراق مۇئاش بېرىپ ئىشلەتتى.

يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق ئاخۇنلىرى، باي ۋە بەگلىرى ياڭزېڭشىننىڭ بۇ سىياسىتىدىن بەك رازى بولۇشتى. چىن ھۆكۈمرانلىرىدىن، بوچاققىچە بۇنداق «كەڭچىلىك» نى كۆرمىگەن بۇكىشىلەر، ئۇنى سەممىي بىر ئىسلام ھىمايىچىسى ۋە ئىنساپلىق ھۆكۈمدار دەپ قارىدى. ئەمما، بىرقىسىم زىيالىلار ياڭزېڭشىننىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ، پەقەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكى، مىللەت ئۈچۈن، ئاقىبەتتە چوڭ بىرخەۋپ ئىكەنلىكىنى سەزگەن ۋە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە

كىرىشكەنىدى. لېكىن، بۇ زىيالىلار سان جەھەتتە ئاز، ماددىي ۋە مەنىۋىي كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقىدىن ئۆز پىكىرلىرىنى خەلققە ئاڭلىتىشتا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەت ۋە يۇرتىنىڭ نۇپۇزلۇق مەنپەئەتپەرەسلىرى داۋاملىق ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنداق پىكىرنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى. ئاۋام خەلق ئېغىرئالۋاڭ ـ سېلىقتىن ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە بەگلەرنىڭ كۆتۈرەلىگۈسىز زۇلۇم ۋە ئېزىشلىرىدىن قاتتىق ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، شىكايەت قىلىش ھەقلىرى يوقتى. دېمەك، ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «چىقىشىپ تۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللانغانىدى.

ياڭزېڭشىن، چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنىۋىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئېغىزدا بويسۇندى. مەركەزنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ئۆز ھەۋەس ۋە ئارزۇلىرىغا زىت كەلمەيدىغانلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە بەزىدە جۇمھۇرىيەت مۇراسىملىرىنىمۇ ئىجرا قىلىپ تۇردى. چۈنكى، چىن جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولغانلىقنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇچاغدا رەسمەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا توغرى كېلەتتى ۋە مۇستەقىللىقنى قوغداش ئۈچۈن، ئەسكىرىي كۈچ كېرەك ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىق ياشلارنىڭ سانى يېتەرلىك بىر ئەسكىرىي كۈچ تопلاشقا يەتمەيتتى. تۈركلەردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىش خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ قولىغا قورال چىققان ھامان، ئۇلارنىڭ قورالنى ياڭزېڭشىنغا قارشى ئىشلىتىپ، چىن بويۇنتۇرۇقىنى پاچاقلاپ تاشلىشىدا شۈبھىسى يوقتى. ياڭزېڭشىننىڭ مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى بىلەن يانچۇقىنى توشقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا كۆپ ئەسكەر ئېلىپ، چىقىمنى كۆپەيتىش ئۇنىڭ پىلانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ياڭزېڭشىن مەركەزدىن كەلگەن مىڭلارچە بۇيرۇقتىن ئاران شۇ ئۈچ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. (1) چىن پارلامېنتىگە ۋەكىل ئەۋەتىش. (2) شەرقىي تۈركىستاندا بىركېڭەش مەجلىسى ئېچىش.(3) سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە فابرىكا قۇرۇش. ئەمما، بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسى يەنە ياڭزېڭشىننىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىش ماھىيىتىدە بولغانلىقىنى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىمۇ ياڭزېڭشىننىڭ كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ شۇنچىلىك ئىتائەت قىلىپ تۇرغانلىقىغا رازى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ياڭزېڭشىننىڭ مۇستەقىل ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىن تامامەن ئۇزاقلاشقان دېكتاتۇر بولۇپ، جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئىكەنلىكى ئاشكارا بىلىنىپ تۇرسىمۇ، چىن دۆلىتىنىڭ ئېتىبارىنى ساقلاپ قېلىش يەنى، قانداق بولسا بولسۇن، شەرقىي تۈركىستاننى بىر چىن مۇستەملىكىسى ماھىيىتىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ياڭزېڭشىننىڭ دىكتاتورلۇقىنى ۋە مەركەزگە بويۇن ئەگمىگەنلىكىنى كۆرمەسلىككە سالماقتا ئىدى. قىسقىسى، ياڭزېڭشىننىڭ ئاچكۆزلۈكىگە ۋە چىن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇق ئابرويپەرەست سىياسىتىگە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى قۇربان قىلىنماقتا ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا سايلام

چىن جۇمهۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، جۇمهۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ياڭزېڭشىنغا ھەر ۋىلايەتتىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ، چىن پارلامېنتىغا ئەۋەتىش ۋە ھەربىر ناھىيەدىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ، ئۈرۈمچىگە ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىگە ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرۇپ، بۇيرۇق چۈشۈردى. تۆۋەندە، پارلامېنت ۋەكېڭەش مەجلىسىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مۆھتەرەم كىتابخانلارغا بىرئاز مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمەن:

شەرقىي تۈركىستاندەك مۇستەملىكە بولغان بىر مەملىكەتتىن چىننىڭ مەركىزىدىكى پارلامېنتىغا (گومىنداڭخۇيغا) ئەۋەتىلىدىغان يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە خەلقلەر تەرىپىدىن ئەركىن ھالدا سايلاپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭغا جاڭجۇڭ ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق. سايلىنىپ چىققان كىشىنى جاڭجۇڭ، مەركەزگە تونۇشتۇرۇپ، ئەۋەتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن پارلامېنتىدىكى ۋەكىللىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەپ، مىللەتنىڭ تىلەكلىرىنى پارلامېنتقا سۇنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق سىياسەت ۋە پائالىيەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقنى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلىدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاشمۇ يوقىرىقىدەك. بۇ مەجلىسنىڭ ۋەزىپىسى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىدارىي، مالىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ چىقىش ۋەجاڭجۇڭنىڭ بۇ قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقىنى ياكى خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.جاڭجۇڭ بۇ قانۇنلارغا خىلاپ ئىش ئېلىپ بارغان بولسا، ئۇنى كېڭەش مەجلىسى تۈزۈپ چىققان قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلاش ياكى مەركەزگە شىكايەت قىلىپ، ئۆنى مەنسۇپىدىن ئېلىپ تاشلاش. بۇلارجۇمهۇرىيەت قۇرۇشنىڭ مەقسىدى بولغان دېموكراتىيە( خەلق ئىرادىسى) يولغا قويۇلغان مەملىكەتلەردە مۇستەملىكە قىلىنغان مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان قانۇن بولۇپ، پارلامېنت ۋەكېڭەش مەجلىسلىرىنىڭ پايدىسى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىن چىن پارلامېنتىغا ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش ۋە ئۈرۈمچىدە كېڭەش مەجلىسىنى چاقىرىشتا، مەيلى چىن مەركىزى ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى ياڭزېڭشىن بولسۇن، مەقسەتلىرى، شەرقىي تۈركىستاندا يوقىرىقىدەك خەلقئارادىكى دېموكراتىك پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش بولماي، بەلكى، خەلقئارادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا كۆرنۈشتە بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەتنى

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئىچىدە چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە تەۋە دەپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ياڭزېڭشىن بۇنىڭدا ئۆزىگە زىيانلىق بىرتەرىپىنى كۆرمىدى ۋە مەركەزنىڭ بۇ يولىيۇرۇقىنى ئۆزىگە پايدىلىق شەكىلدە ئىجرا قىلدى.

مانا بۇ، مەسىلىنىڭ ئىچكى يۈزى. مەركىزى ھۆكۈمەت، ياڭزېڭشىننىڭ بۇ يولىيورۇقىنى ماقۇللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىجرا قىلىشتىكى پۈتۈن ئىشلارنى ياڭزېڭشىننىڭ ئىختىيارىغا قويدى. سايلامنى كۆزىتىش ئۈچۈن مەركەزدىن ھەيئەتمۇ ئەۋەتمىدى.

بۇمەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىدىن خەۋىرى بولمىغان مىللىتىمىزگە، سايلام قانۇنى، ۋەكىللىكنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى بىلدۈرۈلمىدى. خەلقىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭزېڭشىن، چىننى ياخشى كۆرۈش بىلەن نامى چىققان، مەنسەپ ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن ۋەتەنىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ساتىدىغان كىشىلەرنى ئۆزى تاللاپ چىقىپ، يۇرتنىڭ بىرقىسىم بايلىرى ۋە بەگلىرىگە ئىمزا قويدۇرۇپ، ئۆزى قۇراشتۇرۇپ چىققان بىر تىزىملىكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇتىزىملىكتە ئىسمى بار« ۋەكىل» لەرگە پۈتۈن خىزمەتلىرىدە ئونىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنى جاكىلىدى. «مەركەزدە مېنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە ئىش قىلساڭلا، قايتىپ كەلگەندە چوڭ مەنسەپ بېرىمەن» دەپ، ئۇلارنى چىنگە يوللىدى. خەلق ئۇلارنى ھېچ تونۇمايتتى، چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ئەمەس ياڭزېڭشىننىڭ ۋەكىللىرى ئىدى ۋە مەركەز دىمۇ ياڭزېڭشىن ئۈچۈن ئىشلىدى. چىن پارلامېنتىغا بارغان بۇ ۋەكىللەردىن ئاقسۇ ۋەكىلى كۇچالىق ئابدۇللابەگ بىلەن 1930- يىلى كۇچادا كۆرۈشۈپ، ۋەكىللەرنىڭ چىن پارلا مېنتىدا قىلغان خىزمەتلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنىدىم. تۆۋەندە بۇ سۆھبەتنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىتىمەن.

ئابدۇللابەگنىڭ ئۇكۇنلەردە، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ماڭا توغرىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە بارغان ۋەكىللەر ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىغە قىلچىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ياڭزېڭشىننىڭ بىزگە بەرگەن تەلىماتى، پارلامېنتتا ياڭزېڭشىننىڭ يۇرتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ماختاپ، « ياڭزېڭشىندىن خەلقىمىز بەكمۇرازى» دەپ، ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەشۋىق ئېلىپ بېرىش ۋە مەركەز نىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى ھەر قانداق تەشەببۇس ۋە پىلانىنى ۋاختىدا ياڭزېڭشىنغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ۋە ياڭزېڭشىننىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولمىغان پىلان ۋە لايىھىنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىرقېتىم چىن ھۆكۈمىتى پارلامېنتتا شەرقىي تۈركىستانغا تۆمۈر يولى سېلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پىلاننى ياڭزېڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىگە خەۋپلىك دەپ ھېساپلىغانلىقتىن، بىزئۇنى خىلى تەسلىكتە رەت قىلدۇق. يەنە بىرقېتىمدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە بەزى ھەربىي ئورۇنلىرىدا تۈركلەرگە ۋەزىپە بېرىش توغرىسىدا بىر قانۇن تەكلىپى بېرىلگەنىدى. بۇنىڭدىن چىن ھۆكۈمىتىنىڭ

مەقسىدى، ياڭزېڭشىن بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ماجىرا پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ كونتىرولى ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. پارلامېنتتىكى، بىز شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستانلىق خەلق ئىچىدە يۇرتىنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قابىلىيىتى بار كىشىلەر يوق، ھەمدە، خەلق مۇختارىيەتنى خالىمايدۇ. ياڭزېڭشىن ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىشىدىن، تىنچ ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن خەلقىمىز بەكمۇ رازى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنى ئاڭلىغان باشقا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، قاقاخلىشىپ كۈلۈشتى ۋە مەسخىرە قىلىپ چاۋاك چالدى.

مانا بۇلار، چىن پارلامېنتىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىپتىلما «ۋەكىل» لىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىدىكى ۋەكىللەرنىمۇ ھېچبىر زامان مىللەت سايلاپ چىقماستىن، ياڭزېڭشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوتەي ۋە ئامبانلار ئۆز تەۋەلىكىدىن بىردىن كىشىنى بەلگىلەپ، يۇرتىنىڭ بەزى سودىگەرلىرىنى، بەگلەرنى ۋە كىشىلەرنى يامۇن (ھۆكۈمەت ئىدارىسى) غا چاقىرىپ، تىزىملىكنى تەگلەپ، « بۇلار ۋەكىل سايلاندى، ئىمزا قويۇڭلار» دەپ ئىمزا قۇيغۇزغان. بۇ كىشىلەر تولاراق تىجارەت ياكى باشقا ئىشلار بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان كىشىلەردىن تاللىناتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ، ھۆكۈمەت بېشىدىكى جاڭجۇڭنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىلىرىدىن خەۋىرى يوقتى. خەلقئارا پارلامېنت تۈزۈمىنى ۋە دېمۇكراتىك يول بىلەن قانۇن چىقىرىشنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇخىل ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان كىشىلەرئىدى. گەرچە، بۇنى ئۇلارغا بىلدۈرش ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئۇلارغا بۇلاردىن سۆز ئېچىپمۇ قويمىغانىدى. قىسقىسى، بۇ ۋەكىللەرنىڭ ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوقتى، پەقەت ياڭزېڭشىن بۇلارنى ئىككى ئايدا بىرقېتىم چاقىرتىپ مەنىسىز ۋە مەنتىقسىز نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۆزىنى ئالقىشلىغىلى سالاتتى ۋە ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان « مەركەزگە يوللىنىدىغان دوكلات» لارغا ئىمزا قويدۇراتتى. بۇ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان «دېموكراتىيەلىك كېڭەش» تىن ئەسەر بولمىغان بىر مۇراسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ياڭزېڭشىنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا فابرىكا ۋە سىمسىز تېلېگراف

چىن جۇمھۇرىيەتى ھۆكۈمىتى، دۆلەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تىجارىي شىركەتلىرى ۋە زامانىۋىي سانائەت قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغاندا، ياڭزېڭشىنغا، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ مىللىي تىجارىي شىركەتلىرى ۋە زامانىۋىي سانائەت فابرىكىلىرى قۇرۇش ھەققىدە بىر

قانچە قېتىم يولىيۇرۇق بەرگەن بولسىمۇ، ياڭزېڭشىن بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى زامانىۋىي خەۋەرلىشىش ۋە سانائەتنىڭ يوقلىقىدىن نارازى ئىدى. ياڭزېڭشىن مەركەزنىڭ تەكرارسۈيلىشى ۋە جامائەت پىكرى ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، 1925- يىلى بىر تىجارەت شىركىتى قۇردى ۋە پۈرتشكى پۈتۈن تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ شىركەتكە دەسمايە سېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شىركەت بىر مىللىي شىركەت بولماستىن ياڭزېڭشىننىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىدىكى بىرخۇسۇسى شىركەت بولۇپ قۇرۇلدى. شۇڭا، بەزى كاپىتال ئىگىلىرى دەسمايىلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئالۋاڭغا بەرگەندەك بېرىپ، شىرىك بولدى. تىجارەتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى دەسمايىلىرىنىڭ كېيىنچە ياڭزېڭشىن ۋە باشقا چىنلىقلارنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، دەسمايە قوشۇشتىن قاچتى. بۇنى سەزگەن ياڭزېڭشىن، هاكىملارغا بۇيرۇق قىلىپ، پۈتۈن تىجارەتچىلەرنىڭ دەسمايىسىنىڭ هەممىسىنى، بەزىلەردىن يېرىمىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ، شىركەتكە قاتتى. بۇ مەبلەغ بىلەن ئۈرۈمچىدە 80 ئۇرچۇقلۇق بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى. بۇ فابرىكا چىنلىق ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى ئۈچۈن ئەستەرلىك خام خەسە ئىشلەپ چىقاردى. بۇ فابرىكا بىۋاستە هۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپ چىققان مەهسۇلاتنىمۇ هۆكۈمەت ئىشلەتكەنلىكتىن، شىركەتكە پاي قوشقان تىجارەتچىلەرنىڭ دەسمايىسى، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك يوق بولۇپ كەتتى.

مەركىزىي هۆكۈمەت، شەرقىي تۈركىستاننىڭ هەممە ۋىلايەتلىرىدە بىردىن سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇغانىدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن زامانىۋىي خەۋەرلىشىش ۋاستىسى ۋۇجۇتقا كېلەتتى. لېكىن، ياڭزېڭشىن بۇنىڭغا هەرخىل باهانە - سەۋەپ كۆرسىتىپ، قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەزىنىسىدىن بۇئىشقا كۆپ مىقداردا ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ دىتىگە ياقمايتتى. ئاخىرى، مەركىزىي هۆكۈمەت، 1926 - يىلى بۇ ئىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل، ئەسۋاپ ئۈسكۈنە ۋە تېخنىك خادىملىرىنى بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر دىن ئىبارەت ئىككى يەردە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇردى.

## ياڭزېڭشىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قىلغان خىيانەتلىرى

ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېڭىچە مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن قولىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ مۇهىم بىر ئاملى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ۋەكونالىقنى ياقلايدىغان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، هەرقانداق مەدەنىيەت هەرىكىتى، ئۇسۇلى ۋە يېڭى تېخنىكا مەهسۇلاتلىرىغا قارشى چىقىپ، ئۇنى قولىدىن كەلگىنىچە قارىلاپ، يامان كۆرسىتىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە توسقۇنلۇق قىلغانىدى. ئۇ هۆكۈمدار

بولۇشىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىدىن ئېچىلغان مەكتەپلەرنى تاقىۋەتكەنلىكى ۋە مەتبەلەرنى چېقىۋەتكەنلىكى يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. ياڭزىڭشىننىڭ بۇ قىلمىشلىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەپ بولغان دەپ، پىكىر بەرگەنلەرنى «كومموُنىست» دەپ بوھتان چاپلاپ، ئۆلتۈرگەن ياكى مۇددەتسىز قاماققا ئالغان. شەرقىي تۈركىستاندا گېزىت چىقىرىشنى مەنئى قىلىپلا قالماستىن چەت ئەلدىن ھەرقانداق گېزىت - ژۇرنالنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەن. يۇرت ئىچىدىكى ياكى چەت ئەلدىن پوچتا ئارقىلىق كەلگەن خەت - چەكلەرنى داۋاملىق سانسۇر قىلغان. ياشلارنى ئوقۇش ئۈچۈن، چەتكە ئەۋەتىشنى « دۆلەتكە خىيانەت قىلىش» دەپ قارىغان. يوشۇرۇنچە بېرىپ كەلگەنلەرنى قاتتىق جازالىغان. چەت ئەلدە زامانىۋىي پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىپ كەلگەن مىللىي زىيالىلىرىمىزنىڭ ياڭزىڭشىن تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، قامالغانلىقى ياكى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ھەممىگە ئايان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزخەلقى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەشەببۇسلىرىنى ياڭزىڭشىن مانا مۇشۇنداق يوللار بىلەن بوغۇپ تاشلىغان.

چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، شەرقىي تۈركىستاندا، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ئىدارە شەكلىنى يولغا قويۇش، مائارىپنى مىللىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەر قۇرۇش، تاش يول ياساش، كۆۋرۈك ياساش ۋە تۆمۈريول سېلىش قاتارلىق يۇرت ۋە خەلقىنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بۇيرۇقلىرىنى ھېچ ئورۇندىمىدى. بۇ ئىشلار يولغا قويۇلسا، ياڭزىڭشىننىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىك ۋە يانچۇقىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەركەزگە مۇنداق دەپ يازغان: «خەلق بىلىمسىز بولغانلىقتىن يېڭىلىققا قارشى چىقتى. بۇ ئىشلارنى زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دېسەك، خەلقنىڭ قوزغىلاڭ چىقىرىشىغا سەۋەپ بولىدۇ» ۋە « بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يۇرتنىڭ ئىقتىسادى يېتىشمەيدۇ». قىسقىسى، ياڭ زىڭشىن، پەقەت، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ھېرىسمەنلىكى، مۇتەئەسسىپ ۋەكونلىقنى ياقلايدىغان مەپكۇرىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، زامانىۋىي مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىغان بۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ ئەقەللى مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان مەكتەپ ۋە مەتبەدىن مەھرۇم قىلىپ، ھېچقانداق بىر مەدەنىي ھەقتىن بەھرىمەن بولۇشقا يول قويماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئارقا قاتارىغا ئىتتىرىپ قويدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن يىغىۋالغان ياڭزىڭشىن (بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن)، خەلق ئۈچۈن مەدەنىيەت ئەسرىدە ئەڭ مۇھىم بولغان قاتناش يولى، كۆۋرۈك، تېلىفون، مەكتەپ، دوختۇرخانە قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر يارماق پۇل سەرپ قىلمىدى. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىمۇ ۋە ئەھمىيەتسىز نوقتىلىرىدىكى جايلاردىمۇ مەۋجۇد بولغان بۇ مەدەنىيەت نېمەتلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان

بىر زالىم دىكتاتۇر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغانىدى. بىرمىللەتنى قۇللۇق ئاستىدا تۇتقاننى ئاز دەپ ئۇنى، بۇنداق بەختسىزلىك قاراڭغۇلۇقىغا تاشلاشتىنمۇ يامانراق خىيانەت بۇلامدۇ؟

ياڭزىڭشىن، شەرقىي تۈركىستاندا «كاپالىتى» بولمىغان بىرخىل قەغەز پۇل چىقاردى. بۇ قەغەز پۇل دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ياكى دۆلەت بانكىسىنىڭ «كاپالەت ـ ھۆججىتى» ماھىيىتىدە ئەمەستى. بۇ پەقەت، خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ئىبارەت ئىقتىسادىي بايلىقنى ياڭزىڭشىننىڭ يانچۇقىغا توپلاش ۋاستىسى ماھىيىتىدە ئىدى. بۇ قەغەز پۇلنى مەجبۇرى بۇيرۇق بىلەن ئېلىم ـ سېتىمدا خەجلەتتى. بۇقەغەزنى ئالمايمەن، كۈمۈش تەڭگە ئالىمەن دېگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بىرىلىدۇ دەپ قورقۇتتى. ھۆكۈمەت بۇ قەغەز پۇلنى يېڭى بولۇش شەرتى بىلەن باج ـ سېلىق ئۈچۈنلا ئالاتتى. ئەمما، قەغەز پۇلنى ھۆكۈمەت بانكىسىدىن تىللا ياكى كۈمۈش تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ بەرمەيتتى. ھەتتا، كونىسىنى يېڭىسىغا يەڭگۈشلەپ بېرىشمۇ يوقتى. بۇ قەغەز پۇلنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشىغا قاراپ، بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق بىلگىلى بولىدۇ. بۇئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) سىڭجاڭ (ئومۇمىي ۋالىيسى) سەيجىڭ تىڭ (مالىيە نازارىتى) لارنىڭ ھۆكمى، ئۇشبۇ خىنە(ھۆكۈمەت) چىقارغان تىزە(قەغەز پۇل) نىڭ ھەر بىرىنى تۆت يۈز داچەن (يارماق)، بىرسەر شاڭفىن(قۇيۇلغان) كۈمۈشكە پۇقرالار ئىچىدە خەجلەيدۇ ۋە باج سېلىققا تەخىر قىلماستىن ئالىدۇ. مۇبادا يالغان تىزە چىقارسا ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن، دەپ، چىقارغان ھۆكۈم. مىڭگوي (جۇمھۇرىيەت) نىڭ .... نىچى يىلى ... نىچى ئاينىڭ ..... كۈنى».

مانا، بۇ يول بىلەن ياڭزىڭشىن، يوقسۇل خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنى كەستى. قەغەز پۇل چىققاندىن باشلاپ، ياڭزىڭشىن خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەتلىك تاشلارنى قەغەز پۇلغا سېتىۋالغىلى باشلىدى. خەلق ئېھتىيات قىلىپ، ساتمىغان ئالتۇنلىرىنى بازارغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە ئىشلەتتى. مەسىلەن، ياڭزىڭشىن ئۆز خەزىنىسىدىن بىر مىقدار ئالتۇن چىقىرىپ ساتقان. بۇنى كۆرگەن خەلق ئالتۇن باھاسى چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ئالتۇن ساتقىلى باشلىغان. بازاردا ئالتۇن كۆپەيگەن زامان ياڭزىڭشىن، شەھەر ـ شەھەردە ئادەم قويۇپ ئالتۇن سېتىۋالغان. نەتىجىدە، ئۆزى چىقىرىپ ساتقان ئالتۇندىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ ئالتۇن يىغىۋالغان. بۇ ئەھۋال بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، خەلق بۇھىيلىگە ئالدانمايدىغان بولغان ۋە ئالتۇن سېتىپ بېرىش ئازالغان. ياڭزىڭشىن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ نەرقىنى ئاشۇرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سېتىۋالغانلىقىدىن قەغەز پۇل پاخاللاشتى. دەسلەپتە، بىردانىسى بىرسەر كۈمۈش قىممىتىدە چىقىرىلغان مەزكۇر قەغەز پۇل بارغانسېرى پاخاللىشىپ، تۆت دانىسى بىرسەركۈمۈشكە چۈشۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، خەلقنىڭ بايلىق دەسمايىسى بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ 90% ى ياڭزىڭشىننىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە خەلقنىڭ قولىدا بىر دۆۋە يىرتىق قەغەز قالدى.

بۇلاردىن باشقا ياڭزېڭشىن خەلقنىڭ تىجارەتتىن تاپقان پايدىلىرىدىنمۇ يانچۇقىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن يەنە بىر خىيانەت يولىنى كەشپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن چىقارغان قەغەز پۇل شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ۋىلايەتلىرىدە ئوخشاش ئۆتەتتى. خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ھىندىستان ماللىرىنى سودىگەرلەر ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئاپىرىپ ساتقانىدى. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم تىجارىتى ھېساپلىناتتى. ئۇ تەرەپلەردىن خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مال تۈرلىرى بەك ئاز بولغانلىقتىن سودىگەرلەر مال ساتقان تىزە پۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇنىڭغا مال ئېلىپ، يەنە باشقا جايلارغا قاتنايتتى. ياڭزېڭشىن، قەشقەر ۋە خوتەندە ئۆتىدىغان باشقا قەغەز پۇل چىقىرىپ، بۇرۇن چىقىرىلغان پۇلنى بۇ ئىككى ۋىلايەتتە ئۆتمەس قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىجارىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. بۇ ئىككى ۋىلايەت ئۈچۈن مەخسۇس چىقىرىلغان قەغەز پۇلمۇ بىرسەر كۆمۈش تەڭگىگە تەڭ ئىدى. ئەمما، سودىگەرلەر شەرق ۋىلايەتلىرىدە ماللىرىنى شۇ ۋىلايەتلەرنىڭ پۇلىغا سېتىشقا مەجبۇر ئىدى. لېكىن، بۇ پۇل قەشقەر ۋە خوتەندە ئۆتمىگەنلىكتىن ئۇ پۇل بىلەن بۇ يەردىن مال سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەستى. سودىگەرلەر قەغەز پۇلنىڭ ھەممە ۋىلايەتلەردە ئوخشاش ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. ياڭزېڭشىن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە سودىگەرلەرگە، قوللىرىدىكى شەرق ۋىلايەتلىرىدە ئۆتىدىغان پۇللىرىنى ئۈرۈمچى خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭغا قەشقەر ۋە خوتەن خەزىنىسىدىن شۇ يەردە ئۆتىدىغان پۇل ئېلىشنى بۇيرۇدى. سودىگەرلەر بۇ ھىلىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۇزۇن يولدا تاغالاپ تىزە پۇلنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن قۇرتۇلىدىغان بولدۇق دەپ خوش بولۇپ كېتىشتى. كېيىنچە بۇ «خۇيىچەن» يەنى، پۇل ھاۋالە(پېرېۋوت) قىلىش بىر تىجارەت شەكلىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىدە پۇلنى خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئالىدىغانلاردىن، ياڭزېڭشىن 20% ھاۋالە ھەققى ئېلىشنى يولغا قويىدى ۋە بۇنى ھەر يىلى ئاشۇرۇپ، 80% گە چىقاردى. يەنى، ئۈرۈمچىدە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە يۈز قەغەز پۇل خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر ياكى خوتەن خەزىنىسىدىن ئالغان كىشىنىڭ قولىغا ئاران يىگىرمە قەغەز پۇل تېگەتتى. ئوتتۇرىدىكى ھەددى ـ ھېساپسىز تاپاۋەتنىڭ ھەممىسى ياڭزېڭشىننىڭ خۇسۇسى بايلىقى ھېساۋىغا قوشۇلاتتى. سودىگەرلەر بۇسەۋەپ بىلەن تارتقان زىيانلىرىنى مالنىڭ نەرقىغا قوندۇرۇپ ساتسىمۇ يەنە 50% ـ 60% زىيان تارتقان. نەتىجىدە، ئەسلى زىيان تارتقۇچى خېرىدارلار، ئاۋام خەلق بولدى. خوتەن، چەرچەن ۋە ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىنى ئۆزى دەسمايە سېلىپ ئىشلىتىۋاتقان يەرلىك كانچىلارنىڭ ھەممىسىگە ياڭزېڭشىن، ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا ئالتۇننى بازار نەرقىدىن كۆپ تۆۋەن باھادا قەغەز پۇلغا ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. كاندىن ھەر ئايدا دېگەن مىقدار ئالتۇن چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، بەگلەر زورلۇق بىلەن (تاياق ۋە قاماققا ئېلىش يولى

بىلەن) كانچىدىن ئېلىپ، ياڭزىڭشىنغا تاپشۇراتتى. كۆپلىگەن كانچىلار بۇ سەۋەپتىن پۈتۈن دەسمايىسىدىن ھەتتا ئۆي ـ ۋاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. كانچىلار زىيان تارتىپ، كانچىلىقنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ رۇخسەت قىلماي، كاندا مەجبۇرى ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، ئالتۇن كانچىلىق كەسپى تامامەن بىر ئىزدا توختاپ قالغان. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى، تىجارەت بېجى، قولسانائەت مەھسۇلاتى بېجى ۋە ئىچكى ـ تاشقى تىجارەت باجلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ۋە ئېغىر بولسىمۇ، ياڭزىڭشىن بۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى ئۆستۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۇتتۇرىدىكى ئۆستۈرۈلگەن مىقدار مەركەزگە مەلۇم قىلىنماي ھەممىسى ياڭزىڭشىننىڭ خۇسۇسى بايلىقىغا قوشۇلاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ديھقانچىلىق، سانائەت ۋە تىجارىتى پۈتۈنلەي كونا ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، مىللەتنىڭ دېھقىنى، قولسانائەتچىسى، تىجارەتچىسى مىسلىسىز مېھنەت ـ مۇشەققەت ۋە جىقىم بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئازراق پايدىسى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىكىر ھىيلە ـ مىكىر ۋە زۇلۇم بىلەن تارتىۋېلىندى. ياڭزىڭشىن شەرقىي تۈركىستاندىن توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئوغۇرلۇقچە چىندىكى چەت ئەل بانكالىرىغا يۆتكىگەن. چىندە ئىمارەت ۋە زېمىن ئېلىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ باي «مىليونېر» لىرى قاتارىغا ئۆتكەن.

## ياڭزىڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

ياڭزىڭشىن، ھىجرى 1348ـ (مىلادى 1928ـ) يىلى تاشقى ئىشلار نازىرى پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چەتئەللىك مۇخبىرلار ياڭزىڭشىن، يېڭى مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات تەرەپتارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى دەپ يازغان. بۇ توغرا ئەمەس. پەن ياۋنەن ناھايىتى موتەئەسسىپ ۋە كونىلىقنى ياقلايدىغان ياڭزىڭشىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغانلىقتىن ئۇنى تاشقى ئىشلار نازىرى ۋە ئۆزىگە خۇسۇسى مەسلىھەتچى قىلغانىدى. شۇنداقلا، پەن ياۋنەن، ئەشەددى تۈرك ۋە مۇسۇلمان دۈشمىنى ئىدى. ئۇ ياڭزىڭشىننىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمىنى ئاز كۆرەتتى ۋە يەرلىك خەلق بىلەن چىنلىقلارنى بىرقىسىم مەدەنىي قانۇن ھوقۇقتا بەراۋەر كۆرگەنلىكىگە قاتتىق نارازى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەن ياۋنەن ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى بىرقىسىم چىنلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر مەخپىي تەشكىلات قۇردى ۋە ياڭزىڭشىننى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. پەن ياۋنەن، ياڭزىڭشىننى پۈتۈن ۋەزىرلىرى بىلەن تاشقى ئىشلار نازارىتىگە زىياپەتكە چاقىردى. ئۇلار تازا يېمەك يەۋاتقاندا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەن ياۋنەن، ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، جاڭجۇڭ يامۇننى قولغا ئېلىشقا بارغان يەردە، جاڭجۇڭ يامۇننىڭ باش كاتىبى بولغان جىن شۇرېن، يامۇندىكى ئەسكەرلەرنى قوزغاپ، پەن ياۋنەننى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۆزى جاڭجۇڭ بولدى.

7 ـ پەسىل

## جىن شۇرىننىڭ ھۆكۈمەت دەۋرى

«جىن دالۇيى» ئىسىملىك بۇ ئادەم، بۇرۇن بەزى جايلارغا ھاكىم بولغانىدى. ياڭزىڭشىن تېخى يېقىندىلا ئۇنى جاڭجۇڭ يامۇنغا كاتىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن. ياڭزىڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن زىياپەتتە ئۇمۇ بار ئىدى. ھادىسىدىن بىر سائەت بۇرۇن بىر باھانە بىلەن زىياپەتتىن چىقىپ كېتىپ، جاڭجۇڭ يامۇنغا كېلىپ تۇرغان. جىن دالوينىڭ، يەن ياۋنەن تەشكىلاتى ئىچىدە بولۇپ، سۇيىقەستتىن خەۋىرى بارلىكەنلىكىنى مەن، بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قىلغان ساياھىتىم ئەسناسىدا ئۈرۈمچىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن كۆپ ئاڭلىدىم.

يەن ياۋنەن، ياڭزىڭشىننى ئۆلتۈرۈپ، يېنىدىكى قوراللىق ئادەملىرى بىلەن جاڭجۇڭ يامۇنغا بېسىپ كىردى. يامۇننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى يەن ياۋنەننىڭ ئادەملىرىنى چېكىندۈردى. جىن شۇرىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال باشسىز قالغان مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەسكىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئالدى ۋە يەن ياۋنەننى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. بىرسائەت داۋام قىلغان توقۇنۇشتىن كېيىن، يەن ياۋنەننىڭ پۈتۈن ئادەملىرى ئۆلتۈرۈلدى. يەن ياۋنەن تىرىك قولغا چۈشتى. ئۈرۈمچىدىكى كاتتىلارنىڭ تولىسى زىياپەتتە ياڭزىڭشىن بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگەن. باشقىلىرى يامۇننىڭ سىرتىدا قالغانلىقتىن، جاڭجۇڭ يامۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ قۇماندانلىقى تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپتار بولغان جىن دالويغا قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىن دالويى ھەم قۇماندان ھەم ھۆكۈمدار بولۇۋېلىپ، يامۇندىكى پۈتۈن قورال ۋە خەزىنىنى قولىغا ئالدى. يامۇندىكى پۈتۈن ئەسكەرلەرگە كەڭ ـ كەڭرى ئىنئاملار تارقىتىپ، ئۆزىگە تەرەپتار قىلىۋالدى. ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي قىسىم جاڭجۇڭ يامۇندىكى ئەسكەرلەر ئىدى. پۈتۈن قورال ياراق ۋە خەزىنىمۇ بۇ يەردە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىن دالويى، بىر كېچە كۈندۈز ئىچىدە ئاساسى ھوقۇقنى ئىگەللىدى. ئۈرۈمچىنىڭ چىنلىقلار ئولتۇراقلاشقان قىسمى(ئىچكى شەھەر) نىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى ئەتتى ۋە ئەرتىسى شەھەر سىرتىدا قالغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، جاڭجۇڭ سايلاپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈستۈن دەرىجىلىك ئەسكىرىي مەنسەپتارلار جىن دالويدەك تۆۋەن دەرىجىلىك بىرسىنى جاڭجۇڭ سايلاشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، جىن دالوينىڭ تەرەپتارلىرى باشقىلارغا قورال تەڭلەپ، تەھدىت بىلەن ئۇنى جاڭجۇڭ سايلاتتى. بۇ ئەھۋال چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى يەنى، نەنجىڭغا مەلۇم قىلىندى ۋە جىن نىڭ جاڭجۇڭلۇقنى تەستىقلاش تەلەپ قىلىندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى تەيىن قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى«جۇشى» يەنى، «رەئىس» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ «جاڭجۇڭ» ئۇنۋانى

قالدۇرۇلدى. جىن جۇشىنى ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دۈشمەنلىرى پەس كۆرۈپ «جىنشورىن» دەپ ئاتايتتى. يېقىنلىرى ئۇنىڭغا دۇبەن (دىكتاتۇر) دەپ نام بەرگەن. بىز تۆۋەندە ئۇنى «جىن شۇرىن» دەپ ئاتايمىز.

جىن شۇرىن، ياڭزېڭشىننىڭ يولى بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇئادەم زالىملىق ۋە مۇستەبىتلىكتە ياڭزېڭشىننىڭ ئىزىدىن ماڭغان بولسىمۇ، سىياسى ۋە ئىدارىي جەھەتتە ئۇنىڭچىلىك «ئۇستىلىق» كۆرسىتەلمىدى. دوستلىرىمۇ جىن شۇرىننىڭ لاياقەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇ.

جىن شۇرىننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ياڭزېڭشىن بىلەن ئوخشاش بولدى. ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي مەنسەپدارلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى ئۇنۋانلىرىنى قالدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن: ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى «جاڭجۇڭ» (ئۇمۇمىي ۋالىي) «جۇشى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش دوتەي، «شىن جىنجاڭ»، ھەربىي قۇماندانلارنىڭ «تىتەي» دېگەن ئۇنۋانى «سىجاڭ»، «شتەي» دېگىنى«لۇجاڭ» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

جىن شۇرىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كۈندىن باشلاپ، بىرىنچى قىلغان ئىشى، ئۆزىگە بايلىق توپلاش بولدى. بۇ ئىشتا ياڭزېڭشىننىڭ يولىدىن ماڭغاندىن باشقا تاشقى تىجارەتكە «تۇڭشۇي» دەپ يەنە بىر باج قويدى. ئادەتتىكى 18% -20% بولغان باجنى 28% - 30% غا چىقاردى. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەرخىل ئىسىملار بىلەن باج ۋە ئالۋاڭ - سېلىق ئالدى. خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشنى يىغىۋالدى. دەسلەپتە پۇلغا سېتىۋالغان بولسىمۇ كېيىنچە مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن بولىۋالدى. ھەتتا، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ زورلاپ تارتىۋالغانلىقى مەلۇم.

جىن شۇرىن زامانىسىدا چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. دېكتاتور جاڭجېشى، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇپۇزىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن. زامانىۋى ئىلىملەردە تەربىيە كۆرگەن بىرقىسىم ياش چىنلىقلارنى ھەرخىل ئۇنۋانلار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكىلى باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ ياشلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەركەزگە باغلاش ئىدى. جىن شۇرىن. گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە بېرىپ. خەلققە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن. ئۆزۈنغا قالماي جىن شۇرىن بۇ ياشلارنى ۋىلايەتلەردىن ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشتۇرمىدى. چۈنكى. خەلق بۇ ياشلارنى ياقتۇرمىغانىدى. بۇ جىن شۇرىن ئۈچۈن، ياخشى بىر باھانە بولۇپ بەردى. جاڭ جېشىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. بۇندىن كېيىن نېمە بولار؟ دەپ ھەركىم ئەندىشە قىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە، قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغۇلۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى يول ئېتىلىپ، بېرىش - كېلىش تۇختىدى. بۇسەۋەپ بىلەن جاڭجېشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيىتى توختاپ قالدى.

تۆتىنچى باب

# شەرقىي تۈركستاندا
# تۆتىنچى قېتىملىق
# ئومۇمىي ئىنقىلاب

بىرىنچى بۆلۈم

## شەرقىي تۈركىستاندا (تۆتىنچى) ئومۇمىي ئىنقىلاب

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ، مىلادى 1931 ـ يىلىدىن باشلاپ، هازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان مىللىي ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ناهايىتى مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىنقىلاب، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېڭىدىن ئويغۇنۇش ۋە سائادەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىتاپتا مەزكۇر ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى بايان قىلىش، بۇ كىتابىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. لېكىن، بۇ كىتابنى مەن يازغانلىقىم ئۈچۈن. بۇ ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى يېزىشىمدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر مېنى تۆسدى: [110]

(1) مەن بۇ ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن. باشقا بىر تەرەپسىز كىشى تەرىپىدىن يېزىلسا تېخىمۇ ئۇيغۇن بولاتتى. ئىنقىلاب جەريانىدا ئۆزۈمدىن ئۆتكەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىمنى ئىقرار قىلىش، مەسلەكداشلىرىم بولغان باشقا زاتلارنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرماي يېزىش تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى. بۇ ئىشنىڭ ماڭا قولاي بولمايدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، ئۆز خاتالىقلىرىمنى تەكرار سۆزلەش، ۋىجدان ئازابىمنى ئاشۇرىدۇ، مەسلەكداشلىرىمنىڭ خاتالىقلىرىنى يازسام، ئۇلار مەندىن ئاغرىنىپ قالىدۇ.

(2) مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى شەك ـ شۈبھىسىز بىلىمەن. ئەمما،كۆرمىگەن ۋەقەلەرنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان خەۋەر ۋە ماتېرىياللارغا قاراپ يېزىشىم كېرەك. بۇنىڭدا كاملىك ياكى زىيادىلىك ھەتتا خاتالىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

(3) ئىنقىلاب جەريانىدىكى كۆرەشلىرىمىزدە خەلقىمىزنىڭ بۇ يولدا تۆكۈلگەن قانلىرىنىڭ. كۆتكەن ياخشى ئاقىبەت ۋە سائادەت بىلەن نەتىجىلەنمەي. ئەكسىنچە. بۈگۈنكىدەك پالاكەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقى كۆزئالدىمدا تۇرغانلىقتىن، قولۇم تىترەيدۇ.

(4) شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىدى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھازىر بىرقاراڭغۇلۇق دەۋرىدە تۇرماقتا. ئاقىۋەتتە يورۇقلۇققا چىقىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلابىمىز نەتىجىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن. پۈتۈن بۇ ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاياق ئالاھىدە بىركىتاب قىلىپ، يېزىپ چىقىشنى خالايتتىم.

مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەرتۈپەيلىدىن كىتابىمنى جىن شۇرىنىنىڭ ھۆكۈمەت دەۋرىدىكى ۋەقەلەر بىلەن

110) مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىنى، قولياز مىسىدا 614ـ بەتتە(1987 ـ يىل نەشرى 526 ـ بەتتە) ئاخىرلاشتۇرغان.كېيىنچە، بۇ بۆلۈمنى كىرىش سۆز شەكلىدە يېزىپ، بۇ بابقا ئىلاۋە قىلغان (ن. ش. ھ. ).

ئاياغلاشتۇرغانىدىم. لېكىن، بۇ كىتابىم تاماملانغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى «شەرقي تۈركستان مىللىي بىرلىك جەمئىيىتى» نىڭ ئەزالىرى، خەت يېزىپ، مەزكۇر ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنىمۇ بۇ كىتابقا يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. مېنىڭ يۇقىرىدا كۆرسەتكەن يازماسلىق ھەققىدىكى سەۋەپلىرىمگە قارىتا تۆۋەندىكىچە ماقۇل كېلىدىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(ئا) سەككىز يىلدىن بېرى بۇ ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى ھېچكىم يازمىدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولارنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ يازىدىغان كىشى يوق. سىزدەك بىلىپ، يازىدىغان كىشىمۇ يوق. ئەگەر، سىز يازمىسىڭىز بۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

(ب) بىر تارىخچىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ھېچقانداق بىر سەۋەپ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

(پ) ئىنقىلاب تۈگىمىدى. لېكىن، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىرىمىز ناھايىتى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر بولۇپ، كېلەچەكىمىز ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىق تەجرىبە دەسمايىمىز ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر ۋەقەلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېگانە تارىخى بولغان بۇ كىتابىڭىزغا يېزىش سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر.

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىمنىڭ يازغان خېتى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرى توغرا ۋە مەن بۇنىڭغا ياق دېيەلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم مۇمكىن قەدەر بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، كۆرگەن ۋەقەلەرنى، ئاڭلىغان ياكى ۋەسىقىلەردە كۆرگەن خەۋەر ۋە مەلۇماتلارنىڭ ئۆز نەزىرىمدە توغرا ۋە راستلىقى ئىسپاتلانغانلىرىنى خولاسە قىلىپ، يېزىپ چىقىشنى ماقۇل كۆردۈم. ئىنقىلاب مەزگىلىدە مەسلەكداشلىرىمنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەت ۋە پىداكارلىقلىرىنى تولۇق ۋە سەمىمىيەت بىلەن يېزىشقا تىرىشىمەن. ئۆزەمدىن ۋە مەسلەكداشلىرىمدىن ئۆتكەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويىمەن. چۈنكى، بۇنداق قىلمىسام تارىخنىڭ ئەسلى مەقسىدى بولغان ئىبرەت غايىسى يوقىلىدۇ ۋە تارىخچىلىق پەرزىنى ئادا قىلمىغان بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن. مۆھتەرەم مەسلەكداشلىرىمنىڭ مەندىن رەنجىمەسلىكلىرىنى ۋە مېنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە، مەندىن باشقا مۇجاھىدلارنىڭ ۋەقەلىرىنى كۆزۈم بىلەن كۆرمەي، ئاڭلىغان خەۋەر ۋە ۋەسىقىلەرگە ئاساسلىنىپ، يازغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى يەرلەردە ئاز - كۆپ خاتالىقلار بولۇشى ۋە ۋەقەلىك تەپسىلى يېزىلماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى مۇجاھىدلاردىن، دوستلىرىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز ۋەقەلىرىنى تولۇق يېزىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا ۋاقىتلىرى يەتمىدى. بۇ سەۋەپلەر بىلەن مەجبۇرەن ئالدىمغا كېلىپ قالغان بۇ يېتەرسىزلىكلىرىم ئۈچۈن، مۆھتەرەم مەسلەكداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن. خاتا جايلىرى بولسا ماڭا مەلۇم قىلىپ، توغرىسىنى بىلدۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنشائاللاھ ئىككىنچى نەشرىدە بۇ كەمچىلىكلەر تولۇقلىنىپ كېتەر.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (ئىمزا)

مىلادى 1940 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

## ئىنقىلابنىڭ سەۋەبلىرى

ئىنقىلاب سەۋەبىنىڭ ھەقسىز ئىستىلائىكەنلىكىنى ھەركىم بىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېيىنكى ئۇمۇمىي ئىنقىلابىدا بۇلاردىن باشقا، يەنە، بىرقىسىم يان سەۋەپلەرمۇ بار ئىدى. ئاساسەن ھەقسىزتاجاۋۇزچىلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ سەۋەبلەرنى تەپسىلىرەك سۆزلەپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى باردەپ قارايمەن. بۇ سەۋەپلەرنى شۇ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، بىرقاراش بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغان سەۋەپ. ئىككىنچىسى، چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە مەلۇم بولىدىغان سەۋەپ.

بىرىنچى سەۋەپ ؛ جىن شۇرېننىڭ زالىملىقى ئىدى. جىن شورېن، مۇتەئەسسىپ تۈرك دۈشمىنى، لاياقەتسىز ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى يوق بىرئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇن بەلگىلەنگەن تۈركلەر ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىجتىمائىي قانۇنلاردىكى بەراۋەرلىك ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. دوتەي، ئامبان ۋە ھەتتا تىجارەتچى ۋە جازانىخور چىنلىقلار تۈركلەرگە قولىدىن كېلىشىچە زۇلۇم سالغىلى تۇردى. خەلقنىڭ شىكايەت ۋە ئەرز ـ داتلىرىغا جىن شۇرېن ھېچ قولاق سالمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىن مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن چىنلىق ياشلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىدىغان پىلاننى، يەنى، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سۇنجۇڭشەننىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى. بۇلار دىن بەزىلىرى كوممۇنىستلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى روسلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش پائالىيەتلىرىدە بولغانلىقلىرى مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇلارنىڭ ھەرئىككىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن، خەتەرلىك ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلمىغان كىشىلەر، ئىنقىلابنىڭ سەۋەبىنى يالغۇز بۇ ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇملار دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى سەۋەپ: ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرراق تەتقىق قىلغاندا، 56 يىللىق ئاسارەت دەۋرىدە خەلق چىن تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى، چىنلىقلارغا ۋە چىن ئەمەلدارلىرىغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى. ئۇلارنىڭ خورلاشلىرىدىن قۇتۇلۇشنى تىلىدى. لېكىن، تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغانىدى:

1 ـ ئالدىنقى ئىنقىلابلاردا تۆكۈلگەن قانلار ۋە ياقۇپ بەگنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدەك پالاكەتنىڭ تەكرار يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇش خەلق ئىچىدە ئۇمۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇد ئىدى.

2 ـ چىن تەرەپتارى بەگلەر ۋە شەخسى مەنپەئەتلىرىنى دەپ، تىنچلىقنى تەسەببۇس قىلىدىغان قالاقلارنىڭ جەمئىيەتتىكى نۇپۇزى خېلى كۈچلۈك ئىدى.

3 ـ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق ئارىسىدا مۇستەھكەم بىرسىياسى ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ئىمكانى يوقتى.

4 ـ چىن ھۆكۈمىتى داۋاملىق قوراللىق پوپۇزا قىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قورقۇتۇپ تۇراتتى. خەلق قورالسىز ئىدى. مانا، بۇ سەۋەپلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىن ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلاتتى.

لېكىن، كېيىنچە، بولۇپمۇ چىندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى جاڭجۇڭ ۋە چىنلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇيەرنى ئېغىزدا مەركەزگە تەۋە دېسىمۇ، ئەمىلىيەتتە چىن ھۆكۈمىتىنىڭ نۇپۇزىدىن تاشقىرى مۇستەقىل بىر ئىدارىي تەشكىلگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئاستا ـ ئاستا خەلققە مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق، يۇرتىنىڭ پەقەت بۇ كىشىلەرنىڭ قولىغا قالغانلىقىنى چۈشەندى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئۇ «ھەيۋەتلىك» چىن دۆلىتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئازسانلىق بىرئۇچۇم چىنلىق كۆچمەنگە مەھكۇم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنسېرى قاتتىق ۋىجدان ئازابى ۋە خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاچكۆز مۇستەبىتلەرنى باشلىرىدىن چۆرۈپ تاشلاشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئەپسۇسكى، يەنە ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتتىكى نۇپۇزلۇق «كاتتا» لەرنىڭ غەپلەتتە قېلىشى، كونىلىقنى ئىسلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تەجرىبىسىزلىكى بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى جاڭجۇڭ ۋە چىنلىق ئەمەلدارلار بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ، بىرقىسىم مەنپەئەتپەرەست « يۇرت كاتتىلىرى» نى يوقىلاڭ بەزى ئىشلار بىلەن خوش قىلىپ، ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان. شۇڭا، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمرانلار بۇ ئىنساپسىز ئىشغالىيىتىنى قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇش خام خىيالىنى قىلماقتا ئىدى. لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خەتەرلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتقانلارنىڭ سانى يوشۇرۇنچە كۆپىيىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ تولاراقى، بىرئۇچۇم چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى مەسىلىسىنى، توغرىدىن ـ توغرا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئارىسىداھەل قىلىش لازىم دېگەن كۆز قارىشتا بىرگە كەلگەنىدى. ئەمما، بۇكۆز قاراشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ زىيالىلارنىڭ بىر تەشكىلات ئىچىدە بىرلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىن تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ۋاقىتلاردا رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق بۇنىڭدىن ئۈمىتسىزلەنمىدى ۋە مەزكۇر كۆزقاراشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يوشۇرۇنچە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىقلارنىڭ قانچىلىك بىركۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنقلاش.

ـ خوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىمىزنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكىرىي مۇداخىلە قىلىش ۋەقىلماسلىقىنى ئېنىقلاش.
ـ خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەدقىق قىلىپ، ئىنقىلابقا نىسبەتەن ھازىرلىقىنى كۆزىتىش ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشتە ۋەزىپە ئالىدىغان قابىلىيەتلىك ۋە جەسۇر كىشىلەرنى تېپىپ چىقىش.
ـ ھەرقايسى جايلاردا ئىنقىلابى تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئىنقىلاب مەركىزىنىڭ قايسى جايدا بولۇشى مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش.

يوقىرىقى پائالىيەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە ھەتتا ھەممىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي سۈرەتتە پائالىيەتكە كىرىشكەن كىشىلەردىن بىرقانچىسىنى بىلىمەن. ئەمما، بۇكىتابتا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى زىكىر قىلىشنى ئۇيغۇن كۆرمىدىم. خەلق، بۇ پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئىنقىلاپ قوزغالدى. يەنى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە بىر تەشكىلات مەيدانغا چىقماستىن بۇرۇن ئىنقىلاب باشلاندى ۋە ئىنتىزام بىكىتىلمەي تىزلا كېڭەيدى. قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئومۇملىشىپ، ئەھلى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە يەرلەشكەن بۇ ئىنقىلابقا ئومۇمىي خەلق دەرھال قېتىلدى. ئۇكۈنگىچە، تاجاۋۇزچىلارنىڭ داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىلەرچە قىرغىنچىلىقى ۋە زۇلۇملىرىغا قارىماستىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈمىد بىلەن ئازاتلىق ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتتى. بۇلار توغرا كۆزقاراش، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

1 ـ پەسىل

## قۇمۇل ئىنقىلابى

شەرقىي تۈركىستاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ۋە ئىستىبدات بىلەن 17 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياڭزىڭشىن، 1928 ـ يىلى پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرىن ئىش بېشىغا چىقتى. جىن شۇرىنمۇ ياڭغا ئوخشاش جاھىللىق بىلەن مۇستەبىتلىك سياستىنى يۈرگۈزدى. قۇمۇل ئىنقىلابى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب بولۇپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرىنچى خىل سەۋەپلەرگە ئۇيغۇن مىللىي ئىنقىلاپ شەكلىنى ئالغان.

قۇمۇل يۇرتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان بىر ۋىلايەت. ئاراتۈرك، ئازغان بۇلاق، بارىكۆل، تاراتۇ، تاشبالىق، تۇزكۆل، خوتۇنتام، قوراي، شوپۇل، نوم، نېرىن كىر ۋە قۇمۇل شەھەرلىرى بولۇپ ئون ئىككى جىلغىدىن ئىبارەت. مانجۇ دەۋرىنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ، جىن شۇرىن زامانىسىغىچە «ۋاڭ» لار ۋاستىسى بىلەن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن قۇمۇل خەلقى زۇلۇم ۋە ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىققا ۋە خورلىنىشقا قارشى مىلادى 1911ـ يىلى تۆمۈر خەلپەت

رەھبەرلىكىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان. تاجاۋۇزچىلار بۇئىسيانىنى ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، قانلىق باستۇرغان. 1928- يىلى ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە قۇمۇل ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈنۈپ چىنلىقلاردىن ھاكىم تەيىنلەپ، بىۋاستە ئىدارە قىلىندى. جىن شۇرېن شۇ يىلى گەنسۇدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئۆيسىز قالغان نۇرغۇن چىنلىقنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنى يەرلىك خەلقتىن تارتىۋالغان ئۆي - جايلارغا يەرلەشتۈردى. قۇمۇل خەلقىگە ئۈستىلەپ ئالۋاڭ قويۇپ، چىنلىقلارنى باقتى. چىنلىق ھاكىملارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىن ئاشتى. ھەتتا، ئىپپەت - نومۇسقا تاجاۋۇز قىلىشتىن تارتىنمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش زۇلۇم ۋە ئاستىملاتسىيە ۋەقەلىرى ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىدى. ھىجرى 1350- يىلى (مىلادى 1931 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شوپۇل جىلغىسىنىڭ بېگى سالى دورغا، يېنىغا 40 - 50 قوراللىق ئادەم توپلاپ، بىر كېچىدە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، يامۇنغا ھۆجۇم قىلدى. ھاكىم ۋە بىرقانچە چىنلىق ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ بەزىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئولجا ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سالى دورغىغا قېتىلدى. نەتىجىدە، سالى دورغا خېلى كۆپ كۈچ توپلىدى. بۇ ئىسيان بىر مىللىي ئىنقىلابقا ئايلاندى. (23 - خەرىتىگە قاراڭ) جىن شۇرېن بۇ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل تاغلىرىغا ئەسكەر يوللىدى. قۇمۇل تاغلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن تەبىئىي بىر ئىستىھكام ئىدى. ئىنقىلابچىلار ئىچىدىكى مەرگەن ئوۋچىلار ئۇزاقتىن نىشانلاپ ئېتىپ، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىگە ئېغىر زەربە بەردى. چىن ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلۈپ، قالغانلىرى پاراكەندە بولۇپ قۇمۇلغا قاچتى. ئىنقىلابچىلار، بۇ غالىبىيەتلىرى بىلەن جاسارەتلىنىپ، قۇمۇلنىڭ پۈتۈن جىلغىلىرىنى ۋە قۇمۇل شەھەر ئەتراپىنى قولغا ئالدى. جىن شۇرېن، بۇخەۋەر تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا يېتىپ بارماستىن بۇرۇن بۇ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن زور قوشۇن يوللىدى. بۇ قوشۇن، ھەم قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرىغا ھەم بارىكۆل تەرەپتىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇم نەتىجىسىدە، سالى دورغا بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن چېكىندى. سالى دورغىغا كېيىنچە كېلىپ قوشۇلغان يەنە بىرجىلغىنىڭ بېگى خوجىنىياز ھاجى، دۈشمەن ئۈستۈنلۈك قازانسا، خەلقنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى سەزدى ۋە غەيرەت قىلىپ، دەرھال پۈتۈن ئوۋچىلارنى توپلاپ، قايتارما ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى چېكىندۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۈشمەنگە يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتەك پارتىزانلىق تاكتىكا بىلەن چىن ئەسكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ قاچۇردى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى، قۇمۇل تاغلىرىنىڭ پۈتۈن جىلغا ئېغىزلىرىنى توساپ مەرگەن ئوۋچىلارنى يەرلەشتۈرۈپ مۇستەھكەم مۇداپىئە بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۆزى بۇ تاغلىق رايۇننىڭ سىرتىغا چىقمىدى. ئىنقىلاب رەھبەرلىكى خوجىنىيازھاجىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىنقىلابنى ياخشى بىر شەكىلدە ئىدارە قىلدى. جىن شۇرېن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەسكەر چىقىرىپ، داۋاملىق تاغدىكى

ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. لېكىن، ھەرقېتىمدا جىن ئەسكەرلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قۇمۇلنىڭ تۈزلەڭ جايلىرى جىن شۇرىننىڭ قولىدا بولۇپ، بۇيەرلەردە تەخمىنەن 20000 ئەسكىرى بار ئىدى . قۇمۇلنىڭ ئەڭ مۇنبەت قىسمى بولغان تاغلىق رايۇننىڭ ھەممىسى خوجىنىياز ھاجىغا تەۋە بولدى. بۇ ۋەزىيەت ئۇن ئاي داۋام قىلدى.

بۇ ئارىدا، سۇجۇ ۋە دۇڭخۇاڭنىڭ ھۆكۈمدارى ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) نىڭ قول ئاستىدىكى بەزى تۇڭگانلار، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا كېلىپ خىزمەت قىلغىلى باشلىغان. خوجىنىيازھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۆز ئارا خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمۇ ئورناتقان. ماجۇڭيىڭ، بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن بىرمىقدار ئولجا ۋە قورال ـ ياراق قولغا كەلتۈرۈش نىيىتى بىلەن تۆت مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ماجۇڭيىڭنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى ئۇنىڭغا قوشۇلماي ئېستىھكاملىرىدىن چىقماي تۇردى. خوجىنىيازھاجىنىڭ تۇتقان بۇ يولى ناھايىتى پايدىلىق بىر يول ئىدى. چۈنكى، تۇڭگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چىقىشتىكى مەقسىدى خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بولماستىن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن جىن شۇرىن بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ، بىرقىسىم قورال ـ ياراق ئولجا ئېلىۋېلىش ۋە يۇرتنىڭ بەزى جايلىرىدا بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، باي بولۇۋېلىپ قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ماجۇڭيىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىۋېتىپ، يولدا مەشھۇر ساياھەتچى شۋېتسارىيەلىك سۋېن ھېدىن ۋە ھەمرالىرىنى شۇ چاغدا بۇلىغانىدى.

ماجۇڭيىڭ، خوجىنىيازھاجى ۋە قۇمۇلدىكى تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن جىن شۇرىننىڭ قۇمۇلدىكى ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سېپىل ئىچىگە مۇھاسىرىگە ئالدى. قۇمۇلنىڭ 114 مىل غەربىگىچە ئىلگىرىلەپ كىرىپ، بۇجايلاردىكى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. جىن شۇرىننىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجىغا ئالغان قوراللارنى ۋە خەلقتىن بۇلىغان ماللارنى 4 ـ 5 يۈز تۆگىگە يۈكلەپ، سۇجۇغا قايتتى. ماجۇڭيىڭ بۇ غەنىمەتلەردىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھېچ نەرسە بەرمىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ بولاڭچىلىقى، بىگۇنا خەلقنى بولاپ ـ تالاپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئوخشاش قىلمىشلىرىدىن غەزەبلەنگەن خوجىنىيازھاجى ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلىقنى ئۈزدى ۋە ئىككىنچى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماسلىققا قارار قىلىپ، تاغلىق رايۇننى ئوبدان مۇداپىئە قىلىپ،كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.جىن شۇرىن، ماجۇڭيىڭنىڭ قايتىپ كېتىشىنى خوجىنىيازھاجىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت دەپ بىلىپ، شېڭ ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇلغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. شېڭ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، خوجىنىيازھاجىنىڭ مەركىزى بولغان جىلغىغا بارىكۆل تەرىپىدىن كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

نەتىجىدە، خوجىنىيازھاجى مەغلۇپ بولۇپ، مەركىزى بازىسىنى تاشلاپ، پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ،

شەرقتىكى قارلىق تاغلارغا چېكىندى. شىڭ، قۇمۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى. قىشتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇشتۇمتۇت باسقۇن قىلىپ، شىڭنى كۆپ چىقىمغا ئۇچراتتى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا لازىماتلىكلىرىنى ئۇلجا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چېكىنىپ چىقتى ۋە خوجىنىيازھاجى ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى. ھىجرى 1350- يىلى رامىزان ئايىدا(مىلادى 1931 - يىلى 12 - ئايدا)، بارىكۆل تاغلىرىدىكى قازاقلار بارىمۇللا ئىسىملىك بېگىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب قوزغاپ، پۈتۈن بارىكۆلنى قولغا چۈشۈردى. ئەتراپتىكى چىنلىقلارنى يوقىتىپ، ئۆي ۋاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ماللىرىنى ئۇلجا ئالدى. جىن شۇرېن بارىكۆلگە زور بىر قوشۇن يوللاپ، بارىمۇللىنى مەغلۇپ قىلدى. بارىكۆلدىكى چىنلىقلارنىڭ زىيىنىنى جىن شۇرېن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن زورلۇق بىلەن پۇل يىغىپ تۆلەتتى. كېيىنچە، جىن شۇرېن بىر ھىيلە ئىشلىتىپ بارىمۇللىنى تۇتتۇۋالغان بولسىمۇ، قازاقلار تاغدا ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى.

شىڭ قۇمۇل تاغلىرىدىن مەغلۇب بولۇپ، قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما، قۇمۇل شەھىرى ئىچىدە ۋە بارىكۆلدە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى پات - پات چىقىپ، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورال - ياراق ۋە ئۇزۇق - تۈلۈك ئۇلجا ئېلىپ تۇردى. 1932 - يىلىدىن باشلاپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھەربىي ۋەزىيەتى كۈچلىنىپ، پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتى ئۇنىڭ نوپۇزى ئاستىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننى قاتتىق قورقۇ باستى. يەنە بىرتەرەپتىن، خوجىنىيازھاجىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت خەۋىرى مۇبالىغىلىرى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلدى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ كۆزى ئۈمىد بىلەن قۇمۇل تەرەپكە تىكىلدى.

جىن شۇرېن، بۇ ۋەزىيەتكە چارە ئىزدەپ، ئاخىرى روسلار بىلەن بىر مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق ۋاقىپ بولمىساقمۇ، جىن شۇرېن سوۋېتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېتلەرگە شەرقىي تۈركىستاندا كەگرى بىر ئىقتىسادىي ئىمتىياز بېرىشكە ۋەدە قىلغان، دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن سوۋېتلەر جىن شۇرېنغا كېرەكلىك قورال - ياراق ۋە باشقا ئەسكىرىي لاۋازىماتتىن باشقا، ئايروپىلانمۇ بەرمەكچى ھەتتا، لازىم بولسا ئەسكەر بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلەر جىن شۇرېنغا يەتتە ئايروپىلان (ئۇچقۇچىلىرى بىلەن)، قورال - ياراق ۋە ئوق - دورائەۋەتتى.

جىن شۇرېن بۇ ئايروپىلانلارنى خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ تاغلىق رايونلاردا

ئايروپىلاننىڭ رولى بولمىدى. بۇ ۋەزىيەت، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىشىغىچە داۋام قىلدى.

ئىمىن ۋاھىدى[111] ئۆزىنىڭ «ئىنقىلاب خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « شۇ ئارىدا، موغۇلىستاندىن جاڭ سىڭ دورغا دېگەن بىر كىشى بىرقىسىم ئاتلىق ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا، موغۇلىستانغا ئوخشاش سوۋېت ھىمايىسىدە بىردۆلەت قۇرۇپ، ھاجىمنىڭ رەئىس جۇمھۇر بولۇشىنى تەكلىپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇئىشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. ھاجىم بۇلار ئىشەنگىدەك بىرەر ھەرىكەتتە بولمىغان .......»

## 2 ـ پەسىل

## تۇرپان ئىنقىلابى

خوجىنىيازھاجى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قولغا كەلتۈرگەن ئۈستۈنلۈكىدىن ۋە غالىبىيىتىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى. چۈنكى، مۇداپىئە مەركەزلىرىدىن چىقىپ، ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن تېخى يېتەرلىك كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ھازىرقى تۇرۇۋاتقان يېرى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ كۈچ توپلاپ، يېڭىلمەس بىر كۈچ بىلەن يۈرۈش قىلىشنى ئۇيغۇن دەپ ھېساپلايتتى. ھەقىقەتەنمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇ پىكرى بەك توغرا بىر پىكىر بولغانىدى.

بۇرۇن ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، ياكى كېيىنچە گەنسۇدىن چىقىپ، خوجىنىيازھاجىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ماشىمىن، ماپۇيەن ۋە ماجىسا باشچىلىقىدا ئىككى يۈزدەك تۇڭگان بار ئىدى. بۇلار بىر ئاز ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى بۇلارنى ئەسكەرلىرىگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىشكە تەيىنلەپ، خىزمەتكە سالغان. بۇ تۇڭگانلارخوجىنىيازھاجىنى ھەدەپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇخوجىنىيازھاجى بۇلارغا قولاق سالماي ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئەسلىدە، ئىنقىلابچى بولمىغان ۋە داۋاملىق بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن ئادەتلىنىپ كەلگەن بۇ تۇڭگانلار سەۋىرسىزلىنىپ، ھىجرى 1351 ـ يىلى شابان ئېيىدا(مىلادى 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئىسيان چىقاردى. خوجىنىياز ھاجى بۇلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى ۋە ئۇلارنى تاغ جىلغىلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. بۇ تۇڭگانلار قېچىپ، ئارقا يوللار بىلەن تۇرپاننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى «چىقتىم» دېگەن يەرگە كېلىپ، «خوجىنىيازھاجى پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، يېتىپ كەلدى» دەپ سۆز تارقاتتى. ماشىمىن، خوجىنىياز ھاجى نامىدىن تۇرپانغا شۇ مەزمۇندا بىرخەت يېزىپ

111 ئىمىن ۋاھىدى ـ (ئىمىن بەگ ۋاھىدى) مىسىر دىكى جامە ئەزھەردە ئوقۇغان. مەھمۇد سىجاڭنىڭ يېقىن سەپدىشى بولۇپ، ھەم ئۇنىڭغا كاتىپ بولغان. ئىمىن ۋاھىدىنىڭ لاھۇر(ھىندىستان) دا، 1938 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، يېزىپ تاماملىغان «ئىنقىلاب خاتىرىسى» نىڭ ئۆزقولىيازمىسى ھازىر م. ئى. بۇغرا ئارخىپىدا ساقلانماقتا. (ن. ش. ھ. ).

ئەۋەتتى: «ئىمىن باي، مەھمۇد باي (مۇھىتى) ۋە ئىبراھىم دۇرغاللارغا مەلۇم بولسۇنكى، بىز نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چىقتىم دېگەن جايغا كەلدۇق. سىزلارمۇ ھازىرلىق كۆرۈڭلار .....»
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان خەلقى ھاياجانلىنىپ، ھەر تەرەپتە قوزغىلىش ھازىرلىقى باشلىنىپ كەتتى. تۇرپاننىڭ شەرقىگە جايلاشقان پىچان شەھىرىنىڭ خەلقى، ئىنقىلاپ قوزغىدى. ماشىمىنلارمۇ قوشۇلۇپ، شەھەرنى ئالدى. بۇ ئەھۋالدا، قۇمۇل بىلەن پىچان ئوتتۇرىسىدىكى كۆچمەن ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەر ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەردىكى ئىنقىلابچىلار مەغلۇب بولۇپ چېكىندى. جىن شۇرىننىڭ ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى شەھەرخەلقىنى قورقۇنچ سۇرەتتە قىرغىن قىلدى ۋە بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ماشىمىنلار لۇكچۇننىڭ دىغاي دېگەن يېرىگە چېكىندى.

قۇمۇلدا ئىنقىلاب قوزغالغان كۈندىن باشلاپ، تۇرپاننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىن ھەمدۇللا ئەلەم، مەقسۇد مۇھىتى، مۇسىل مۇھىتى، مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئابدۇللا داموللام قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەر قۇمۇل ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىشىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئارىدا، تۇرپان ئاستانە خەلقىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاستانىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. مەقسۇد باي (مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاكىسى) باشچىلىقىدا تۇرپان مۇنەۋۋەرلىرى «خوجىنىياز ھاجىمنى باشلاپ كېلىمىز» دەپ، ئاستانىدىن لۈكچۈنگە كېلىدۇ. كەلگەنلەرنىڭ ئازساندىكى تۇڭگانلار بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تېخى ئۆز مەركىزىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ۋاقىتسىز ھەرىكەت باشلىغانلىقلىرىنى ئۇقۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ماشىمىن قاتارلىق تۇڭگانلارنى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىدىن كەلگەن «ئۇلۇغ مۇجاھىد» لار دەپ، ئۇلارنى ئاستانىغا باشلاپ كېلىدۇ. شۇكۈنى تۇرپاندىن ئاستانىغا ئەۋەتىلگەن ئۈچ يۈزدەك چىن ئەسكىرى ئاستانە ۋە قاراخوجا خەلقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۈچ يۈز دانە مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا ئولجا ئېلىنىدۇ. ئەرتىسى، ئاستانە ئەتراپىدىكى لۈكچۈن، قاراخوجا، لەمجىن، مورتۇق ۋە ياڭخى قاتارلىق كەنتلەردىن ئۈچ مىڭدەك كىشى كېلىپ قوشۇلىدى.

شۇنىڭ بىلەن تۇرپان خەلقى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن چىنلىقلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلايدۇ. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، 1933ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپان ۋىلايىتىگە تەۋە پۈتۈن جايلار ئازات قىلىنىدۇ. تۇرپاندىكى تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ ماشىمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا قېتىلدى. بىر تۇڭگاننى باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا «ساۋفىي سىلىڭ» دەپ نام بەردى. تۇرپان خەلقى بۇ ئىشقا نارازى بولسىمۇ ئىختىلاپ چىقمىسۇن دەپ مەجبۇرەن ساۋفىي سىلىڭغا ئىتائەت قىلدى.

ئۈرۈمچىدىن بەي زىخۇي (قوماندانلىق شتابىنىڭ رەئىسى) باشچىلىقىدا زور بىر قوشۇن ئۇن ئىككى ماشىنىدا توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. تۇرپان ئىنقىلابچىلىرى ۋە تۇڭگانلار،

شەھەرنىڭ تېشىدا دۈشمەننى توساپ، قاتتىق زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. بەي زىخۇي قاچتى.

ئىنقىلابچىلار ئارقىسىدىن قوغلاپ، خوگولۇ جىلغىسىدا ئارقىسىدىن يېتىشىپ، قاتتىق بىرھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئون ئىككى ماشىنا بىلەن توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئوق ـ دورا نىڭ ھەممىسى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا ساۋفىي سىلىڭنى تۇرپان مۇجاھىدلىرىدىن بىرى دۈشمەن دەپ قېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ماشىمىن ساۋفىي سىلىڭ بولدى. بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە، خوگولۇ جىلغىسى ۋە داۋانچىڭ ئېغىزى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، چوڭ يول بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر كېلىش ئىمكانىيىتى يوق قىلىندى. قۇمۇلدا ئىنقىلاب داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە توقسۇن خەلقىمۇ ئىقلاب ھازىرلىقىغا كىرىشكەنىدى. توقسۇندىن توختى ئاخۇن (بەگ) باشلىق ئوز كىشى تۇرپانغا بېرىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن يولييۇرۇق سۇرايدۇ. رەھبەرلەر تۇختى بەگكە ماشىمىنىڭ ئادىمىدىن بىرنى قوشۇپ بېرىپ، توقسۇندا ئىنقىلاب قوزغاشقا ئەۋەتىدۇ. توختى بەگ ئىككى يۈزدەك مۇجاھىدى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئازات قىلىدۇ. تۇقسۇن ۋە كۆمۈشتىن قېتىلغان 5 ـ 6 يۈزدەك مۇجاھىدنى ئېلىپ توختى بەگ قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەرخەلقى ۋە شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، قاراشەھەرنى قولىغا چۈشۈرىدۇ( 23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

شۇنداق قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ، چىنلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئىنقىلابنى بېشىقتۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچى، غولجا ۋە ئالتايدىكى كۆچمەن ئاق ئورۇسلاردىن بىر قانچە مىڭ كىشنى ئەسكەرلىككە ئالدى ۋە شېڭ (يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىندى) نى زىخۇيلىق ئۇنۋانى بىلەن بۇلارغا قوماندان قىلدى. شۇ كۈنلەردە، تۇرپان، توقسۇن، كورلا ۋە قارا شەھەرنىڭ ئىقلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان جىن شۇرىن قورقۇپ كېتىپ، ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان شېڭ زىخۇينى چاقىرىتتى. ئۈرۈمچىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققان شېڭ زىخۇينىڭ ئەسكەرلىرى پىچاندا تۇيۇقسىز ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. توپ ۋە برونىڭ ماشىنلار بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭ كىشلىك بۇ دۈشمەن قوشۇنى پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ، دەھشەتلىك قىرغىن ئېلىپ باردى. ئۇندىن كېيىن، لەمجىن ۋە لۈكچۈننى دەسسەپ تۇرپانغا يېقىنلاشتى. چېكىنگەن ئىنقىلابچىلار تۇرپانغا يىغىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ئون مىڭدەك مۇجاھىد شېھىت ۋە يارىدار بولدى. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ماشىمىن تۇرپاندىكى قوراللارنى ئېلىپ، قارا شەھەر ئارقىلىق توقسۇنغا قايتىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى (مامۇت سىجاڭ) مۇ مۇسۇل ھاجىم، تاھىربەگ، باي ئەزىزى ۋە ئىمىن ھاجى دامۇللاملارنى ئېلىپ، ساق قالغان مۇجاھىدلار بىلەن قاراشەھەرگە كەلدى. ئۇ يەردىن ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇسۇل باي باشلىق بىرقىسىم مۇجاھىدلار تاغ يولى بىلەن خوجىنىيازھاجىنىڭ قېشىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن

تۇرپان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. تۇرپان خەلقى، شىڭ زىخۇينىڭ چىنلىق ۋە ۋەھشى ئاق ئۇرۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى. بولۇپمۇ پىچاندا ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال ۋە كىچىك بالا دېمەستىن ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن خەلقنى شېھىت قىلدى.

كورلا ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغان ۋە ماشىمىنىڭ قېچىپ كەتكەن خەۋىرى كورلىغا كەلدى. توختى بەگ باشلىق مۇجاھىدلار پىچانغا قايتىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەممىسى شېھىت بولىدۇ. چەرچەن، چاقىلىق ۋە لوپنۇردىنمۇ بىرەر مىڭغا يېقىن مۇجاھىد تۇرپانغا كېلىپ، ئۇۋ مىلتىقلىرى بىلەن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولىدۇ.

**خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپاننى ئالغانلىقى.**

خوجىنىياز ھاجى، قۇمۇل تاغ ئىچىدىن پات چىقماي تۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى، مۇستەھكەم بازىسى بولغان بۇ تاغ ئىچىدە تۇرۇپ، دۈشمەننى يەڭگەندەك يېتەرلىك كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، چىقىپ، مۇنتىزىم ھۇجۇملار بىلەن دۈشمەننى يوقىتىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ، ئېيتقان ئىكەن. بۇ ھەقتىكى تەپسىلى پىلانىدىن خەۋىرىم يوق.

1933- يىلى تۇرپان ۋىلايىتى جىن شۇرېننىڭ، شېڭشىسەي قوماندانلىقىدىكى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ماشىمىن ۋە ئارقىسىدىن مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار قاراشەھەرگە چېكىنگەن ۋە مەقسۇد مۇھىتى بىلەن ئىككى يۈزدەك كىشى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بېرىپ، تۇرپان پاجىئەسىنى ئاڭلىتىپ، ياردەم تەلەپ قىلغان. خوجىنىياز ھاجى، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىن ناھايىتى قايغۇرۇپ، بۇلارغا ياردەم قىلماي ئولتۇرۇشقا ۋىجدانى چىدىمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز قۇۋۋەتىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە خەلقنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىدەك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇد ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ، خوتەن ۋە باشقا جايلاردا قوزغالغان مىللىي ئىنقىلابلاردىن تېخى خەۋىرى يوقتى.

خوجىنىياز ھاجى، 1933- يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قۇمۇل تېغىدىكى مەركىزىدە ئازراق بىرقىسىم ئەسكىرىنى قويۇپ، قالغان پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇربان دورغا، سالى دورغا، سوپاخۇنۇم ۋە پازىل ئاخۇنۇملار بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ۋە ھەمراھلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ، يۈرۈش قىلىپ قۇمۇلنى قولغا چۈشۈرۈپ لۈكچۈنگە كەلدى. تۇرپان خەلقى ئومۇميۈزلۈك پىدائىي بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىغا قوشۇلدى. ھەمدۇللا ئەلەمئاخۇنۇممۇ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگۈسىدىكى ھەرىكەت قىلىش پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقان.

بۇنى ئاڭلىغان شېڭشىسەي (شىڭ زىخۇي)، ئاق ئۇرۇس ئەسكەرلىرىنى لۈكچۈنگە يوللايدۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ، چالقان تاغ

دېگەن جايغا چېكىنىدۇ. ھەمدۇللا ئەلەمئاخۇنۇم، مەقسۇد مۇھىتى ۋە رەقىپ قازىم قاتارلىق تۇرپان ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك رەھبەرلىرى، بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ئۇن مىڭغا يېقىن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىدى. شېڭشىسەي، مەقسۇد مۇھىتىنىڭ كېسىلگەن بېشىنى تۇغۇلغان يېرى بولغان ئاستانە ۋە لۈكچۈندە ئېسىپ قويدى. لۈكچۈن خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى.

ئۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە سىياسى ئەنسىزلىك باشلىغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، جىن شۇرېن ھېچ دەم ئالغۇزماي ئالتە ئايدىن بېرى داۋاملىق سوقۇشقا سېلىپ كېلىۋاتقان كۆچمەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ئىچىدە نارازىلىق كەيپىياتى يۈز بەردى. جىن شۇرېن بۇلارنىڭ ئىنقىلابچىلار تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالدى. ئۇ يەردە قالغان چىنلىق ئەسكەرلەر ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان ۋە لۈكچۈندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى مەھمۇد موھىتى باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار بەيياڭگودا توساپ زەربە بەرگەن. بۇئارىدا تۇرپانغا كەلگەن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇزاكىرەلەشكەندىن كېيىن،گۇچىلىڭ ۋە مۇرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، مۇرىدا توختايدۇ.

1933- يىلى 1 - ئايدا، ماشىمىن قاراشەھەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگانلاردىن بىرەرمىڭدەك كىشىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، كۈچ توپلاپ تۇرغانىدى. ماشىمىن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر تۇڭگان دۆلىتى قۇرۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ماجۇڭيىڭنى قىچقىرىپ چىقماقچى بولدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇل ھاجى (مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاكىسى) باشلىق بىر ھەيئەتنى دۇڭخۇاڭ يولى بىلەن گەنسۇغا ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ دەۋەتتىن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خەۋىرىنىڭ بار يوقلىقى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەر بار. ئەنشىگە بارغاندا بۇ ھەيئەتكە يولۋاس بەگمۇ قېتىلغانىدى. ئۇ كۈنلەردە، مابۇفاڭ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ماجۇڭيىڭ، قاچقىلى يەر ئىزدەۋاتاتتى. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەكلىپىدىن خوشال بولۇپ، ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە ئۈچ مىڭ پىيادە ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان پۈتۈن قوشۇننى ئېلىپ، 1933- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدا گەنسۇدىن يەنە بىرقېتىم شەرقىي تۈركىستانغا چىقىدۇ. قۇمۇلدا چىن ئەسكەرلىرى ئازقالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ قۇمۇلنى ئۇڭايلا ئېلىپ، گۇچىڭغا قاراپ ماڭدى. بۇ ۋەزىيەتتە خوجىنىياز ھاجى، ئارقىسىغا يېنىپ، ماجۇڭيىڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، قۇمۇلغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدا بىرجايدا ئۇچرىشىپ، مۇزاكىرىلىشىپ كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىدىن خەۋىرىمىز يوق. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەرەپتارلىرىدىن ئالغان مەلۇماتىمىزغا قارىغاندا بۇ كېلىشىم بويىچە، ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىغا، جىن شۇرېندىن شەرقىي تۈركىستاننى تارتىۋېلىشقا ياردەم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن قورال - ياراق ۋە باشقا ئولجىلارنى

ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ تەقسىم قىلىنىۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، ماجۇڭيىڭنىڭ كۆرسەتكەن پىلانى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئەمما، ھېچبىرى يەنە بىرسىگە تەۋە بولمايدۇ. لېكىن تۇڭگانلار، «خوجىنىياز ھاجى تۇڭگانلارغا شەرتسىز بويسۇنغاندى» دەپ داۋا قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كۈچ بىرلەشتى ۋە جىن شۇرېننىڭ كۈچى كۆپرەك جايلاشقان گۇچىڭ ۋە جىمسارغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. ۋەقەنى كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گۇچىڭنى تۇڭگانلار ۋە جىمسارنى تۈركلەر ئالماقچى بولغانىكەن. ماجۇڭيىڭ، گۇچىڭنى ئون ئىككى كۈن ئۇرۇشۇپ قولغا چۈشۈردى. بۇ شەھەردە تەخمىنەن يىگىرمە مىڭغا يېقىن چىن ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا غەنىمەت ئېلىنغان قورال - ياراق ۋە ئوق دورىنىڭ ھەممىسىنى ماجۇڭيىڭ ئېلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكىرىنىڭ تولىسىدا مىلتىق يوقتى. خوجىنىياز ھاجى، قورال تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ماجۇڭيىڭ بەرمىدى. خوجىنىياز ھاجى. جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ. بىرقانچە كۈن سېپىلنى مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىرى. چىنلىقلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئۇرۇش توختىدى. خوجىنىياز ھاجى ئەرتىسى قوراللارنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان بولۇپ. ماجۇڭيىڭغا خەۋەر قىلىپ. ئۆزى كېچىنى ئۇيكۇرۇش ئۈچۈن، سېپىلدىن ئۇزاقراق يەرگە كېلىپ ياتقان. كېچىسى، ماجۇڭيىڭ. سېپىل ئىچىدىكىلەر بىلەن خەۋەرلىشىپ، بىرقانچە ماشىنا ئەسكەرنى جىمسارغا ئېلىپ كەلدى. كېچىسى سېپىلدىكى بىرمىڭ سەككىزيۈز مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق - دورىنى تاپشۇرۇۋېلىپ. خوجىنىياز ھاجىغا تۇيغۇزماستىن گۇچىڭغا ئېلىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى ۋە ھەمراھلىرى قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. ئەمما. [illegible] يوقتى.

ماجۇڭيىڭ، شەرقىي تۈركىستانغا چىققان [illegible] ئاغدۇرۇلۇپ. ئورنىغا 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شېڭشىسەي دوبەن [illegible] ۋالىي) بولغان. بۇ ۋەقەلەرنى «ئۈرۈمچى ھادىسىلىرى» دېگەن [illegible] قىسىمدا. ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىدە مۇھىم ئورۇندىكى گۇچىڭ ۋە جىمسا[illegible] ئېلىنغاندىن كېيىن. ئەندى. دەرھال ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندى.

ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانى بويىچە. خوجىنىياز ھاجىنى ئالدىدا ئۈرۈمچىگە ماڭغۇزۇپ. ئۆزى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس. قۇتۇبى. سانجى ۋە شىخو شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ. ئۇيەردىكى قورال ۋە ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى ئولجىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى ئىدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن خوجىنىياز ھاجىنى، ئۈرۈمچىدىن يىگىرمە مىل شەرقىي شىمالدىكى فۇكاڭ ناھىيىسىنى ئېلىپ. ئۇيەردىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى، بۇنىڭغا ماقۇل. ئەمما. مەندە قورال يوق دەپ، يېتەرلىك مىقداردا قورال بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن. ماجۇڭيىڭ مىلتىق بەرمەي ئازراق ئوق - دورا بەردى. يەنە بىرتەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئارتۇق قورال - ياراق ۋە ئوق دورىنى ئوغۇرلۇقچە

گەنسۇگە ئەۋەتىۋەتمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. بۇخىيانەتكارلىق سەۋەبىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ سەۋرى تاقىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئامال يوق، ئىلاجىسىز فۇكاڭغا يۈرۈش قىلىپ ئۈيەرنى قولغا چۈشۈردى. ماجۇڭيىڭ، ماناس، شىخۇ، قۇتۇبى ۋە سانجى شەھەرلىرىنى ئۇ يەردىكى تۈرك ۋە تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا چۈشۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى غەرب ۋە شەرق تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. بۇئارىدا شېڭشىسەي، يۇقىرىقىدەك كېلىشمەسلىكتىن پايدىلىنىپ، ھېچ بولمىسا خوجىنىيازھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ، كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، ھەرخىل تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ كېيىنكى خىيانەتكارلىقىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ بەك ئاغرىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شېڭشىسەي، دەرھال خوجىنىيازھاجىغا ئەلچى يوللاپ، ئۇنىڭغا تازا ماقۇل كېلىدىغان شەرتلەر ئاساسىدا كېلىشىم تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

مانا، بۇ نوقتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچەكتىكى ھايات - ماماتلىق تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە بىرئىمتىھان نوقتىسى ئىدى! چۈنكى، شېڭشىسەينىڭ مەقسىدى، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىككى دۈشمەننى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئىدى. بۇ ئايرىلىشنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن قورقۇنىچ بىر تەھلىكىنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىنى ئەقلى بار ھەر قانداق ئادەم بىلەتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىيەتتە، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنساپسىزلىقى ۋە خىيانەتكارلىقىغا يەنە بىرمۇددەت چىداپ، قاچىدىكى ئاشتەك تەييار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈرۈمچىنىڭ ئازات بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئاندىن ئوچۇق مەيدانغا چۈشۈپ ھېساپلىششى ، ئەڭ توغرا يول ئىدى. شېڭشىسەينىڭ ھەرقانداق ئىشىنىڭ بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى ھەركىمگە مەلۇم ئىدى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇق چۈشۈنۈپ كېتەلمەي، شېڭشىسەي ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ماقول بولدى ۋەكېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ مۇھىم ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) شېڭشىسەي، خوجىنىياز ھاجىغا يىگىرمە مىڭ دانە مىلتىق، بىرقانچە مىليون ئوق ۋە بىرمىليون سەر پۇل بېرىدۇ. قورال - ياراق ۋە پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرى نەق، قالغان قىسمى ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ.

(2) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بولغــان جايلارنى نەن جاڭ (جەنۇبىي ئۆلكە) ئىسمى بىلەن خوجىنىيازھاجى، چىن ھۆكۈمىتى نامىدا ئىدارە قىلىدۇ.

(2) بۇلارغا قارشىلىق، خوجىنىياز ھاجى، شېڭشىسەي بىلەن دوست ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەن بولۇپ، لازىم كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىدۇ. شېڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۇرۇشقاندا، خوجىنىيازھاجى

شىڭشىسەيگە ياردەم قىلدۇ ياكى بىتەرەپ تۇردۇ.

خوجىنىياز ھاجى، شىڭشىسەيدىن يوقىرىقى قورال ـ ياراق ۋە پۇلنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېرىمىگە ھۆكۈمدار بولۇشنى ئۆزىگە چوڭ بىر پايدا دەپ ھېساپلاپ، كېلىشىمنى قوبۇل قىلدى ۋە 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىڭشىسەينىڭ ئەلچىلىرى بىلەن شىمىگۇدا كۆرۈشۈپ، كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. ئالدىن بېرىدىغان پۇل ۋە قورالنى تاپشۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ، تۇرپانغا قايتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ سەممىي سەپداشلىرىدىن يولۋاس بەگ باشلىق بىرقانچە كىشى ئۇنى تەنقىد قىلىپ، بۇ كېلىشىمگە قارشى چىققان بولسىمۇ خوجىنىياز ھاجى ئۆز پىكرىدىن يانماي كېلىشىمگە قول قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولۋاس بەگ بىرقانچە يۈز قۇمۇللۇق ئەسكەر بىلەن خوجىنىيازھاجىدىن ئايرىلىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشتى.

خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا كەتكەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن 3 ـ 4 يەردە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە يېڭىلىپ، بەزىدە غەلىبە قىلدى. شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەلچىلار بىلەنمۇ مۇزاكىرىلىشىپ تۇردى. شۇنداق بىر پەيىتتە ئىلىدىكى چىن قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ بەيىۋەن (بۇرۇنقى بەي زىخۇي ۋە شىڭشىسەينىڭ رەقىبى) شىڭشىسەينى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى. بۇ ئىككى ئىتتىپاقداشنىڭ ئەسكەرلىرى بىرلىكتە يۈرۈپ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ھەتتا، شەھەرنىڭ بەزى مەھەللىلىرىنىمۇ بېسىۋالدى. بۇ مۇھاسىرە بىرئايدەك داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا شىڭشىسەي، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپى كېلىشىم تۈزدى ۋە بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن شىڭشىسەيگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، سوۋېتنىڭ زامانىۋى قىسىملىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، ماجۇڭيىڭنى قورقۇنچ ھالدا مەغلۇپ قىلدى.

ماجۇڭيىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدىكى سانجى، قۇتۇبى، ماناس ۋە شىخۇ شەھەرلىرىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئوت قويۇپ گۇچىڭغا كەلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى گۇچىڭدىكى تۈركلەرنى دەھشەتلىك ھالدا قىرغىن قىلدى. پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەمدى، ماجۇڭيىڭنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، مابۇفاڭ ئۇنىڭ يۇرتىنى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماجۇڭيىڭ ئالتى شەھەرگە ئۆتۈش ئۈچۈن، 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۇچىڭدىن تۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بۇلارنى نۆۋەتتە كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.